«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى» دىكى نەشرىي ئەپكار
«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن نەشرىي ئەپكار

入选《中国期刊方阵》的刊物
荣获《新疆期刊奖》的刊物

3



2016

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

•XINJIANG CULTURE•СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА•シンキョウ ブンカ•مجلة حضارة شنجيانغ•

ISSN 1008-6498

# 新疆文化

## ئەل سۆيگەنلەر ئەتراپىمىزدا



«ھېكلىبېررى فىننىڭ سەرگۈزەشتىلىرى»، «يىگىت دېگەن شۇنداق بولسا»، «نانا»،
«غايىپتىن كەلگەن باغۋەن» قاتارلىق نادىر رومانلارنى ئۇيغۇر تىلى پاساھىتىگە
ئاغدۇرغۇچى ئەدەبىي تەرجىمان، ئالىي مۇھەررىر دىلشات سۇلتان ئەپەندى




تەھرىر ھەيئەت مۇدىرى: **مۇختار مەخسۇت** (ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى)

تەھرىرات باشلىقى، دائىمىي مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: **بەگمەت يۈسۈپ** (ئالىي مۇھەررىر)

# شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق

2016.3

(ئومۇمىي 339 - سان)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى باشقۇرىدۇ
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت تەتقىقات ئورنى چىقىرىدۇ
ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

چېنىكلىككە، پارىخورلۇققا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ئاۋامغا بەخت يارىتايلى

## بۇ ساندا


زامانىۋى مەدەنىيەت بىلەن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ دىيالوگى

مىللىي مەدەنىيەت ۋە زامانىۋى مەدەنىيەت ............ ئادىل مۇھەممەت (3)

ئەدەبىيات گۈلزارى

خاتا تونۇپ قېلىش ............... (ھېكايە) ... ئاتىكەم سىدىق ئايقۇت (12)

پىچەت ............ پەرىدە ياقۇپ نۇرى (19)

سۆي، ئەمما ئالدىما ............... (نەسرلەر) ......... بەگمەت يۇسۇپ (21)

دانا ۋە ئاگاھ بولۇڭ

بىلىمنىڭ قىممىتى ۋە ھىممىتى .................. ئابلەت ئابلىكىم (30)

تەرجىمە كۆزنىكى

«تىلماچلار چايخانىسى»دىكى پاراڭلار ... غوپۇر قادىر قاتارلىقلار تەرجىمىسى (37)

ئوبزورچىلار مۇنبىرى

شەھەر ئەدەبىياتى ھەققىدە ............... ئەلجان ئوبۇل خەنجەر (44)

ئۇيغۇر نەسر ئىجادىيىتىدىكى نەتىجىلەرگە نەزەر ............ ئەكبەر قادىر (51)

سەنئەت ئەتىقاتى

بىزگە كېرىكى يۇقىرى ساپالىق ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمەتچىلىرى ........

........ سەممىيەت ئابتجان (60)

سەنئەتتىكى پېرسوناژ ۋە خاراكتېر ............ ئابلىمىت ئىسمائىل (62)

تەپەككۇر كۆزى

تەپەككۇر مېۋىلىرى ............

......... ئابلەتجان قادىر، ئابلەت روزى، نىياز تۇراپ (مەپتۇن) (66)

مەدەنىيەت مىراسلىرىمىز

يۇسۇف خاس ھاجىب سۇبيېكتىپ مونولوگلىرىنىڭ سىمۋوللۇق ئىپادىسى —

«قۇتادغۇبىلىك» ............ غاپپار تەۋەككۇل (69)

سەمەرقەنت چۈشلىرى ............ ئابلىمىت مۇھەممەت ماڭلاي (78)


مۇقاۋىدا: گۈلخۇمار

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

(65- يىل نەشرى)


قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

تەھرىر ھەيئەتلەر

(ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابدۇقادىر جالالىددىن

ئارسلان ئابدۇللا

ئازات سۇلتان

ئادىل تۇران

بەگمەت يۇسۇپ

جاڭ خۇڭچاۋ

دىلشات پەرھات

قۇربان مامۇت

ئىمىن ئەخمىدى

بۇ ساننىڭ تەكلىپلىك مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخنىك داكتورى:

ئايگۈل ئەمەت

(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)



# مىللىي مەدەنىيەت ۋە زامانىۋى مەدەنىيەت

**ئىلاۋە**

ئاپتونوم رايونلۇق 8-نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىدا يولداش جاڭ چۈنشيەننىڭ «پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، كېيىن تەرەققىي قىلىپ ئېشىپ كېتىپ، شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىلگىرى سۈرەيلى» دېگەن نۇتقىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى «زامانىۋى مەدەنىيەت بىلەن يېتەكلەش» دېگەن بۇ تېما تەتقىقات ۋە تەشۋىقات ساھەسىدىكى جەلپكار تېمىلارنىڭ بىرىگە ئايلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇتەخەسسىسلەر بۇ تېمىنى چۆرىدىگەن ئاساستا ئون نەچچە قېتىم ئىلمىي مۇھاكىمە ۋە سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئاچتى، جەمئىيەتتىمۇ بۇ تېما ھەققىدە ھەر خىل مۇھاكىمىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. ماھىيەتتە بۇ تېما ھەققىدىكى مۇھاكىمە ۋە مۇلاھىزىلەرنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى « ‹مەدەنىيەت› بىلەن ‹زامانىۋى مەدەنىيەت› ئۇقۇمىنىڭ شەرھىسى»، «ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەت بىلەن زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ھەقتە بىر قەدەر تەپسىلىي، نەزەرىيە ۋە ئىلمىي ئاساسى كۈچلۈك تەبىر زۆرۈر بولۇپ قالدى. شۇ مۇناسىۋەتتە شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى بىلەن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى بىرلىكتە «زامانىۋى مەدەنىيەت بىلەن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ دىيالوگى» ناملىق بۇ سەھىپىنى ئېچىپ، ئاۋۋال دۆلىتىمىزدىكى نوپۇزلۇق مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆزقاراشلىرى شەرھلەنگەن بىر قىسىم ماتېرىياللارنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھوزۇرىغا سۇنىدۇ، كېيىن مۇشۇ تېمىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىر تۈركۈم مۇتەخەسسىسلەرگە مەخسۇس تېمىدىكى ماقالىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ ئېلان قىلىپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ، تونۇشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

**زامانىۋى مەدەنىيەت بىلەن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ دىيالوگى**

مەدەنىيەت — مىللەتنىڭ قېنى ۋە روھى، ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى گۈلزارى. ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش پارتىيە ۋە دۆلەت ئىزچىل يولغا قويۇپ كېلىۋاتقان مەدەنىيەت سىياسىتى، شۇنداقلا پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئېلىمىزنىڭ 5000 يىلدىن ئارتۇق مەدەنىيەت تەرەققىيات مۇساپىسىدە ھەرقايسى مىللەتلەر جاپانىمۇ، ھالاۋەتنىمۇ تەڭ كۆرۈپ، بىر - بىرىگە يار - يۆلەك بولۇپ ئۇزاق تارىختا ئىگە، مەزمۇنغا باي، رەڭدار جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى ئورتاق بەرپا قىلدى. كۆپ مەنبەدىن كېلىپ بىر گەۋدىلىشىش — جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى. شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، كۆپ خىل مەدەنىيەتنى ئۆزىگە سىغدۇرۇش، چوڭ جەھەتتە بىرلىككە كېلىپ، كىچىك جەھەتتە پەرقنى ساقلاپ قېلىش ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ، مىللەتلەر ئارا ئىنتىپاقلىق ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ ماس ھالدا تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئويناپ كەلمەكتە. يېڭى تارىخىي مەزگىلدە زامانىۋى مەدەنىيەتنى باشلامچى قىلىپ، مىللىي مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە بولغان تونۇشنى كۈچەيتىپ، مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ئەھمىيەت بېرىپ، زامانىۋى، مەدەنىي تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۇنى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئورتاق ئىلگىرى سۈرىدىغان قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم.

## بىرىنچى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت سىياسىتى

ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش پارتىيە ۋە دۆلەت ئىزچىل يولغا قويۇپ كېلىۋاتقان مەدەنىيەت سىياسىتى، شۇنداقلا پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، مىللەتلەر باراۋەرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىنتىپاقلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى.

### 1. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت سىياسىتى

1) ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىنى ئىشلىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىگە ئىگە.

تىل - يېزىق مىللەتنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكىنىڭ بىرى، شۇنداقلا مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى. جۇڭگودا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنى قوغداپ، تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىل - يېزىقىنى ئىشلىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن مىللىي تىل - يېزىققا دائىر بىر قاتار سىياسەتلەر تۈزۈلدى ۋە مىللىي تىل - يېزىق سىياسىتى قانۇن شەكلى ئارقىلىق مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ 1 - قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «ئورتاق پروگراممىسى»نىڭ 43 - ماددىسىدا ئېنىق قىلىپ «ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ تىل - يېزىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ۋە دىنىي ئېتىقادىنى ساقلاپ قېلىش ياكى ئۆزگەرتىش ئەركىنلىكىگە ئىگە» دەپ بەلگىلەندى. 1951 - يىلى دۆلەت مەمۇرىي كېڭىشى «مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى مەمۇرىي كېڭىشىنىڭ مىللەتلەر ئىشلىرىغا دائىر بىر قانچە بەلگىلىمىسى»دە «يېزىقى يوق مىللەتلەرنىڭ يېزىق ئىجاد قىلىشىغا، يېزىقى مۇكەممەل بولمىغان مىللەتلەرنىڭ يېزىقىنى تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈرۈشىگە ياردەم بېرىلىدۇ» دەپ بەلگىلەندى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى لېنىن ئوتتۇرىغا قويغان تىل باراۋەرلىكى پرىنسىپىنى ئىزچىل يولغا قويۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىغا ھۆرمەت قىلىپ كەلدى. 1954 - يىلى ئېلىمىزنىڭ تۇنجى قانۇنى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» ئېلان قىلىنىپ، ئۇنىڭدا ئېلىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىق جەھەتتىكى تۈرلۈك ھوقۇقلىرى تېخىمۇ كونكرېت بەلگىلەندى. ئالايلۇق، ئۇنىڭ 3 - ماددىسىدا: «ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆز تىل - يېزىقىنى ئىشلىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىگە ئىگە»، 71 - ماددىسىدا: «ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيەدىكى ئاپتونومىيە ئورگانلىرى خىزمەت بېجىرگەندە شۇ جايدىكى مىللەتلەر ئورتاق قوللىنىدىغان بىر ياكى بىر قانچە خىل تىل - يېزىقنى ئىشلىتىدىغان بولىدۇ» دەپ بەلگىلەندى.

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىل - يېزىقىنى ئىشلىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ھەرقايسى ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقىنى قوللىنىپلا قالماي، پارتىيە ۋە دۆلەت يەنە مىللەتلەر نەشرىياتى قۇرۇپ، نۇرغۇن ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدا كىتاب - ژۇرنال

چىقىرىشقا شارائىت ياراتتى. مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسى نۇرغۇن ئاز سانلىق مىللەت تىلىدا ئاڭلىتىش بېرىدۇ. مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلغان جايلاردىمۇ شۇ مىللەتنىڭ يېزىقىدا كىتاب - ژۇرنال، گېزىت چىقىرىدىغان، ئاڭلىتىش بېرىدىغان نەشرىيات، رادىيو ئىستانسىسى بار.

تىلى بار، ئەمما يېزىق يوق مىللەتلەرگە پارتىيە ۋە دۆلەت يېزىق ئىجاد قىلىش، مۇكەممەللەشتۈرۈش جەھەتتە ياردەم بېرىپ كېلىۋاتىدۇ. ئالايلۇق، دەيزۇ، جىڭپو، لاخۇ مىللىتىنىڭ يېزىقىنى ياخشىلاشقا، جۇاڭزۇ، بۇيى، مياۋزۇ، لىزۇ، ناشى، لىسۇ، خانى، ژازۇ، دۇڭزۇ، بەيزۇ، تۇزۇ قاتارلىق ئون نەچچە مىللەتنىڭ يېزىق ئىجاد قىلىشىغا ياردەم بېرىلدى.

شىنجاڭدا ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت تارماقلىرى ئالاقىدار سىياسەتلەرنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ھەرقايسى تارماقلار تارقاتقان ھۆججەت، ئۇقتۇرۇش، كىنىشكا، جەدۋەللەردە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە يېزىقى تەڭ قوللىنىلىۋاتىدۇ. ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيەلەرنىڭ مەمۇرىي خەت - ئالاقىلىرىدىمۇ ئاپتونومىيە يولغا قويۇلغان مىللەتنىڭ يېزىقى قوللىنىلىۋاتىدۇ. ئاممىۋى سورۇنلاردا قوللىنىلىدىغان يېزىقتىمۇ ئىككى خىل يېزىق قوللىنىشقا ئەھمىيەت بېرىلىۋاتىدۇ. قايسى مىللەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەر بىر كىشى كۈندىلىك تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش، ئەمگەك ۋە ئالاقىدە ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىنى بىمالال ئىشلىتەلەيدۇ، ئۆز مىللىتىنىڭ يېزىقىنى ئىشلىتىپ سايلامغا قاتنىشىش ياكى ئەرز - دەۋا ئىشلىرىنى بېجىرىش ئەركىنلىكىگە ئىگە. تۈرلۈك مائارىپ تەربىيەسىدە كۆپ خىل ئاز سانلىق مىللەت تىلىدىكى تەربىيەدىن بەھرىمەن بولغىلى بولىدۇ، بولۇپمۇ باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى مەزگىلىدە ھازىر ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز، شىبە، رۇستىن ئىبارەت يەتتە خىل تىلدا دەرس ئاڭلىغىلى بولىدۇ. يىلدا بىر ئېلىنىدىغان مەملىكەت بويىچە ئالىي مەكتەپكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىمتىھانىدا شىنجاڭدا ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە، موڭغۇلچىدىن ئىبارەت تۆت خىل يېزىقتىكى ئىمتىھان سوئالى ئىشلىتىلىدۇ. شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسى ئاڭلىتىش بېرىشنى باشلىغان 1 - كۈنىدىن تارتىپلا ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئاڭلىتىشنى تەڭ يولغا قويغان، كېيىن يەنە قازاقچە، موڭغۇلچە، قىرغىزچە ئاڭلىتىش قوشۇلدى. شىنجاڭدا ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز ۋە شىبەدىن ئىبارەت ئالتە مىللەت يېزىقىدا گېزىت - ژۇرنال، كىتاب ۋە دەرسلىك چىقىرىلىدۇ. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۇيغۇر (يېڭى، كونا يېزىق)، خەنزۇ، قازاق (يېڭى، كونا يېزىق)، موڭغۇل (تود موڭغۇل يېزىقى، قۇتۇم موڭغۇل يېزىقى)، شىبە، قىرغىزدىن ئىبارەت ئالتە مىللەتنىڭ توققۇز خىل يېزىقىدا كىتاب - ژۇرنال نەشر قىلىنىۋاتىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقىنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئۆلچەملەشتۈرۈش، كومپيۇتېردا بىر تەرەپ قىلىش جەھەتلەردە بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، موڭغۇلچە، ئۇيغۇرچە يېزىقنى بىر تەرەپ قىلىش يۇمشاق دېتالىنى Windows سىستېمىسىغا كىرگۈزۈش ۋە لازېر نۇرى ئارقىلىق بەت ياساش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، خەنزۇلار، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا خىزمەت قىلىدىغان خەنزۇ كادىرلار شۇ جايدا كۆپ قوللىنىلىدىغان ئاز سانلىق مىللەت تىلىنى ئۆگىنىش ۋە ئىشلىتىش ئەھۋالىمۇ خېلى ئومۇملاشتى.

2) دۆلەت ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيىتىنى قوغدايدۇ ۋە گۈللەندۈرىدۇ

ئۇزاقتىن بۇيان پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيىتىنى قوغداش، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا يەتكۈزۈش ۋە گۈللەندۈرۈشكە ئىزچىل ئاكتىپ پوزىتسىيە تۇتۇپ، بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللاندى.

بىرىنچى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى قوغداش قانۇن - نىزامغا كىرگۈزۈلدى. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قوغداش قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيىتىنى قوغداش، داۋاملاشتۇرۇشقا دائىر مۇھىم ماددىلار بار. 2010 - يىلى 2 - ئايدا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا ئاۋازغا قويۇپ ماقۇللانغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى قانۇنى»دا: دۆلەت مىللىي رايونلار، چەت - ياقا رايونلار، نامرات رايونلارنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش، ساقلاش خىزمىتىگە يار - يۆلەك بولىدۇ، دەپ ئېنىق كۆرسىتىلدى. بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر-

نىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيىتىنى قوغداش، داۋاملاشتۇرۇش، گۈللەندۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم. ئالايلۇق، شىنجاڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ «مۇقام سەنئىتى»، قىرغىزلارنىڭ تارىخىي داستانى «ماناس» بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ «ئىنسانىيەت غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلەر تىزىملىكى»گە كىرگۈزۈلدى. ئۇنىڭدىن باشقا شىنجاڭنىڭ 70 «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى» تۈرى دۆلەت دەرىجىلىك تىزىملىككە كىرگۈزۈلۈپ، يەنىمۇ قۇتقۇزۇلۇش، قوغدىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى.

ئىككىنچى، ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى قوغدالدى، گۈللەندۈرۈلدى. دۆلەت ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا نۇرغۇن مەدەنىيەت سارىيى، كۇتۇپخانا، مۇزېي سالدى، يەنە نۇرغۇن مەبلەغ ئاجرىتىپ، مىللىي رايونلارنىڭ رادىيو، تېلېۋىزىيە ئىشلىرىنى كۈچەيتىشكە مەدەت بەردى. ھازىر توك بارلىكى جايدا تېلېۋىزور كۆرگىلى، رادىيو ئاڭلىغىلى بولىدۇ. 2001 ـ يىلىدىن 2010 ـ يىلغىچە ئېلىمىزدە ئېلىپ بېرىلغان «10 مىڭ چاقىرىملىق چېگرا رايون مەدەنىيەت كارىدورى» قۇرۇلۇشىمۇ مىللىي رايونلارنىڭ مەدەنىيىتىنى قوغداش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى.

ئۈچىنچى، ئاز سانلىق مىللەت مەدەنىيەت ئىختىساس ئىگىلىرى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈلۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيىتىنى قوغداش، گۈللەندۈرۈش ئىختىساس ئىگىلىرى جەھەتتىن كاپالەتلەندۈرۈلدى. مىللىي ئالىي مەكتەپلەر ۋە مىللىي ئاپتونومىيەلىك جايلارنىڭ ھەممىسىدە مەخسۇس ئاز سانلىق مىللەت مەدەنىيەت ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرىدىغان ئورۇن بار. مەركەز ۋە مىللىي ئاپتونومىيەلىك جايلاردا ئاز سانلىق مىللەت كەسپىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت قوشۇنى بار، بېيجىڭنى ئالساق، ئۇ يەردە مەركىزىي مىللەتلەر ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىدىن ئىبارەت ئىنتايىن داڭلىق ئويۇن قويۇش ئۆمىكى بار. مىللىي ئاپتونومىيەلىك جايلار ھەر يىلى ئورۇنلاش سەنئىتى جەھەتتىكى تەربىيەلەش ئىستىقبالىغا ئىگە، مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرىنى بېيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق جايلاردىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا مەخسۇس تەربىيەلىنىشكە ئەۋەتىدۇ. ئالايلۇق، زاڭزۇ سەنئەتكار سەيدەن جوما شاڭخەي مۇزىكا ئىنستىتۇتىدا، ئاتاقلىق يۇقىرى ئاۋازلىق مياۋزۇ ناخشىچى سۇڭ زۇيىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سەنئەت كەسپىدە تەربىيەلىنىپ چىققان. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيىتىنى داۋاملاشتۇرىدىغان، گۈللەندۈرىدىغان زور بىر تۈركۈم تايانچلار ساغلام ئۆسۈپ يېتىلمەكتە.

تۆتىنچى، ئاپپارات تەسىس قىلىنىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش تەشكىلىي جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىنى قوغداش، تەشكىللەش، ماسلاشتۇرۇشقا مەسئۇل مەخسۇس ئاپپارات تەسىس قىلىندى. ئالايلۇق، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىدا مەخسۇس بۇ خىزمەتكە مەسئۇل مەدەنىيەت ـ تەشۋىقات مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان. مىللەتلەر تىل ـ يېزىق تەرجىمىسى جەھەتتىكى ئاپپاراتلارمۇ ئاز ئەمەس. بېيجىڭدىلا مىللەتلەر تىل تەرجىمە مەركىزى بار، ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىمۇ مىللىي تىل ـ يېزىق تەرجىمە ئاپپاراتلىرى بار. نەشرىياتچىلىق جەھەتتە دۆلىتىمىزدە ھازىر 37 مىللەتلەر نەشرىياتى بولۇپ، 26 خىل ئاز سانلىق مىللەت تىلىدا ھەر خىل كىتابلارنى چىقىرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، دۆلىتىمىزدە ھەر تۆت ـ بەش يىلدا بىر قېتىم يەنە مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنى، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆرىكى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈشكە مۇھىم سەھنە ھازىرلاندى.

3) دۆلەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىدۇ

(1) مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئالاھىدىلىكى

مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت دېگىنىمىز، ھەرقايسى مىللەتلەر تەرەققىي قىلىش، ئۆزگىرىش جەريانىدا شەكىللەنگەن، شۇ مىللەت كىشىلىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىشىغا مۇناسىۋەتلىك رەسىم ـ قائىدە، ئۆرپ ـ ئادەتلەر بولۇپ، ئاساسەن ھېيت ـ بايرام، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، يۈرۈش ـ تۇرۇش، ئۆي ـ بىسات، توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغ، قائىدە ـ يوسۇن، تەنتەربىيە، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ۋە پەرھىز قاتارلىق تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ. ئۆرپ ـ ئادەت ئادەتتە ئادەمگە، ھەر

جاينىڭ شەرت - شارائىتىغا قاراپ پەرقلىنىدۇ. ئوخشاش بولمىغان مىللەتنىڭ ئۆرپ - ئادىتىمۇ ئوخشاشمايدىغان بولۇپ، شۇ مىللەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شەكلىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مىللىي ئۆرپ - ئادەتنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىشى ھەممىشە شۇ مىللەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ تەبىئىي شارائىتى، ئىگىلىك تۈرى، مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى، دىنىنىڭ تەسىرى، ئىجتىمائىي، تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچى قاتارلىق جەھەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. مىللەتلەر ئارىسىدا مۇشۇ جەھەتلەردە پەرق بولغاچقا، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىمۇ بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدۇ. مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بىر - بىرىگە دېگەندەك ئوخشاپ كەتمىسىمۇ، بىر قىسىم ئورتاقلىقلارمۇ يوق ئەمەس.

بىرىنچى، ئاممىباپلىق جەھەتتە. ھەرقانداق مىللەتنىڭ ئۆرپ - ئادىتى قىسمەن ئادەملەرنىڭ ھەرىكىتى بولماستىن، شۇ مىللەتنىڭ بارلىق ئەزالىرى ئومۇميۈزلۈك ئەمەل قىلىدىغان ئەخلاق مىزانى ۋە قائىدە.

ئىككىنچى، رايون جەھەتتە. ئوخشاش بولمىغان رايوندا ئولتۇرۇشلۇق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ئادەتتە بىر - بىرىدىن پەرقلىق بولىدۇ. ئوخشاش بىر رايوندا ئولتۇراقلاشقان باشقا - باشقا مىللەتلەر ئارىسىدا ئۇزاق مەزگىللىك ئالاقە جەريانىدا بىر قىسىم ئوخشاش ياكى ئوخشاپراق كېتىدىغان ئۆرپ - ئادەتلەر شەكىللىنىدۇ.

ئۈچىنچى، نىسپىي مۇقىملىق جەھەتتە. مىللىي ئۆرپ - ئادەت شەكىللىنىپلا قالسا، شۇ مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىغا سىڭىپ ئۇزاققىچە نىسپىي مۇقىملىقنى ساقلاپ، كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ، ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىدۇ.

تۆتىنچى، مەدەنىيەت جەھەتتە. ئۆرپ - ئادەت شۇ مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم نامايەندىسى. ئۇ مىللەتنىڭ ئۆزگىچە يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، زىبۇ - زىننەت، بىناكارلىق قاتارلىق ماددىي مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماي، ھېيت - بايرام، توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يىتىم، قائىدە - يوسۇن، كۆڭۈل ئېچىش، پەرھىز قاتارلىق مەنىۋى مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنىمۇ ئىپادىلەپ، شۇ مىللەتنىڭ ئىدىيەسى، ھېس - تۇيغۇسى، قىممەت قارىشى ۋە ئېستېتىك قىزىقىشىنى نامايان قىلىدۇ.

بەشىنچى، ئۆزگىرىشچانلىق جەھەتتە. ئۆرپ - ئادەت مۇقىملىق خاراكتېرىگە ئىگە بولسىمۇ، مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان نەرسە ئەمەس. مىللەت تۇرۇۋاتقان ئىجتىمائىي شارائىت، تۇرمۇش مۇھىتى ۋە تارىخىي شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتىمۇ بالدۇر ياكى كېيىن ئۆزگىرىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ ئىرادىسى بويىچە بولىدىغان ئىش ئەمەس.

(2) دۆلەتنىڭ ئۆرپ - ئادەتكە دائىر سىياستى

پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادەتكە دائىر سىياستى تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتىكى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

بىرىنچى، مىللىي ئۆرپ - ئادەتكە ھۆرمەت قىلىش. مىللىي ئۆرپ - ئادەتكە ھۆرمەت قىلىش – جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بىردەك باراۋەر ئىكەنلىكىدەك پرىنسىپىنىڭ ئىپادىسى. مىللىي ئۆرپ - ئادەتكە ھۆرمەت قىلىش خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش، ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر بىر - بىرىنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىشتەك ئاساسىي مەزمۇن ۋە تەلەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىككىنچى، مىللىي ئۆرپ - ئادەتنى ساقلاش. ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆرپ - ئادىتى مۇئەييەن تارىخىي شارائىت ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، تارىخنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىشى تۇرغانلا گەپ. شۇڭا ئېسىل، ساغلام ئۆرپ - ئادەتمۇ، مۇتەئەسسىپ، قالاق ئۆرپ - ئادەتمۇ بولىدۇ. مىللىي ئۆرپ - ئادەتكە ئوبيېكتىپ، دىيالېكتىك نەزەردە قاراپ، مىللىي ئۆرپ - ئادەت بولسىلا ۋارىسلىق قىلىمىز دېمەي، مىللەتنىڭ روناق تېپىشى، گۈللىنىشىگە، ئاممىنىڭ جىسمانىي، روھىي ساغلاملىقىغا، مىللەتلەرنىڭ ئىناقلىقى، ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق ئېسىل، ساغلام ئۆرپ - ئادەتلەرنى داۋاملاشتۇرۇشىمىز لازىم.

ئۈچىنچى، مىللىي ئۆرپ - ئادەتنى ئىسلاھ قىلىش. دەۋر ئىلگىرىلەۋاتقان، جەمئىيەت تەرەققىي قىلىۋاتقان تارىخىي ئېقىمدا ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆرپ - ئادىتىدە ئۆزىگە ماس كەلمەيدىغان تەرەپلەر پەيدا بولىدۇ. ھەرقايسى مىللەتلەر «جەۋھىرىنى ئېلىپ، شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاش» پرىنسىپى بويىچە قاتمال، قالاق، مۇتەئەسسىپ، نادان ئۆرپ - ئادەتلەردىن ئاڭلىق ۋاز كېچىپ، دەۋر ۋە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئارقىدا قالغان، كىشىلەرنىڭ جىسمانىي، روھىي ساغ-

لاملىقىغا زىيانلىق، مىللەتنىڭ گۈللىنىشى، روناق تېپىشىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئۆرپ - ئادەتلەرنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆزگەرتىپ، ئوچۇق - يورۇق كەيپىياتتا ئىلغار مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى قوبۇل قىلىشى لازىم. مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىنى ساقلاش ۋە ئىسلاھ قىلىشنى شۇ مىللەت ئاممىسى ئىجتىمائىي تەرەققىيات داۋامىدا، ئاڭ سەۋىيەسى كۆتۈرۈلگەن ئاساستا ئاڭلىق بىر تەرەپ قىلسا بولىدۇ.

پارتىيە ۋە دۆلەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىنى ئىسلاھ قىلىشقا ئىنتايىن ئېھتىياتچان مۇئامىلە قىلىدۇ. بىرىنچىدىن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىنى كونكرېت تەھلىل قىلىپ پەرقلىق مۇئامىلە قىلىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالغا بېسىشىغا پايدىلىق بولغانلىكى ئۆرپ - ئادەتلەرنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىش ۋە يەنىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇش؛ ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالغا بېسىشىغا پايدىسىز بولغانلىكى ئۆرپ - ئادەتلەرنى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلغاندا ئىككىلەنمەي قوللاش كېرەك. بەزى ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ ياخشى تەرىپىمۇ، ناچار تەرىپىمۇ بولىدۇ. بۇنداق ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ ياخشى تەرىپىنى داۋاملاشتۇرۇش، ناچار تەرىپىنى شۇ مىللەتنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلغان ئاساستا، پەيدىنپەي، مۇۋاپىق ئۆزگەرتىش كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، ئۆرپ - ئادەتلەرنى ئىسلاھ قىلىشتا شۇ مىللەت ئىچىدىكى كۆپ قىسىم ئاممىنىڭ رايىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىپ، ئىختىيارلىق پرىنسىپىنى قوللىنىش، مەمۇرىي بۇيرۇق ياكى باشقا چارىلەرنى قوللىنىپ، مەجبۇرىي ئىسلاھ قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىنى ئىسلاھ قىلىش مەسىلىسىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتى چات كىرىۋېلىش، مەجبۇرلاش، بۇيرۇقۋازلىقنى قەتئىي چەكلەپ، ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى ئۆزلىرى قارار قىلىش چارىسىنى ئىزچىل قوللىنىپ كەلدى. مەدەنىيەت جەھەتتە نامايان بولىدىغان ئۆرپ - ئادەتلەرنى خالىغانچە ئۆزگەرتمىدى. ئۆرپ - ئادەتنىڭ ئۆزگىرىشى ئاساسەن ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشى ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ.

پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادەت سىياستى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەچكە، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ھۆرمەتكە ئېرىشىپلا قالماي، قانۇن ئارقىلىق قوغدىلىپ، مىللەتلەرنىڭ ئىناقلىقى ۋە ئىتتىپاقلىقى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى.

(3) ئۆرپ - ئادەتكە ھۆرمەت قىلىش سىياستىنىڭ ئەھمىيىتى

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش - مىللەتلەر باراۋەرلىك پرىنسىپىنىڭ ئىپادىسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىرىنچى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقى ۋە دېموكراتىيە ھوقۇقىنى قوغداشقا پايدىلىق. ئېلىمىز ئاساسىي قانۇنىدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر بىردەك باراۋەر»، «ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزىنىڭ ئۆرپ - ئادىتىنى ساقلاپ قېلىش ياكى ئۆزگەرتىش ئەركىنلىكىگە ئىگە» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇنىڭدىن ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادىتىنى ساقلاپ قالسۇن ياكى ئۆزگەرتسۇن، ئۇ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقى ۋە دېموكراتىيە ھوقۇقى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش ماھىيەتتە مىللەتلەر باراۋەرلىك پرىنسىپىدا چىڭ تۇرغانلىقنىڭ ۋە سوتسىيالىستىك دېموكراتىيەنى تەرەققىي قىلدۇرغانلىقنىڭ كونكرېت ئىپادىسى. مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىش مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقى ۋە دېموكراتىيە ھوقۇقىنى ئاياغ ئاستى قىلغانلىق. ئېلىمىز جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 147 - ماددىسىدا «دۆلەت خىزمەتچىلىرى قانۇنسىز ھالدا پۇقرالارنى يوللۇق دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلسا ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلسا، قىلمىشى ئېغىر بولسا ئىككى يىللىقتىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. جىنايى ئىشلار قانۇنىدا «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىش جىنايىتى» «پۇقرالارنىڭ جىسمانىي ھوقۇقى، دېموكراتىيە ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش جىنايىتى» قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ماھىيەت-

تە مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقى ۋە دېموكراتىيە ھو-
قۇقى قانۇن جەھەتتىن قوغدالغان.

ئىككىنچى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشقا پايدى-
لىق. ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆز ئۆرپ-ئادىتىگە چوڭقۇر مۇ-
ھەببىتى بار. باشقا مىللەت ئۇنىڭ ئۆرپ-ئادىتىگە
ھۆرمەت قىلسا، مىللىتىمگە ھۆرمەت قىلىنىۋاتىدۇ دەپ بىلى-
دۇ؛ مىللىتىنىڭ ئۆرپ-ئادىتىنى كەمسىتسە، مىللىتىمنى
كەمسىتىۋاتىدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئاز سانلىق مىللەتلەر-
نىڭ ئۆرپ-ئادىتىگە ھۆرمەتسىزلىك ھېسابلىنىدىغان ھەر-
قانداق سۆز-ھەرىكەت مىللەتنىڭ غۇرۇرىغا ئوخشايلا
تەسىر قىلىدۇ، ھەتتا ئىززەت-غۇرۇرىغا تېگىدۇ.

ئۈچىنچى، مىللىي مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش ۋە تە-
رەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق. مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادى-
تى شۇ مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، مىل-
لەتلەرنىڭ بىر قىسىم ئۆرپ-ئادەتلىرى ناخشا-
ئۇسسۇل، تەنتەربىيە شەكلىدە نامايان بولغاچقا، نۇرغۇن
مىللەت ھەمىشە ئۆزىنىڭ ئۆرپ-ئادىتى ئارقىلىق ئۆزى-
نىڭ مەدەنىيەت-سەنئىتىنى ساقلاپ قالىدۇ ۋە تەرەققىي
قىلدۇرىدۇ. ئالايلۇق، ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر
ئۇزاق مەزگىللىك ئىجتىمائىي تۇرمۇش جەريانىدا ئۆزگى-
چىلىككە باي ئەدەبىيات-سەنئەتنى بارلىققا كەلتۈرگەن
بولۇپ، كۆپىنچىسى خەلق قوشاقلىرى، ئېيتىشىش ۋە ھې-
كايە سۆزلەشتەك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى شەكلىدە ئەۋلاد-
مۇئەۋلاد تارقىلىپ كەلگەن ۋە ئۈزۈلمەي كېڭىيگەن، تا-
كامۇللاشقان؛ بەزى ئۆرپ-ئادەتلەر ئۇلارنىڭ ئۆزگىچە
ئالاھىدىلىككە ئىگە كىيىنىدىلىك بۇيۇم، كىيىم-كېچەك،
زىبۇ-زىننەت، ئۆي-ئىمارەت، قول ھۈنەر بۇيۇملىرى
قاتارلىق جەھەتلەردە نامايان بولىدۇ. مىللىي ئۆرپ-
ئادەت جەھەتتە ئاشۇنداق ئوخشىماسلىقلار بولغاچقىلا،
مىللىي مەدەنىيەت ئاشۇنداق رەڭدارلىق، جەزبىدارلىققا
ئىگە بولۇپ، مەدەنىيەت-سەنئەتنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلى
روشەن مىللىي ئالاھىدىلىكنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن.
شۇڭا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتىگە ھۆرمەت
قىلىش مىللىي مەدەنىيەت-سەنئەتنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە
گۈللەندۈرۈشكە پايدىلىق.

### 2. «قوش تىل» مائارىپىغا توغرا قاراش

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق
مىللەتلەر ئارىسىدا «قوش تىل» مائارىپى زور كۈچ بىلەن
يولغا قويۇلۇپ، دۆلەت ئىچى-سىرتىدىكىلەرنىڭ دىققەت-
ئېتىبارىنى قوزغىدى. چېگرا ئىچى-سىرتىدىكى «ئۈچ
خىل كۈچ»لەر «قوش تىل» مائارىپىنى يولغا قويغانلىق
ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئۆز تىل-يېزىقىنى قوللىنىش ئەر-
كىنلىكىدىن مەھرۇم قىلغانلىق، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
مەدەنىيىتىنى زەئىپلەشتۈرگەنلىك دەپ زەھەرخەندىلىك
بىلەن ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ. بىز بۇنىڭغا سەگەكلىك بىلەن قا-
رىمساق بولمايدۇ.

«قوش تىل» مائارىپى ئىككى خىل (ئىككى خىلدىن
ئارتۇق) تىلنى ئوقۇتۇش تىلى قىلىپ دەرس ئۆتۈلىدىغان
مائارىپ تۈزۈمى ياكى مائارىپ شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. شىن-
جاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتىلغان قوش تىل ما-
ئارىپى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ قوش تىل مائارىپى دېيىلى-
دۇ). ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتىلغان «قوش تىل» ئو-
قۇتۇشى جەريانىدا دۆلەت بويىچە ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلى-
دىغان تىل-يېزىق بىلەن ئاز سانلىق مىللەت تىل-يېزىقى-
نى مۇناسىۋەتلىك دەرسلەردە تەڭ قوللىنىشنى كۆرسىتىدۇ.

#### 1) تىل ماھىيەتتە ئىجتىمائىي ئالاقە قورالى

تىل ماھىيەتتە ئىجتىمائىي ئالاقە قورالى بولغاچقا، ئاز
سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىقىنى ئىشلىتىش ۋە تەرەق-
قىي قىلدۇرۇش بىلەن بىللە، ھەرقايسى مىللەتلەر ئارا تىل-
يېزىق ئالاقىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. قوش تىللىق،
ھەتتا كۆپ تىللىق بولۇش بۈگۈنكى دۇنيادا ھەرقايسى
ئەللەر، ھەرقايسى مىللەتلەر دۇچ كېلىۋاتقان ئومۇميلىق
خاراكتېرگە ئىگە مەسىلىلەرنىڭ بىرى. بۈگۈنكى دەۋردە
كۆپ مىللەتلىك، كۆپ تىللىق دۆلەتلەردە كەڭ ئىجتىمائىي
ئىقتىدارغا ئىگە بىرەر تىلنى تاللاپ ئومۇميۈزلۈك قوللىنى-
لىدىغان تىل قىلىش ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىپ قانۇنىي ئورۇن
بېرىپ، سىياسەت جەھەتتىن قوللاش، شۇنىڭ بىلەن بىللە،
ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرەر ھۆكۈمەت تىلى ياكى ئو-
مۇملاشقان تىلنى ئۆگىنىشىگە يار-يۆلەك بولۇش ھەرقاي-
سى ئەللەرنىڭ ئورتاق ئۇسۇلىغا ئايلاندى. ھازىرقى
دەۋردە كۆپ مىللەتلىك دۆلەتلەردە ھۆكۈمەت تىلى ياكى
ئومۇملاشقان تىلنى ئۆگىنىش ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
چوڭ جەمئىيەتكە ئۆزلىشىپ، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، سى-
ياسىي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى پائالىيەتلەرگە ئىشتىراك قى-
لىشى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئىجابىي نەتىجىلىرىدىن
ئورتاق بەھرىلىنىشىدىكى زۆرۈر شەرت بولۇپ قالدى.
ئېلىمىزدە ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئالاقە ئاسا-
سەن دۆلىتىمىزدە ئومۇملاشقان تىل ئارقىلىق ئىشقا ئاشى-

دۇ، ئىلىمىزدە سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتى-
كى بارلىق پائالىيەتلەرمۇ ئاساسەن دۆلىتىمىزدە ئورتاق قول-
لىنىلىدىغان تىل بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. دۆلەت ئىچىدىكى ھەر-
قانداق تىل ئومۇملاشقان تىلنىڭ بۇ خىل ئىجتىمائىي رول-
نىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. شۇڭا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
دۆلىتىمىزدىكى ھۆكۈمەت تىلى ياكى ئومۇملاشقان تىلنى
ئۆگىنىشنى ئالاھىدە، قاراتمىلىقى بار ئاممىۋى كاپالەت
بىلەن تەمىن ئېتىش ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەربىيە
ئېلىش ھوقۇقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان
ئامىل بولۇپ قالدى.

2) ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئانا تىلى ۋە خەنزۇ تىلى-
غا پىششىق ئىختىساس ئىگىسى قىلىپ تەربىيەلەش شىن-
جاڭدىكى قوش تىل مائارىپىنىڭ نىشانى

قوش تىل مائارىپى شىنجاڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ
مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئۇنىڭ تەربىيەلەش نىشانى ۋە
مەزمۇنى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى دۆلەت بو-
يىچە ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىدىغان تىل - يېزىق (خەنزۇ-
چە)نى ئۆگىنىش ئارقىلىق جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەدەنىيە-
تى، دۆلەت ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى، زامانىۋى پەن -
تېخنىكا مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىپ، پۈتۈن مەملىكەتكە،
پۈتۈن دۇنياغا، كەلگۈسىگە يۈزلىنىپ، تېخىمۇ زور تە-
رەققىيات ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش؛ ئۆز تىل - يېزىقى
ئارقىلىق ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىپ، ئۆز مىل-
لىتىنىڭ تىل - مەدەنىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە گۈللەن-
دۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى
خىل مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا «قوش تىل»
مائارىپىنىڭ دەرسلىك سىستېمىسىدا خەنزۇ تىلىدا ئۆتۈلى-
دىغان دەرسلەر بىلەن ئاز سانلىق مىللەت تىلىدا ئۆتۈلى-
دىغان دەرسلەر ئېنىق بەلگىلەنگەن بولۇپ، «قوش
تىل» دەرسلىك سىستېمىسى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ
ئۇنىۋېرسال ساپا ۋە قوش تىل ئىقتىدارى يېتىشتۈرۈ-
لۈپ، ئۆز تىلىغىمۇ، خەنزۇچىغىمۇ پىششىق ئىختىساس
ئىگىلىرىنى تەربىيەلەش نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.

قوش تىل مائارىپى ئانا تىلىغىمۇ، خەنزۇ تىلىغىمۇ
پىششىق بولۇش مەقسەت قىلىنغان مائارىپ. قوش تىل
مائارىپىدا ئانا تىل ئوقۇتۇشى بىلەن خەنزۇ تىلى ئوقۇ-
تۇشىغا تەڭ ئەھمىيەت بېرىلىپ، ئانا تىلىغىمۇ، خەنزۇ تىلى-
غىمۇ پىششىق قىلىپ تەربىيەلەشتە چىڭ تۇرۇلۇپ،
ئىزچىل ھالدا ئانا تىلدا ئوقۇتۇش «قوش تىل» مائارى-
پىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىنىپ كەلدى. ھازىر شىنجاڭدى-
كى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ قوش تىل مائارىپىدا
بىرى، تەبىئىي پەنلەرنى خەنزۇچە ئۆتۈش، ئىجتىمائىي
پەنلەرنى ئانا تىلدا ئۆتۈش؛ يەنە بىرى، ھەممە پەنلەرنى
خەنزۇچە ئۆتۈپ، ئانا تىلدا تىل - ئەدەبىيات دەرسى
تەسىس قىلىش، ئوقۇتقۇچىلار شارائىتى ھازىرلانمىغان
مەكتەپلەردە تەنتەربىيە، مۇزىكا، گۈزەل - سەنئەت
دەرسلىرىنى ئانا تىلدا ئۆتۈشتىن ئىبارەت ئىككى خىل
شەكىل قوللىنىلىۋاتىدۇ. بۇ ئىككى خىل شەكىلنىڭ ھەر
ئىككىلىسى «قوش تىل» مائارىپىغا تەۋە بولۇپ، قايسى
خىل شەكىلنى قوللىنىشنى ئاممىنىڭ تەلىپى، ئوقۇتقۇچى -
ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ جايلار ئۆزلىرى بېكىتى-
سە بولىدۇ.

ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردە يولغا قويۇلۇۋاتى-
قان «قوش تىل» مائارىپىنىڭ ھەر ئىككى خىل شەكلىدە
تىل - ئەدەبىيات دەرسى باشلانغۇچنىڭ 1 - يىللىقىدىن
تارتىپ تولۇق ئوتتۇرىغىچە ئانا تىلدا ئۆتۈلىدۇ، يەنە ئاز
سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە چېتىلىدى-
غان دەرسلەرمۇ ئاز سانلىق مىللەت تىلى ئاساس قىلىنىپ
ئۆتۈلىدۇ. بۇ دەرسلەرنى تولۇق تەسىس قىلىش ۋە ئۆ-
تۈلۈش سائىتىگە كاپالەتلىك قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ
نىڭدىن باشقا، ئاپتونوم رايوندا خەنزۇچە سىنىپتا ئوقۇ-
ۋاتقان مىللىي ئوقۇغۇچىلارغا ئانا تىلىدىكى تىل - ئەدە-
بىيات دەرسى تەسىس قىلىش نۇقتىدا سىناق قىلىنىپ ئو-
قۇغۇچى ۋە ئاتا - ئانىلارنىڭ تاللىشى ئۈچۈن، ئاز
سانلىق مىللەت تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدىغان ئادەتتىكى سى-
نىپلارنى مۇۋاپىق ساندا ساقلاپ قېلىش تەلەپ قىلىندى.
ئاز سانلىق مىللەت تىل - ئەدەبىيات دەرسى ۋە ئانا
تىلدا ئۆتۈلىدىغان باشقا دەرس ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيە-
لەش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش
سەۋىيەسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە،
مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلار تەربىيەلىنىپ ۋە يۆتكەپ كىر-
گۈزۈلۈپ، ئانا تىلدا ئوقۇتۇش سۈپىتى ئۆستۈرۈلدى.
يەسلىلەرنىڭ «قوش تىللىق» مائارىپ باسقۇچىدىكى تىل
ئۆگىنىش باسقۇچىدا ئاز سانلىق مىللەتلەر ئانا تىلنى ئۆ-
گىنىش دەرسى تەسىس قىلىندى.

نۆۋەتتە خەنزۇ تىلىدا دەرس بېرىشنى مۇھىم نۇقتا
قىلغانلىق، ھەرگىزمۇ ئانا تىلدا دەرس بېرىشتىن ۋاز
كەچكەنلىك ئەمەس، بەلكى ئانا تىلدا ئوقۇتۇش سۈپىتى-

نى مۇستەھكەملەش ۋە ئۆستۈرۈش بىلەن بىللە، خەنزۇچە ئۆگىنىشنى تەكىتلىگەنلىك. مانا بۇ «قوش تىل» مائارىپنىڭ ماھىيىتى. بۇنىڭدىن باشقا، «قوش تىل» مائارىپنىڭ نىشانى «ئانا تىلغىمۇ، خەنزۇ تىلىغىمۇ پىششىق» ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيەلەش، شۇنداق بولغاچقا، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئانا تىلنىمۇ ياخشى ئۆگىنىش تەلەپ قىلىنىدۇ. دېمەك، «قوش تىللىق» ئوقۇتۇشنى يولغا قويغانلىق ئانا تىلنى يوقىتا چىقارغانلىق بولماستىن، بەلكى ئانا تىلنى ياخشى ئۆگەنگەن ئاساستا خەنزۇ تىلنى ئىگىلەشنى تەلەپ قىلغانلىق.

3) شىنجاڭدا «قوش تىل» مائارىپنى يولغا قويۇشتا ئاساسلانغان قانۇن - نىزاملار

دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە مىللەت، مائارىپقا دائىر باشقا قانۇنلىرىدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ دۆلەت بويىچە ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىدىغان تىل - يېزىق ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىپ، قوللىنىپ، «قوش تىل» مائارىپنى يولغا قويۇش توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقىرىلغان. ئاساسلىقى مۇنۇلار:

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» نىڭ 1 - باب 19 - ماددىسىدا: «دۆلەت مەملىكەت بويىچە ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىدىغان ئورتاق تىلنى ئومۇملاشتۇرىدۇ» دېيىلگەن، 4 - ماددىسىدا يەنە «ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزىنىڭ تىل - يېزىقىنى قوللىنىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئەركىنلىكىگە ئىگە، ئۆزىنىڭ ئۆرپ - ئادىتىنى ساقلاپ قېلىش ياكى ئۆزگەرتىش ئەركىنلىكىگە ئىگە» دەپ كۆرسىتىلگەن.

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ 37 - ماددىسىدا: «ئاز سانلىق مىللەتتىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى ئاساس قىلىدىغان مەكتەپ (سىنىپ)لار ۋە باشقا مائارىپ ئاپپاراتلىرى شارائىتى يار بەرسە ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى دەرسلىكنى قوللىنىشى ھەمدە ئاز سانلىق مىللەت تىلىدا دەرس ئۆتۈشى؛ شۇنداقلا ئەھۋالغا قاراپ باشلانغۇچنىڭ تۆۋەن يىللىقى ياكى يۇقىرى يىللىقىدىن باشلاپ خەنزۇچە تىل - ئەدەبىيات دەرسى تەسىس قىلىپ، مەملىكەت بويىچە قوللىنىلىدىغان ئورتاق تىل قېلىپلاشقان خەنزۇ يېزىقىنى ئومۇملاشتۇرۇشى كېرەك» دېيىلگەن.

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مائارىپ قانۇنى» نىڭ 1 - باب 12 - ماددىسىدا: «خەنزۇ تىل - يېزىقى مەكتەپ ۋە باشقا مائارىپ ئاپپاراتلىرىدا ئاساسلىق ئوقۇتۇش تىل - يېزىقى قىلىنىدۇ»، «ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئاساس قىلىنغان مەكتەپ ۋە باشقا مائارىپ ئاپپاراتلىرى ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقى ياكى شۇ جايدىكى مىللەتلەر ئارىسىدا ئومۇملاشقان تىل - يېزىقنى قوللىنىپ دەرس ئۆتسە بولىدۇ»، «مەكتەپلەر ۋە باشقا مائارىپ ئاپپاراتلىرى ئوقۇتۇشتا مەملىكەت بويىچە ئومۇملاشقان ئورتاق تىل ۋە قېلىپلاشقان خەنزۇ يېزىقنى كېڭەيتىشى لازىم» دېيىلگەن.

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت بويىچە ئومۇملاشقان تىل - يېزىق قانۇنى»نىڭ 10 - ماددىسىدا «مەكتەپلەر ۋە باشقا مائارىپ ئاپپاراتلىرىدا ئورتاق تىل ۋە قېلىپلاشقان خەنزۇ تىلى يېزىقى ئوقۇتۇشتا قوللىنىلىدىغان ئاساسىي تىل - يېزىق قىلىنىدۇ» دېيىلگەن.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى»نىڭ 4 - ماددىسىدا: «مەجبۇرىي مائارىپ باسقۇچىدا «قوش تىل» مائارىپنى كۈچەيتىش ۋە يەسلىلەردىكى «قوش تىل» ئوقۇتۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم»؛ 35 - ماددىسىدا «ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى قوش تىللىق ئوقۇتۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىشى كېرەك»؛ 36 - ماددىسىدا «ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى يەسلىلەردىكى قوش تىللىق ئوقۇتۇش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم» دېيىلگەن.

يۇقىرىقى قانۇن - نىزاملاردا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ دۆلەت بويىچە ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىدىغان تىل - يېزىق ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىش كېرەكلىكى، ئاز سانلىق مىللەت مەكتەپلىرىدە ئانا تىل - يېزىقتا دەرس ئۆتۈشكە بولىدىغانلىقى، ئەمما مەملىكەت بويىچە ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىدىغان ئورتاق تىل ۋە قېلىپلاشقان خەنزۇ يېزىقىنى ئومۇملاشتۇرۇش كېرەكلىكى ئېنىق بەلگىلىنىپ، بىزنىڭ «قوش تىل» مائارىپنى يولغا قويۇشىمىز ۋە «قوش تىل» مائارىپنىڭ شەكلىنى بەلگىلىشىمىز ئۈچۈن نىشان بەلگىلەندى.

(داۋامى بار)

شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتىدىن **ئادىل مۇھەممەت** تەييارلىغان.



ئاتىكەم سىدىق ئايتۇت

# ئاتا تونۇپ قېلىش

(ھېكايە)

— بۇ خوتۇن، مېنىڭ ئېرىمنىڭ ئاشنىسى! يەتتە يىلدىن بېرى مېنى قاڭقىر قاقشىتىپ، بالىلىرىمنىڭ كۆزىنى ياشلاپ، بىزگە دوزاخ ئازابى تارتقۇزۇۋاتقان خوتۇن. ئېسىلزادە قىياپىتى بىلەن بىر ياخشى ئايال سىياقىغا كىرىۋېلىپ سىلەرنى ئالداپ كەلگەن ئالدامچى... قارلىغاچ سىياقلىق يىلان!

قانداقلارچە مىكرافوننى قولۇمغا ئالدىم؟ زالدا لىققىدە تولۇپ تۇرغان ئالىپتە چىراي، ئېسىل سۈپەت ئادەملەر توپىغا قاراپ، ئاۋۇ خوتۇننى كۆرسىتىپ تۇرۇپ بۇ سۆزلەرنى قانداق دېدىم؟ قولۇمدىكى مىكرافوننى كىم تارتىۋالدى.

زال ئىچى بىردەم تىمتاسلىقتا چۆكۈپ ئارقىدىنلا پاراڭ قايناپ كەتتى. مېنى نوقۇشلاپ، ئىتتىرىپ، كۆزۈمگە قولىنى شىلتىۋاتقان ئادەملەر توپىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتىم.

كاللام قۇيقۇرۇق، يۈزلىرىم قىزىپ، ۋىژىلداپ ئېچىشىۋاتاتتى. كۆزلىرىم ھېچنەرسىنى كۆرمەيتتى، جىددىيلىشىپ ھەم قورقۇپ كېتىۋاتاتتىم. نېمىشقا بۇنداق قىلغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ ئاڭقىرىپ بولالمايۋاتاتتىم. مەن پەقەت ئېرىمنىڭ تېلېفونىدا كۆرۈپ قالغان ئۇچۇردا تەسۋىرلەنگەن بىلەزۈك بىلەكلىرىنى خۇددى ئېرىمنىڭ قوللىرىدەك چىڭ قىسىپ تۇرغان بۇ خوتۇننىڭ شۇ بىلەزۈكنى تاقىغان تۇرقىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈنلا كەلگەنىدىم.

بۇرۇن ئۇ خوتۇننى چايناپ-چايناپ تۈكۈرۈۋېتىشنى كۆڭۈلدە نەچچە قېتىم خىيال قىلسامۇ، لېكىن، ئۇ پەقەتلا خىيال ئىدى. لېكىن بۈگۈن چايناپ تۈكۈرۈۋەتكەندىنمۇ بەتتەر ئىش يۈز بەردى.

ئېرىم سوۋغا قىلغان يىلان باشلىق ئالتۇن بىلەزۈك ئۇنىڭ سول بىلىكىدە پارقىراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى خوتۇنلار ئۇنىڭ بىلىكىدىكى بىلەزۈكلىرىنى تۇتۇپ، سىيلاپ كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ زورلاپ كۈلۈپ مۇبارەكلىشەتتى. مەنمۇ ئاشۇ خوتۇنلاردەك بىلەزۈكنىڭ ئېسىللىقىغا چىدىماي مۇشۇنداق قىلدىممۇ؟ ياق، ھەرگىز ياق! مەن يۈرىكىمدىكى چايانلارنىڭ چىشلەپ تارتىشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن بولۇشۇم مۇمكىن. ياكى مېنى شەيتان ئازدۇرغاندۇر. ئىش قىلىپ مەن بۈگۈن شۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ ئالدىدا ئۇنى رەسۋا قىلدىم، لېكىن ئازراقمۇ پۇخادىن چىققاندەك قىلمايتتىم.

يۈرىكىم سېلىپ، قورقۇپ، تىترەپ كېتىۋاتىمەن. تاكسى تېزرەك كەلسە، بۇ بالا-قازا جايدىن تېزرەك كەتسەم بولاتتى. ئەمدى نېمە ئىشلار يۈز بېرەر-ھە؟ زال-

ىدىكى پۈتۈن ئادەم چىقىپ مېنى ئۇرۇپ، چەيلەپ، خېمىر قىلىۋېتەرمۇ؟ ئۆلتۈرۈۋېتەرمۇ؟ ئۇنى ئېرىمنىڭ ئاشنىسى دېدىم؛ مەن نېمەم بىلەن بۇ گېپىمنى ئىسپاتلىيالايتتىم؟ تې-لېفوندا ئۇچۇرلاشتى، پىنھاندا پاراڭلاشتى، دېگەندەك گەپلەر ھېچپەردە پاكىت بولالمايتتى. پاكىت دېگەننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى مەن ئوبدان بىلەتتىم. ھازىر بۇنداق رەسۋاچىلىقلارنىڭ پاكىتىنى تاپىمەن دېيىش ساراڭ-نىڭ ئىشى. ياكى پاكىت بولغاننىڭمۇ نېمىگە پايدىسى؟ پاكىت بىرەرسىنىڭ ۋىجدانىنى ئويغىتىپ، غۇرۇرىنى تېپى-ۋېلىشىغا ياردەم قىلالىدىمۇ؟ تېخى ئۇنداق بولغانىنى كۆرگەن بىرەر ئادەم يوق. شۇڭا پاكىت بولسۇن ياكى بولمىسۇن بەرىبىر.

تاكسى كەلسە بولاتتى. ھازىر شەھەردە نۇرغۇن ئىشلار تەسلىشىپ كەتتى. ياشىماق، ئۆلمەك، كېسەل كۆر-سەتمەك، داۋالانماق، كۈلمەك، يىغلىماق، تاكسى توسۇ-ماق... ئىش قىلىپ ھەممە ئىش تەس... بۈگۈنكىگە ئوخشاش بەزىدە ئۆزىنى ئۆلتۈۋېلىشمۇ تەس ئىكەن تېخى.

گەجگەمگە «قاس» قىلىپ تەگكەن بىر نەرسىنىڭ زەربىسىدىن سەنتۈرۈلۈپ تاس قالدىم ئوڭدامغا يىقىلىپ چۈشكىلى. ئارقامغا ئۆرۈلۈشىمگە، مۇراسىم كۆڭلەكلىرى-نىڭ پەشلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، ئېگىز پاشنىلىق ئاياغلىرىدا مىتكوت كېتىشۋاتقان تۆت ئايال تەرەپ - تەرەپتىن باستۇ-رۇپ كېلىپ مېنى ئۇرۇشقا باشلىدى. ئېچىشىۋاتقان يۈزلى-رىمگە تەكرار تېگىۋاتقان تەستەكلەر تېپىككە ئالماشقاندا مەن يىقىلىپ چۈشتۈم. ئىككى قولۇم نىمكەش ماموق چاپى-نىمنىڭ يانچۇقىغا سېلىقلىق ئىدى، دەرھال قوللىرىمنى ياد-چۇقۇمدىن چىقىرىپ يۈزلىرىمنى دالدا قىلىۋالدىم. بۇنىڭ-دىن باشقا ھېچنەرسىگە قۇربىتىم يەتمەيتتى. بەلكىم ھازىر مېنى ئۇرۇۋاتقانلار بايىقى تۆت خوتۇنلا ئەمەستۇر، بەلكىم ئۇلارغا يەنە باشقا ئاياللار قوشۇلغاندۇر؛ بەلكىم ئۇ خو-تۇننىڭ ئوغلىنىڭ تويىغا كەلگەن ياش يىگىتلەر قوشۇلغان-دۇر. ئىش قىلىپ يەردە دومىلاپ يۈرۈپ پەشۋا، تېپىك ئاستىدا ئىڭرىدىم. مۇشۇ يەرگە ھازىر ئېرىم كېلىپ قالسا ئۇلارنى توسۇپ مېنى قوتۇلدۇرۇۋالارمۇ ياكى ئۇ خوتۇن تەرەپ بولۇپ ئۇمۇ مېنى ئۇرارمۇ؟ بۇنىمۇ بىلمەيتتىم. چۈنكى، مۇشۇ خوتۇن ئارىمىزدا پەيدا بولغاندىن بېرى ئەر - خوتۇن ئىككىمىزنىڭ قەلبىدە بىر - بىرىمىزگە نىسبە-تەن ئۆچمەنلىكتىن باشقا نەرسە قالمىغانىدى. شۇنداقتىمۇ يەنە بىر - بىرىمىزنى قىيناپ بىللە ياشاۋاتاتتۇق. قورسىقىم-غا تېگىۋاتقان تېپىكتىن كېيىن سېزىمىم خىرەلىشىشكە باشلى-غانىدى، مەن «نېمە بولسام مەيلى» دېگەننى غۇۋا خىيال قىلىۋاتسام، مۆلدۈردەك تېگىۋاتقان تېپىكلەر، دەسسەپ، چەيلەپ يۇمۇلۇتۇپ ئۇرۇشلار توختاپ قالدى. كىملەر-دۇر مېنى يۆلەۋاتاتتى، كۆزۈمنى ئېچىپ قاراپ بېقىشقا تە-رىشقان بولساممۇ ئېچىلمىدى. ئۇلار مېنى تارتىشتۇرۇپ ماشىنىغا چىقارغاندىن كېيىن بايىقى مېنى ئۇرغان تۆت خو-تۇننىڭمۇ مۇشۇ ماشىنىدا ئىكەنلىكىنى بايقىدىم.

ئۇلارنىڭ ئۈنچە باسقان چىرايلىق كۆڭلەكلىرى يىر-تىلغان؛ ئېگىز پاشنىلىق تۇپلىيلىرىنىڭ پاشنىلىرى سىڭايان كېتىپ ماكچايغان؛ چاچلىرى سالۋاراپ، بېشى سېۋەتتەكلا بولۇپ قالغان؛ يۈزلىرىدىكى پەردازلىرى يامراپ، سۇۋۇ-لۇپ ئالۋاستىلارغىلا ئوخشاپ قالغانىدى. لەۋلىرىدىكى لەۋ سۇرۇخلىرى ئېغىزى ئەتراپىغا يامراپ ئاغزىنى پەرق ئەتكىلى بولماسلا بولۇپ قالغان بىرسى كۆزلىرىمنى ئېچىپ ئۇلارغا قاراۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ:

— پاسكىنا قانجۇق! توي بولىۋاتسا ئادەمنى شەرمە-سار قىلىپ، يۈزىنى تۆكۈشنى كىم قويىدى ساڭا؟ ئىت ئەمگەن، — دەپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى، مېنى خام يې-ۋەتكۈدەك ئەلپازدا.

مېنىڭغۇ نېمە دېسە مەيلى، لېكىن «ئىت ئەمگەن» دېگەن گەپ غەزىپىمنى ئۆرلەتتى. مەن ئانامنى ئەمگەن-دىم. ئۇنىڭغا بىر نەرسە دەي دەپ غەزەپ بىلەن ھومايغا-نىدىم، يۈزۈم تارتىشىپ ئاغرىپ كەتتى.

— ئاغزىڭلارنى يۇمۇپ، جىم ئولتۇرۇڭلار! ھېلى سۆزلەيدىغان جايغا بارىمىز، شۇ ۋاقىتتا تازا ئوبدان سۆز-لىۋاسىلەر، — دېدى قاش - كىرپىكلىرى قاپقارا، چىرايلىق بىر ساقچى يىگىت.

ئۇ بالىنى كۆرۈپ قاتناش ۋەقەسىدە قازا قىلىپ كەتكەن ئىنىم ئېسىمگە كېلىپ كۆزلىرىم ياشقا تولدى. ئىنىم ھايات بولغان بولسا مۇشۇ بالىچىلىك بولاتتى؟ ئۇمۇ مۇشۇ بالىدەك بىرەر يەردە خىزمەت قىلىپ، ئەل قاتارى ياشاپ يۈرەرمىدى؟ رەھمەتلىك ئۇكام، ھېچنەرسىنىڭ خوۋلۇقىنى كۆرۈشكە ئۈلگۈرمەي، ئون سەككىز يېشىدا بۇ دۇنيادىن كەتكەنىدى. ئىسىت! سېنىڭ ئورنۇڭدا مەن ئۆلۈپ كەتسەمچۇ - ھە، جېنىم ئۇكام! مەن ئۆلۈپ كەتكەن بولسام بۈگۈنكى بۇ رەسۋايى ئەزىمچىلىكلەرمۇ بولماس ئىدى. بۇ پاسكىنا خوتۇننى ئېرىمدىن كۈنلەپ، غازاڭدەك سولۇپ، خەستەك سورۇلۇپ، خەقتىن تاياق يەپمۇ يۈرمەس ئىدىم. سەن ماڭا ئوخشىمايتتىڭ، سەن ئوغۇل بالا بولغاندىن كېيىن مەندىن ياخشىراق ياشاشنى

بىلەتتىلىك.

بېشىمنى ساڭگىلىتىپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتىم. تۇيۇقسىز كۆز ئالدىمدا ئاپپاق قەغەز سۇنۇپ تۇرغان بىر قولنى كۆرۈپ ئاستا بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، يەنە ھېلىقى ئىنىمغا ئوخشايدىغان بالا ئىكەن. مەن مەقسەتسىز بىر ئالاك بىلەن ئۇ سۇنغان قەغەزنى ئالدىم.

— چېكىڭىزدىكى قاننى سۈرتىۋېلىڭ، — دېدى ئۇ، قەغەزنى نېمشقا سۇنغانلىقىنى چۈشەنمىگەنلىكىمنى ھېس قىلىپ.

قولۇمنى ئاستا چېكەمگە ئېلىپ بارغاندىن كېيىنلا بېشىمدىن قان ئېقىۋاتقانلىقىنى بىلدىم. ئېقىۋاتقان قان بەك كۆپ بولمىسا كېرەك، قەغەزدە سۈرتكەندىن كېيىن قايتا ساقىپ چۈشمىدى.

ئىنىمغا ئوخشايدىغان ساقچى بالا بىلەن يەنە ئىككى ساقچى بىزنى ماشىنىدىن چۈشۈرۈپ ئېلىپ مېڭىۋاتقاندا سىرتقا ماڭغان بىرسى:

— نېمە بولۇشۇپتۇ بۇلار، — دەپ سورىدى.

ئاۋۋالىرىنىڭ قارا قىشتا تىترەپ تۇرغان زەر كۆڭلەكلىك ھالىتى دىققىتىنى تارتتىمىكىن، ياكى مېنىڭ ئۇرۇشتىن قايتقاندەك يارا بىلەن تولغان بىچارە ھالىتىمگە ھەيران قالدىمىكىن؟

— ئۇرۇشۇپ قاپتۇ.

— نېمە تالىشىپ بۇنچىۋالا بوپ كېتىپتۇ؟ — بايىقى ساقچى بىزگە قاراپمۇ قويماي يېنىمىزدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ قوشۇپ قويدى يەنە.

— ئەر تالىشىپ، ئەردىن باشقا نېمە بار ھازىر ئاياللار تالىشىپ قان بولۇشۇپ كەتكۇدەك.

بۇ گەپ يۈرىكىمگە زىقتەك سانجىلدى. سىلەرگە دېسەم، مەن ئۇ يەرگە ھەرگىز ئەر تالىشىپ بارمىغانىدىم. تالاشسامۇ، تالاشمىسامۇ مەن بەربىر مەغلۇبلىقى ئاشكارىلىنىپ بولغان بىر مەزلۇم ئىدىم. مەن بۇ يەرگە ئېرىمنىڭ تېلېفونىدىكى ئۈچۈردا ئاجايىپ گۈزەل تەسۋىرلەنگەن يىلان باشلىق ئالتۇن بىلەزۈكنى كۆرۈپ باقاي، دەپ كەلگەنىدىم.

ساقچىلار بىزنى بىر ئۆيگە ئەكىرىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئۆيدە بىر شىرە بىلەن ئورۇندۇقتىن باشقا ھېچنەرسە يوق ئىدى. تامغا يۆلىنىپ تۇرۇپ ئاستا سىغىنىقىپ يەردە ئارانلا ئولتۇرۇۋالدىم. ئۇلار يىرتىلىپ، تارىلىپ بىر بولغۇلۇقى قالمىغان كۆڭلەكلىرىنى ئاياۋاتامدۇ؟ ياكى زادىلا يەردە ئولتۇرۇپ باقمىغان ئېسىلزادىلەرمۇ، ماكچىيىپ كەتكەن ئاياغلىرى غاجاۋاتقان پۇتلىرىنى ھېلىدىن ھېلىغا ئايغىدىن چىقىرىپ سىيلىشىپ ئۆرە تۇرۇشاتتى. ئۆزۈمگە قارىسام ئادەم ئىسكەتتىگە ئوخشايدىغان ئازراقمۇ يېرىم قالماپتۇ. چاپىنىم سۆكۈلۈپ ماھۇقلىرى توزۇپ، ھەممە يەردە ئۇچۇپ يۈرەتتى. بېشىمدىكى ئاغرىقنىڭ دەھشەتلىكلىكىدىن چاچلىرىمنىڭ بىر تېلىمۇ قالماي يۇلۇنۇپ بولغانلىقىغا شەكسىز ئىشەندىم. قاڭشىرىم ئېزىلىپ كەتتىمىكىن بۇرۇنۇمدىن سۇ قۇيۇلۇپ، ئاغرىپ تۇراتتى، تىلىممۇ ئاغزىمغا لىقلا كەپتۇ؛ تاياق تەگكەندە چىشلەپ تاشلىدىممىكىن؟ پۈتۈن بەدىنىمنىڭ ھازىرقى ئاغرىقىنى سىلەرگە تەسۋىرلەپ بېرەي دېگەنىدىم، لېكىن بۇنىڭغا ئوخشايدىغان يەنە بىر ئاغرىق بارلىقىغا ئۆزۈممۇ ئىشەنمىگەچكە؛ سىلەرگىمۇ پەقەت پۈتۈن بەدىنىمنىڭ چىدىغۇسىز ئاغرىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنىلا دەپ بېرەلەيمەن. پۈتۈن بەدىنىم چۈمۈلە چىشلىگەندەك، ئىت تالىغاندەك، ياكى راك كېسىلى بولغان بىمارنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدىكى ئاغرىقىدەك دەھشەت ئاغرىۋاتاتتى.

— ۋايجان! — تۇيۇقسىز ۋارقىراپ كەتتى، مېنى تىللاشتىن بىردەم توختاپ قالغان تۆت خوتۇننىڭ ئىچىدىكى بىرسى، — بىلەزۈكۈم يوق تۇرىدۇ. بايانتىن چۈشۈپ قالغانمىدۇ؟ قايسىڭلاردا تېلېفون بار؟ تېلېفون قىلايلى، بايىقى ئۇرۇشقان جايغا قاراپ باقسۇن؟ تېخى بۈگۈنلا تاقىغانىدىم...

— بۇ يەردە كىمدە تېلېفون بولىدۇ، ھەممىمىز تۇيۇقسىزلا چىققان تۇرساق، ئىلغۇچىنى مەھكەم ئىلمىغانمۇ؟

— قايسى بىلەزۈكلۈك ئىدى؟

— مۇشۇ تويدا تاقايمەن دەپ ئالغان دۇبەينىڭ ئالتۇن بىلەزۈكچۇ؟ 50 گراملىق... — قوشۇپ قويدى ئۇ، — ئىلغۇچىنىمۇ پۇختا ئىلغان بولمىسا.

— ھەممىنى قىلغان مۇشۇ رەسۋا! توينى ئامانىدا توي قىلغىلى قويماي ھەممىمىزنى بىسەرەمجان قىلدى. بىلەزۈكۈم تېپىلماي باقسۇنچۇ قېنى جىنىڭنى سېتىپ تۆلەيسەن، پەس!

مەن خۇددى تىلى كېسىۋېتىلگەن ئادەمدەك زۇۋانسىز ئولتۇراتتىم. كاللام قالايمىقان، خىيالىم چىگىچ، كۆڭلۈم پاراكەندە ئىدى. باللىرىم چۈشتە نېمە يېگەندۇ؟ مېنى ئىزدەپ يىغلىغانمىدۇ؟ يىلان باشلىق ئالتۇن بىلەزۈكنى تاقىغان خوتۇن ئېرىمگە مېنى چېقىشتۇرغان بولسا، ئېرىم چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ يەنە بۇرۇنقىدەك مېنى ئۇرۇشنى ياكى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى خىيال قىلىۋاتامدىغاندۇ؟

تۇيۇقسىز ئىشىك ئېچىلىپ ھېلىقى خوتۇن سېرىق رەڭلىك مۇراسىم كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرىنى سۆرەپ، قايماقرەڭ نۇركا پەلتۇسىنى يېپىنىپ ئىشىكتىن كىرىپ كەلدى. ھېلىقىلار يۈگۈرۈپ دېگۈدەك ئۇنىڭ ئالدىغا باردى.

— ئاچا، نېمە ئىشلار بولدى؟ تويچۇ، سەنمۇ بۇ يەرگە كەپسەنغۇ؟

— ياخشى، ھەممە ئىش ئۆز يولىدا، سىلەر نېمە تويىنى توي قىلغىلى قويماي، ئۇپۇل-تۇپۇل خەقنى ئۇرۇپ ئىش تېرىپ يۈرىسىلەر؟

— ۋىيەي! ساڭا ھاقارەت قىلىۋاتسا، بوش قويامتۇق بۇ زىدى پەسنى. قارا تۇرقىغا، ئۆزىنى كىم چاغلاپ قالدىكى بۇ پىسەندى! پېتىنىپ تويلىرىمىزنى بۇزۇپ يۈرگىنىنى، تېخى!

— ئەجەب ئوغرى مۈشۈكتەك سەھنىگە چىقىپ، مىكرافوننى ئالغىنىنى ھېچقايسىمىز كۆرمەپتۇق دېسە...

— بولدى، تىللىماڭلار، بەلكىم بۇ ئايال خاتا تونۇپ قالغاندۇ، ياكى ئوقۇشماسلىق بولغاندۇ. ئۇنچىۋالا قىلىپ كەتكۇدەك ئىش يوق.

مەن ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭ خاتىرجەملىك چىقىپ تۇرغان تۇرقىغا قارىدىم. راستىنلا خاتا تونۇۋېلىپ، ئوقۇشماستىن گۇناھسىز بىرەرسىگە ئازار بېرىپ قويغاندىمەنمۇ؟ ئەگەر راستىنلا شۇنداق بولىدىغان بولسا بۇ ھەرگىزمۇ كىچىك ئىش ئەمەستە! ئۇنىڭ سۇرمىلەنگەن قارا كۆزلىرى بىلەن كۆزلىرىم ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ كۆزلەردە مەلۇم بىر نەرسە بار ئىدى. مەلۇم بىر نەرسە ماڭا كۆزلەر ئىچىدىن قارايتتى. ئۇنىڭ تۇرقىدىكى خاتىرجەملىك بىلەن كۆزلىرىدىكى بىسەرەمجانچىلىق ئوخشىمايتتى.

بويندىكى قاتار-قاتار ئېسىلغان ئالتۇن زەنجىرلىرى، خانىشلارنىڭكىدەك ئالتۇن سۆكسى، ئۇنچىلىرى پەسكە تارتىپ كېتىۋاتقان سېرىق كۆڭلىكى، ناۋاترەڭ نۇركا چاپىنى كۆز ئۆڭۈمدىن ئاستا ئۆتتى. چىرايى شېشىدەك سۇزۇك، تۇجۇپىلەپ قىلىنغان پەردازلىرى ئۆزىگە بەكمۇ سىڭگەن، چاچلىرىنىڭ پاسونى ئۇنى خۇددى ئايال پادىشاھلاردەك ھەيۋەت كۆرسىتىپ تۇراتتى.

— بۇ خانىم ئادەمنى خاتا تونۇپ قالغان ئوخشايدۇ، ئەيىپلەۋەرمەڭلار، دەردىكە چىدىماق تەس...

ئۇ ئەمدى مېنى خانىم دېيىشكە ئۆتتى. لەۋ سۇرۇخى ياخشى سىڭگەن لەۋلىرى مىدىرلاپ سۆزلەپ تۇراتتى. كۆزلىرىم سۇرمىلەنگەن قارا كۆزلەرگە پاتتى، ئۇمۇ كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچمىدى. ئۆچمەنلىك، ئاداۋەت، غەزەپ تولغان قارچۇقلىرىم ئۇنىڭغا قادىلاتتى. ئۇنىڭ كۆيگەندەك قارا، خۇمارلىشىپلا تۇرىدىغان كۆزلىرى كۆزلىرىمگە قادىلىپ، ماڭا بىر نەرسە دېمەكچى بولاتتى. ئۇ كۆزلەرگە تىكىلەتتىم، ئىچ-ئىچىگە، تېگى-تەكتىگە... ئۇنىڭ لاكلانغان ئەگمە كىرپىكلىرى بىر قېتىم قېقىلىپ كۆزلىرىنىڭ قارىسى يەنە كۆزلىرىمگە پاتتى.

خاتا تونۇپ قالغاندىمەنمۇ؟

يەتتە يىلدىن بېرى ئېرىمنىڭ خۇددىنى ئېلىپ، جىسمىنىلا ئۆيدە قويغان ئۇ ئايالنى خاتا تونۇپ قالغاندىمەنمۇ؟ مەن ئۇنى بىر نەچچە قېتىم كۆرگەنىدىم. ئۇ چاغلاردا ئۇنىڭ ئۈستىبېشىدا بۈگۈنكىدەك مۇراسىم كىيىمى، يۈزىدە قېنىق پەرداز يوق ئىدى. ئازادە كىيىملىرى، سۇس پەردازلىرى ئۇنى يېشىدىن كىچىك كۆرسىتىپ تۇراتتى.

ئۇنى خاتا تونۇپ قالغاندىمەنمۇ؟ ئۇنىڭغا قايتىدىن سەپسېلىشقا باشلىدىم، ئىششىپ كەتكەن قاپاقلىرىم تۈزۈك ئېچىلمايتتى. ئېچىشىۋاتقان كۆزلىرىم ئۇنىڭغا ئۇزۇن تىكىلىشىمگە بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. لېكىن مەن يەنىلا ئۇنىڭدىن كۆزۈمنى ئۈزمەيتتىم. نەپرىتىم تېشىشقا باشلىدى، كىچىك ئوغلۇمغا قىزىل چىققاندا، كېچىدە قىزىتمىسى ئۆرلەپ كېتىپ، تېلېفون قىلىپ ئېرىمنى ھېچ يەردىن تاپالمىغاندا، بالامنى كۆتۈرۈپ دوختۇرخانىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، دوختۇرخانا دەرۋازىسى ئالدىدىلا يىقىلىپ قالغىنىمدا ئېرىمنى ئۇ ئېلىپ كەتكەنىدى. قېيىنئاتام تۈگەپ كەتكەن كۈنىمۇ ئېرىمنى ھېچ يەردىن تاپالمىغانىدۇق، ئەلۋەتتە ئېرىم ئۇنىڭ يېنىدا ئىدى. ئىش قىلىپ ئېرىمنىڭ كۆڭلى، مەيلى خىيالى ئۇنىڭدا ئىدى. ئىككى ئوغلۇم ۋە مەن ئۇ ئايالنىڭ سايىسى ئاستىدا نىمجان ئۆسۈۋاتقان قەدىرسىز ئوت-چۆپلەردەك ئېرىمنىڭ دىققەت-نەزىرىگە كەمدىن كەم نائىل بولاتتۇق.

قاچان، قانداقلارچە ئۇلارنىڭ خۇپىيانە ئىشىنى سېزىپ قالغىنىم ئېسىمدىن چىقىپ كېتىپتۇ. چۈنكى بۇ ئىشقا بەك ئۇزاق بولۇپ كەتتى. شۇ ئۇزاقتىن بېرى بىز كەچ كۆز پەيتى ئۇۋىسىنى تېپىۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن ئېگىز قۇرتىدەك تەمترەپ ياشىدۇق، تىترەپ ياشىدۇق. ئۇلارچۇ؟ ئۇلار بىزنى پايمال قىلىش بەدىلىگە كۆڭۈللىرىنى خۇش قىلىشتى. بىزنىڭ يىغىمىز ئۇلارغا كۈلكە بولدى. ھەتتا بىزدەك ئىنسانلارنىڭ ئۇ ئەرنىڭ جىسمى ھەم روھىغا ھەقدار ئىكەنلىكىمىز ئېسىگىمۇ كەلمىدى، ياكى ئېسىگە كەلسىمۇ پەرۋايىغا كېلىپ باقمىدى. يىللاردىن بېرى ئۇنى

چايناپ- چايناپ تۈكۈرۈۋېتىشنى ھەر كۈنى خىيال قىلاتتىم، لېكىن يەنە ھېچنەرسىگە مادارىم يەتمەي ئۇنۇم ئىچىمدە، دەردىم ئىچىمدە، غېمىم ئىچىمدە ياشىغانىدىم. بۈگۈن قانداق بولدى، قانداق بىر كۈچ بىلەن سەھنىگە چىقىپ ئۇ سۆزلەرنى قىلالىدىم؟

يەتتە يىلدىن بېرى ئوق تەگكەن قۇشتەك بىر تۈيغۇدا ياشاپ كەلگەنىدىم. يارىدار ئىدىم، يارامدىن توختىماي قان چىقىپ تۇراتتى، كېچىلىرى چىدىغۇسىز ئاغرىيتتى، ئىڭراپ تولغىنىم، ئازابلىنىپ چىقاتتىم. يارام ئۇ خوتۇننىڭ سەۋەبىدىن كۈندە نەچچە رەت قانايتتى، بەزىدە ئۆزۈم قانىتاتتىم، لېكىن سەۋەبكارى يەنىلا ئۇ بولاتتى. پالۋان ئوغۇللىرىم ئاتا مېھرىگە قانماي كۈندىن- كۈنگە ياۋاش چوڭ بولۇپ قالدى. ئارسلانلىرىم ھەر كۈنى مېنىڭ نامازشامنى ئەسلىتىدىغان پېقىرانە چىرايىمغا قاراپ غەمكىنلىشىپ كەتتى.

ئۇ ئايال ماڭا قارا پ تۇرۇپ، ھېلىقى تۆت خوتۇنغا سۆزلەۋاتاتتى:

— دېدىمغۇ سىلەرگە، بۇ خانىم مېنى خاتا تونۇپ قالغان ئوخشايدۇ.

ئۇنىڭ توختىماستىن مېنى «خانىم» دەپ ئاتىشى يامان گەپ بىلەن تىللاۋاتقاندەك ئوغامنى قايىنتاتتى. بۇ ياسالما بۇژۇق مۇشۇ يەردىمۇ ئۇستىلىق ئىشلەتمەكچى بولۇۋاتاتتى. مۇشۇ يەردىمۇ يىلان بەشىرىسىگە قارلىغاچ تونىنى يېپىنىپ ئالدامچىلىق رەپتارىغا كىرىۋېلىپ باراتتى. تۇرۇپلا ئۇنىڭغا قاراپ تۈكۈرۈپ قويغۇم كەلدى. لېكىن پۈتۈن بەدىنىم ئاغرىپ، ئاغزىمدىن تۈكۈرۈك ئەمەس، ھورمۇ چىقمىغۇدەك ھالدا ئىدىم.

ئۇنىڭ كۆزلىرى ماڭا قاراپ سۆزلەيتتى. ئەگەر ئۇنىڭ كۆزلىرىگە كۆزۈم ئارقىلىق قارىغان بولسام ئىدىم، بەلكىم ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلەلمەس بولغىيتتىم.

ئۇنىڭ كۆزلىرى سۆزلەۋاتاتتى.

— بۇ ئۇنداق كىچىك ئىش ئەمەس ئاچا، بىز بۈگۈنكى سورۇندىكى ھەممە ئادەمنى قايتىدىن بىر يەرگە يىغىپ ئۇ ئايال خاتا تونۇپ قاپتىكەن دەيمىزمۇ؟ ماقۇل، شۇنداق دېگەنمۇ بولايلى، لېكىن كىم ئىشىنىدۇ ئۇنداق گەپكە؟

— سېنىڭ زادى باغرىڭ يۇمشاق، بۇنىڭ ئەبگا تۇرقىغا قاراپ ئىچىڭ ئاغرىپ شۇنداق دەۋاتقانسەن؟

— ياق، ئىچ ئاغرىتمىدىم، راست سۆزلەۋاتىمەن.

ئۇلارغا قاراپ ئولتۇراتتىم. ئۇ ئايالنىڭ بىلىكىدە ھېلىقى يىلان باشلىق ئالتۇن بىلەزۈك ئەمدى يوق تۇراتتى.

كۆزلىرىمىز يەنە ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىگە كۆزلىرىم ئارقىلىق قارىغان بولسام كاشكى، لېكىن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە بىر ئايالنىڭ يۈرىكى بىلەن قاراۋاتاتتىم.

مەن ئۇنى خاتا تونۇپ قالغاندىمەنمۇ؟ بىر شەھەردە بولغانلىقىمىز ئۈچۈن ئۇنى تالاي قېتىم كۆرگەنىدىم، ئۇنى قورۇپ قالغان بىر توپ دەرەخكە ئوت قويغاندەكلا ئوت قويۇپ گۆرىدە كۆيدۈرۈپ، كۈل قىلىۋەتكۈم كەلگەنىدى. بىر داس يۇندىنى تۆككەندەكلا ئەۋرەزگە تۆكۈۋېتىشنى خىيال قىلىپمۇ يۈرگەنىدىم. تامىقىغا زەھەر سېلىپ قويغۇم كېلەتتى، ياكى چېپىغا تۈكۈرۈپ قويسام ئۈچۈم چىقىدىغاندەكمۇ ئويلاپ يۈرگەنمەن بىر چاغلاردا. لېكىن قولۇمدىن ھېچنېمە كەلمىگەنلىكىنى بايا سىلەرگە دېدىم. مەن پەقەت كېچىلىرى يۇلتۇزلارغا يىغلاپ بېرەتتىم، كۈندۈزلىرى قۇشلارنىڭ كۆزىدە، چۈمۈلىنىڭ ئۇندە يىغلايتتىم، يۈرىكىم ئوق يېگەن كېپىكتەك تولغىناتتى.

ئۇ ئايال كۆزلىرىمگە قارايتتى. مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئەگىشىپ يەنە بىر دۇنياغا كېتىپ باراتتىم، قايتىپ كېلمىشكە تىرىشقانچە چوڭقۇرلاپ كىرىپ كېتىپ باراتتىم.

— مېنى خاتا تونۇپ قالدىڭ، — دەيتتى ئۇ كۆزلەر،

— ياكى خاتا تونۇپ قال، بۈگۈن تويى بولغان ئوغلۇم ئۈچۈن، رەسىدىلىككە قاراپ كېتىۋاتقان قىزىم ئۈچۈن، ئېرىم ئۈچۈن، يەنە مەن ئۈچۈن، مېنى خاتا تونۇپ قال.

ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارايتتىم.

— ياق، سېنى قىيامەت كۈنىمۇ توپتوغرا تونۇۋالىمەن. پەرداز قىلىۋالماقتا يوق بىر قات تېرەڭنى سويىۋېتىپ كەلسەڭمۇ مەن سېنى ھەرگىز خاتا تونۇپ قالمايمەن. سەن ئۇپار كېپىكنىڭ تېرىسىگە كىرىۋالغان تۈلكە، مەن سېنى ھەر قاچان توغرا تونۇيالايمەن.

— كەچۈرگىن، مېنى كەچۈر. بۈگۈنكى قۇياش ئەتە يەنە كۆتۈرۈلىدۇ، بىز يەنە ياشايمىز. دىشۋارچىلىقلاردىن قۇتۇلۇپ كېتەلمەيمىز. كەچمىشتىكىسى مېنى ئازدۇرغان شەيتان. مەن شەيتان ئوتىنىڭ يالقۇنىغا مەپتۇن بولۇپ سېنى ئازابلىدىم. كەچۈرگىن، مۇشۇ قېتىم كەچۈر، ساڭا بىر ئۆمۈر مىننەتدار بولاي...

— شەيتان ئوتى سەندىلا ئەمەس، ھەركىمدە بار. ئۇنىڭ شىرىن كۈلكىسى ھەركىمنىڭ ئېزىپ باققۇسىنى كەلتۈرىدۇ. ئازدۇرغۇچى يالقۇنى ھەركىمنىڭ قولنى سۇنۇپ ئۇسسىنغۇسىنى كەلتۈرىدۇ. لېكىن ئادەم دېگەندە شەيتانغا

ئەگەشمەيدىغان ئەقىدە بولمىسا سەندەك ئېزىپ كېتىۋېردۇ. سەن پاسكىنا خوتۇن گۇناھنى شەيتانغا دۆڭگىمە! سەن مېنى جاندىن تويغۇزدۇڭ. نەچچە قېتىم تاس قالغاندىمەن ئۆزۈمنى بىر نېمە قىلىۋالغىلى. ئىككى ئوغلۇم يۈرىكىمنىڭ بېغىشىغا ئېسىلىق بولمىغىنىدا ئىدى بۇ جاھاننى ساڭا نە ۋاقلا بىكارلاپ بەرگەن بولاتتىم. رەزىل خوتۇن. مەن ساڭا ئۆچ! سېنى خاتا تونۇپ قالمىدىم.

كۆزلىرىم يېنىپ كەتتىمكىن ئۇ كۆزلىرىنى بىردەم كۆزلىرىمدىن نېرى قىلدى.

ئىككى ساقچى يەنە بىر كىشى بىلەن كىرىپ كەلدى. مەن تونۇيتتۇم، ئۇ ئەر بۇ خوتۇننىڭ ئېرى ئىدى.

ئىسسىق چىراي، يۇملاق كۆزلىرىدىن مېھرىبانلىق چىقىپ تۇرىدىغان، قىسقىراق قويۇق قاشلىرى قاپاقلىرىغا سايە تاشلىغان، يېشىغا قارىغاندا ئازراقمۇ شالاڭلىمىغان چاچلىرى سالاپىتىگە سالاپەت قوشۇپ تۇرغان؛ كىيىملىرى ئۆزىگە شۇنداق ياراشقان بۇ ئادەم قارىغان ئادەمگە خاتىرجەملىك تۇيغۇسى بېرەتتى. ھەر قېتىم بۇ ئادەمنى كۆرگەن ۋاقتىمدا كوچىدىن بېرى كېلەلمەيدىغان، مېھىرسىز، مۇردىدەك سوغۇق ئېرىمنىڭ نېمىسى بۇ ئادەمدىن ئارتۇقتۇر؟ دەپ ئويلاپ يۈرەتتىم. ماڭا، ئۇ ئەرنىڭ چاچلىرى بۈگۈنلا ئاقىرىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. كۆز قۇيرۇقىدىكى قورۇقلىرىدىن بىر پەرىشانلىق، جىلىچىلىك تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى قەھرىدىن ماڭا بولغان بىر خىل مەنسىتمەسلىك ۋە ئۆچمەنلىكنى كۆرۈپ قېلىپ كۆڭلۈم بەك يېرىم بولدى.

— بۇ خانىم ئادەمنى خاتا تونۇپ قاپتۇ، — دېدى، ئېرىم يىلانباشلىق ئالتۇن بىلەزۈك ئېلىپ بەرگەن بۇ خوتۇن ئېرىگە قاراپ.

ئۇ يەنە تېخى سومكىسىدىن نەم قەغەز ئېلىپ ماھۇتلىرى توزۇپ تۇرغان چاپىنىمنىڭ مۈرىسىدىكى توپىلارنى سۈرتۈشكە باشلىدى. مەن ھەيران قالدىممىكىن ئۇنىڭ چىرايلىق لېكىن پاسكىنا قوللىرىنىڭ مۈرەمگە، چېكەمگە، ھەتتا يۈزلىرىمگە تېگىشىگە قارشىلىق قىلىشنىمۇ ئۇنتۇپ تۇرۇپ بېرىپتىمەن. تۇرۇپلا زەردە بىلەن ئۇنىڭ يۈزۈمنى سۈرتۈۋاتقان قوللىرىنى سىلكىۋەتتىم.

ئۇ تۈلكە قىلىقىدىن ئېپار پۇرىقى چىقىرىپ ئەتراپىدىكىلەرنى سەرخۇش قىلىۋاتاتتى. ئۆزىنى خەلقى ئالەم ئالدىدا رەسۋايى ئەزىم قىلغان بىر خوتۇنغا خەيرخاھلىق قىلىپ، ئېرىگە مېھرىبان، كەڭ قورساق بىر ئايالنىڭ سۈرىتىنى سىزىپ بېرىۋاتاتتى. ئۇ خوتۇندىن بۇرۇنقىدىنمۇ بەك يىرگىنىپ كەتتىم.

بەدىنىمنىڭ ئاغرىقلىرى يەنە قوزغىلىپ كەتتى. كۆزلىرىم ئۇنىڭ كۆزىگە پاتتى. ئەگەر ئۇ كۆزلەرگە كۆزلىرىم بىلەنلا قارىغان بولسام ئىدىم، شۇنچە يىللىق تارتقان ئازابلىرىم ئېغىز ئالاتتى. لېكىن بەزىدە كۆزلەر بىر-بىرىنىڭ ئىچىگە چۆكۈپ كېتىدىكەن.

— خاتا تونۇپ قالدىڭ شۇنداقمۇ؟ — ئۇنىڭ كۆزلىرى كۆزلىرىمگە شىۋىرلايتتى، يۈرىكىم بۇ سۆزلەرنى ئاڭلايتتى.

— ياق، توپتوغرا تونۇدۇم. سەن يىلان باشلىق ئالتۇن بىلەزۈكنى تاقىغان ئايال. سەن يۈرىكىمگە يىلاننى يوشۇرۇپ قويۇپ، قارلىغاچ سىياقىدا ياشايدىغان ئايال، سەن ئېپار كېيىكىنىڭ تېرىسىگە كىرىۋالغان تۈلكە. مەن سېنى توغرا تونۇدۇم.

— خاتا تونۇپ قالدىڭ! ئوغلۇم ئۈچۈن، قىزىم ئۈچۈن بىر قېتىم خاتا تونۇپ قال، مۇشۇ بىر قېتىم.

كۆزلىرىمنى يۇمدۇم. كۆز ئالدىمدا يەتتە يىللىق سەرسانلىقىم پىرقىرايتتى. چىراغ يېقىلمىغان ئۆيدەك قاراڭغۇ بىر ھايات جېنىمنى قاخشىتاتتى. سۆيگۈسىزلىك، ئىززەتسىزلىك، قەدىرسىزلىك مېنى يەتتە يىل غاجىلاپ، يەپ تۈگىتەي دەپ قالغانىدى. يۈرىكىم سىرقىرىدى.

كۆزلىرىمنى ئاچتىم. ئۈنچە باسقان زەر كۆڭلەكلىرى يىرتىلغان ئاياللار قاتار تۇرۇشاتتى، ئېگىز پاشنىسى سۇنغان چىرايلىق توپلەيلىرى كالچاراپ كەتكەن ئاياللار پۇتلىرىنى سىيلاپ ۋايسىشاتتى، چاچلىرى چۇۋۇلۇپ، سالۋاراپ، سۆلىتىدىن ئايرىلغان ئاياللار تام تۈۋىدە تۇرۇپ تىترىشەتتى.

يىلان باشلىق بىلەزۈكنى ھازىر تاقىمىغان ئايال ئۇلارغا يەنە سۆزلەشكە باشلىدى:

— سىلەرگە دېدىمغۇ، بۇ خانىم ئادەمنى خاتا تونۇپ قاپتۇ، بايا مېنى بىرسىگە ئوخشىتىپ قاپتۇ.

— مۇشۇنىڭ كاساپىتىدىن بىلەزۈكۈم چۈشۈپ قاپتۇ، — دېدى باياتىن بېرى يىتكەن بىلەيزۈكى ئۈچۈن يىغلاپ ئولتۇرغان ئايال.

— مەن ساڭا بىلەزۈك ئېلىپ بېرەي.

— ئاچا، بۇ ئۇنداق كىچىك ئىش ئەمەس، بۇ قانجۇق يۈزىمىزنى تۆكتى!

— ئاللاھمۇ گۇناھكار بەندىلىرىنى كەچۈرىدۇ، بىزنىڭ خاتالىشىپ قالغان بەندىنى كەچۈرمىگۈدەك نەرد-

مىز بار. سەۋر قىل.

— خاتا تونۇپ قالغىنىنى سەن قانداق بىلدىڭ؟ ئۇ نېمىشقا بىر ئېغىز گەپ قىلمايدۇ، تىلىنى سۇغۇرۇۋالمىغاندسىلەر؟ — ئۇنىڭ ئېرى زەردە بىلەن شۇنداق دېدى، — سەن ئەجەب توختىماي سۆزلەپ كەتتىڭا؟ خاتا تونۇپ قالغان بولسا ئۇ ئۆزى دېمەمدۇ؟

— چېچىلمىسىلا، قان شېكەرلىرى ئارتىپ كەتمىسۇن. بايا، سىلەر كېلىشىنىڭ ئالدىدا خاتا تونۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن مەندىن كەچۈرۈم سورىدى.

ساقچىلار پۇتۇكچىلىرىنى تەقلەپ، سوراقنى باشلىماقچى بولۇۋاتاتتى. كۆزلىرىمىز يەنە بىر - بىرىنىڭ تەكتىگە شۇڭغۇدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى داۋاملىق سۆزلەۋاتاتتى.

ئۇنىڭ ئېرىگە قارىدىم. ئۇ ئادەم بايا كىرگەندە بارمىقىغا قىستۇرۇقلۇق تاماكىسىغا تېخىچە ئوت ياقمىغان ئىدى، يا تاشلىۋەتمەيتتى، يا ئوتلاپ چەكمەيتتى، بارمىقىغا قىستۇرۇقلۇقلا تۇراتتى. كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ قالدى. مېھرىبانلىق تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان قارا كۆزلىرى ئوت شولىسى چۈشكەندەك، ياكى ياشقا تولغاندەك پارقىرايتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇپ ئېرىمنىڭ كۆزلىرىنى ئەسلەپ قالدىم، ئېرىمنىڭ كۆزى قانداق بولغىيتتى؟ قارىمدۇ، ياكى چېقىرمىدۇ؟ چوقۇم چېقىر. قارا كۆز ئەرلەر ۋاپاسىز بولمايدۇ، دەۋالدىم ئۆزۈمچىلا بىردەمدە.

ئۇ خوتۇننىڭ ئېرىنى كىچىك ۋاقتىمدىكى قوشنىمىزغا ئوخشىتىپ قېلىۋاتاتتىم. قوشنىمىزمۇ مۇشۇنداق يۇملاق قارا كۆزلۈك ئادەم ئىدى. ئۈچ قىزى بار بولۇپ، كىچىك قىزى مەن دېمەتلىك كېلەتتى. ئۇ ئادەم قىزلىرىغا بەكمۇ ئامراق ئىدى. ئىشتىن كەلسىلا قىزلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ، كۈلۈشۈپ ئولتۇرغىنىنى كۆرەتتىم، قىزلار دەرەخكە ياماشقاندەك دادىسىغا يامىشىپ ئوينىشاتتى. قىش كۈنلىرى دادىسىنىڭمۇ قىزلار بىلەن بىللە قار بوۋاي ياساپ ئوينىغىنىنى كۆرگەندە بولسا كۆزلىرىمنى يۇمۇۋالغۇم كېلىپ كېتەتتى. يازدا قىزلىرىغا چېچەك گۈللۈك، ئاجايىپ چىرايلىق كۆڭلەكلەرنى ئېلىپ بېرەتتى. ھەتتا قىزلىرى ئالىي مەكتەپكە ماڭغاندا يىغلاپ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنمىش. مەن دادامنىڭ سۈرلۈك، ئېغىر مىجەزىدىن قورقۇپ، خالىغانچە يېقىنلىشىپ ئەركىلىيەلمەيتتىم، بەزىدە قورقۇپمۇ قالاتتىم. كىچىك بولساممۇ ئۆيىمىزدە چوڭ ئادەملەردەك مۇئامىلىگە ئۇچرايتتىم، ئەركىلىتىلمەيتتىم، ئەركىلىيەلمەيتتىم. شۇڭا، دادامنىڭ ماڭا بولغان مېھرىنىڭ قوشنىمىزنىڭ قىزلىرىغا بولغان مېھرىگە يەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ كۆڭلۈم يېرىم بولاتتى، نېمىشقىمۇ قوشنىمىزنىڭ قىزى بولۇپ قالمىغان بولغىيتتىم؟ دەپ ئۆكۈنۈپ يۈرەتتىم. بۈگۈنمۇ كۆڭلۈم يەنە كىچىك ۋاقتىمدىكىدەك يېرىم بولدى.

ئۇ ئەرگە يەنە بىر قېتىم قارىغان ۋاقتىمدا ئۇنىڭغا بىردەم بولسىمۇ يۆلىنىپ تۇرۇپ ھەممىنى ئۇنتۇغۇم كېلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن مېنى خاتىرجەم قىلالايدىغان بىر روھنى كۆرۈۋاتاتتىم. ئۇنىڭ جىلچىلىكتە ئۇۋۇلىۋاتقان روھى كۆزلىرىمگە قۇمدەك تۆكۈلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

— مەن بۇ ئايالنى خاتا تونۇپ قاپتىمەن! — دېگەن ئاۋازىمنى ئاڭلاپ، ئۆز نەشتىرىنى ئۆزىگە ئۇرغان چايانغا ئوخشاش تولغىنىپ كەتتىم. كۆز ياشلىرىم تاراملاپ تۆكۈلۈپ كەتتى.

ھېلىقى ئايالLAR جاھاننى بېشىغا كىيىپ ۋاتىلدىشىۋاتاتتى.

ساقچىلار بىرنېمىلەرنى دەيتتى. قۇلىقىمغا ھېچقايسى گەپ كىرمىدى.

— ئۇنداق بولسا، ھېچقانداق دەۋايىمىز يوق، ئۆز ئىچىمىزدە كېلىشتۇق، دەپ ئىمزا قويۇڭلار، — دېدى ساقچىلاردىن بىرسى.

ئۇ ئايال ساقچىنىڭ قولىدىكى قەغەزگە ئىمزاسىنى قويدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئالدامچى كۆزلىرىگە ئەسلا قارىغۇم كەلمىدى.

مەنمۇ ساقچى كۆرسەتكەن بىر كاتەكچىگە يېگەن تاياقلىرىمغا دەۋايىم يوقلۇقىغا ئىمزا قويۇپ بەردىم.

يۇملاق قارا كۆزى بار ئەر، ئېرىم ئېلىپ بەرگەن يىلان باشلىق ئالتۇن بىلەزۈكنى تاقايدىغان ئايالنى ئېلىپ بۇ يەردىن كەتتى.

ھاۋا ئوچۇق بولغان بىلەن قۇياشنىڭ ئادەمنى ئىللىتقۇدەك تەپتى يوق ئىدى. مەن نىمكەش مامۇق چاپىنىمنىڭ يانچۇقىغا قولۇمنى سېلىپ، ئاغرىۋاتقان تېنىمنى سۆرەپ ساقچى ئىدارىسىنىڭ دەرۋازىسىغا قاراپ ماڭدىم.

ئاپتور: قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسىدا




كېچىچە ياغقان يامغۇر كۈندۈزدىمۇ توختىماي ياغدى، ئەتراپ نەمخۇش ھاۋاغا توشتى.

ساپ ھەم سالقىن ھاۋا قاراگۈلگە تولىمۇ خۇشياقتى. تۇيۇقسىزلا توكسىكلىت بىلەن بېرىش خىيالىدىن ۋاز كېچىپ، بازارغا پىيادە بارماقچى بولدى. بېرىشتىمۇ ئەڭ يىراق يولنى تاللاپ ئايلىنىپ ماڭدى. بۇ يول ئادەمسىز، ۋە تاشلاندۇق پارنىكلارنىڭ يېنىدىكى يول بولۇپ، ئاخشىمى تۈگۈل كۈندۈزىمۇ ئادەملەرنىڭ ئېسىگە كەلمەيتتى. تۇيۇقسىز خىرقىراپ خىرىس ئارىلاش غالجىرلىق بىلەن قاۋىغان ئاۋازدىن چۆچۈگەن قاراگۈل، ئورنىدا تۈرۈپ سەكرىۋەتكىلى تاس قالدى، تارغىنە شېغىللىق يولنىڭ سول تەرىپىدىكى، قايسىدۇر بىر زامانلاردا قۇرۇلۇپ، قۇرۇلدۇم دېگۈچە ۋەيران بولغان ھاراق زاۋۇتىدىن بوينى زەنجىر بىلەن باغلىۋېتىلگەن بىر ئىت ئۇنىڭغا ئېتىلغىنىچە قاۋاۋاتاتتى.

— ۋۇ ئىت!— دېدى قاراگۈل ئۆچمەنلىك بىلەن. ھازىر بۇ ھاراق زاۋۇتى تۈزلىنىپ كەڭرى مەيدانغا ئايلانغان بولۇپ، بىر تەرىپىگە جايلاشقان زاۋۇت ئۆيلىرىنى ھەر قىسما ئىنسانلار ئىجارىگە ئولتۇراتتى.

بۇ خارابە چىراي ئۆيلەر، ئۆزىچە تېخى ئىككى قەۋەتلىك ئىدى. قارا گۈل خارابە بىنانىڭ ئالدىدا تېلېفوندا سۆزلىشىۋاتقان يېرىم يالىڭاچ بىر ئەرنى كۆردى. ھاۋانىڭ شۇنچە سۇغۇقلىقىغا قارىماي، ئەر بىر تال ئىشتاندىن باشقا ئۇچىسىغا ھېچنېمە ساپمىغان ئىدى.

قاراگۈل ئىسسىپ كەتتى، كىنولاردىكى مۇشۇنداق ۋەيرانە يەرلەردە باسقۇنچىلىققا ئۇچرايدىغان ئاياللار ۋە تۇياق باخشىنىڭ: «سەن ئۆزۈڭنىڭ باسقۇنچىلىققا ئۇچرىشىڭنى ئۈمىد قىلىدىكەنسەن» دېگەن يىرگىنىشلىك پالى بىلەن چېقىر كۆزلىرى يادىغا كەلدى.

— توۋا دېگىن، ساقمۇ سەن؟ ئادەم ئەقلى يۈز يىلدىمۇ يېتەلمەيدىغان سۆزلەرنى قىلىدىكەنسەن، ئاچقان پالىڭ پوقىا تەڭ ئىكەن،— ئاچچىقلىدى قاراگۈل قوللىرىنى سىلكىپ.

— ئاچچىقلىما قىز، سەن ئويلىمايسەن ئەلۋەتتە، لېكىن بۇ سەندىكى يوشۇرۇن ئاڭ، ئۇنى سەن سېزەلمەيسەن، ئۇ ئىچىڭنىڭ ترەن يەرلىرىدە يوشۇرۇن ساقلىنىدۇ ۋە بىر كۈنى ئۆزىنى ئاشكارا قىلىدۇ...— دېگەن ئىدى باخشى، قاراگۈل مەيلى قانداق ئىنكار قىلسا قىلسۇن، «باخشى» دەپ نامى بار بۇ خىزمەتدىشىنىڭ سۆزلىرىدىن كېيىن، ئۆزىگە گۇمان بىلەن قارايدىغان بولدى. نۇرغۇن قېتىملاپ باسقۇنچىلىققا ئۇچراپ چۈش كۆردى. چۈشىدە ئۇنىڭغا ئەڭ رەزىل، پەس، پاسكىنا كىشىلەرمۇ باسقۇنچىلىق قىلماقچى بولدى، ھەر قېتىم ھالقىلىق يەرگە كەلگەندە ۋارقىراپ ئويغىنىپ كېتەتتى. ئويغانغىنىدىن كېيىنمۇ، مىجىلغان كۆكسىنى ھېلىمۇ ئاغرىۋاتقاندەك سېزەتتى.

— ئۇھ،— دەپ بوينىنى تۇتتى قاراگۈل. ئىنچىكە، ئۇزۇن بارماقلىرى چىلىقىدە ھۆل بوپ كەتتى. ئۇ تەرلىگەن ئىدى، ياش، يۇمران ۋە ھاياتىي كۈچى تولۇپ تاشقان، خوتەن قاشتېشىدەك سۇپسۇزۇك بويۇنلىرى، تۆت ئىللىك كېلىدىغان گۈزەل پېشانىلىرى چىپ - چىپ تەرلەپ كەتكەن ئىدى.

نېمىلا بولمىسۇن، ئۇ بۇ نەس باسقۇر كەينى كوچىدىن قۇتۇلۇپ، ئاخىر چوڭ يولغا ئۇلاشتى.

ئۇنىڭ ئېسى قاتتىق بۇزۇلغان ئىدى، تاللا بازىرىنىڭ ئوتتۇرىدا بىر ھازاغىچە تۇردى. نېمە ئېلىشنى، قەيەرگە مېڭىشنىمۇ بىلمىدى، ھەتتا نېمە ئالاي دەپ كەلگەنلىكىنىمۇ ئۇنۇتتى.

ناھايىتى گۇمان ئىچىدە بىر جىڭ بادام ۋە قورۇلغان يەر ياڭىقى ئېلىپ دۇكاندىن چىقتى.

بۇ قېتىم ئەڭ قىسقا يول بىلەن ماڭدى. قېرىشقاندەك

دەك، ئىككى چېتى ئېگىز، ئوتتۇرىسى ئويمان بۇ يول پاتقاق ئاستىدا مىجىلىپ ياتاتتى. ئۇ ئامالسىز تام ياقىلاپ، تامغا چاپلىشىپ دېگۈدەك مېڭىپ پاتقاقلىقتىن ئۆتۈپ ئىشىك ئالدىغا كەلدى. كەلدىدە، دۇكانغا ھەسەل ئالغىلى بارغىنى «گۈپپىدە» ئېسىگە كەلدى.

— ئۇف... ئۇف! ھەسەل... — دەپ سۆزلىدى ئۇ ئۆز ئۆزىگە. ھېچكىمگە تۇيدۇرماي كەينىگە ياندى.

بۇ قېتىم ئەڭ قىسقا يول بىلەنمۇ، ئەڭ ئۇزاق يول بىلەنمۇ ماڭمىدى. ئۆيىنىڭ يان تەرىپىدىن مېڭىپ، بىۋاسىتە چوڭ يولغا چىقىپ كېتىدىغان تار يول بىلەن ماڭدى.

مۇزدەك شامال ئۇنىڭغا تولىمۇ خۇشياقماقتا ئىدى. ئۇ ھەربىي گازارمىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ، سەل مېڭىپلا، تاللا بازىرىغا بىرىشتىن ۋاز كەچتى - دە، كۆكتات دۇكىنىغا بۇرالدى. ئۆتكەندە كۆكتات ئالغىلى كەلگىنىدە، تىزىپ قويۇلغان ھەسەللەرنى كۆرگەن ئىدى.

مال تەكچىسىدە «ئوي»، «دۆڭ»، «تەكشى» ماركىلىق يەنە قانداقتۇر ھەسەللەر تىزىقلىق ئىدى. ئۇرغۇنى 2014 - يىلى ئىشلەنگەن، قىزىرىپ رەڭلىرى كېسىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، تېخىچە خېرىدارىنى تاپالمىغان ھەسەللەر ئىدى. قارا گۈل ئەڭ ئاۋۋال ھەسەللەرنىڭ ۋاقتىنى، ئاندىن چۈشەندۈرۈشنى ئەزۋەيلىگىنىچە ئوقۇپ، سىلىشتۇرۇپ چىقتى. كۆكتاتچىنىڭ «ھەسەل تاللاۋاتامسىز ؟» دېگەن سۆزىگىمۇ پىسەنت قىلمىدى.

يېرىم سائەتتەك ئىككىلەنگەندىن كېيىن، ئاخىر بىر قۇتا ھەسەلگە كۆڭۈل توختاتتى. ئېلىپ، پۇلنى تۆلىدى. كۆكتاتچى ئۇنىڭغا خەس پارچە پۇل قايتۇردى، ئۇ بىر تۇتام پۇلنى خۇشياقمىغاندەك ئېلىپ:

— مېنى نېمانچە باي قىلىۋەتتىڭىز، — دېگەن سۆزى بىلەن نارازىلىقىنى ئىپادىلىدى ۋە كۆكتاتچىنىڭ چىراي ياكى تىل ۋە ياكى باشقا ئىپادىسىنى كۈتمەيلا، كۆكتاتخانىدىن چىقىپ كەتتى.

ناخۇش ھالدا ئۆيىگە كەلدى - دە، بىردەمدىن كېيىن گۈپپىدە بىر ئىش ئېسىگە كېلىپ ھەسەلنىڭ ئېغىزىنى ئاچتى.

— ۋاي بېشىڭنى يېگۈر! — ھەسەل قۇتىسىنىڭ ئېغىزى يەملەنگەن پېچەت يىرتىق ئىدى، — بۇنى كىم يىرتقاندۇ ؟ — شۇنداق دەۋېتىپ ھەسەلدىن غورتىدە بىر يۇتۇم ئىچتى، ئىچتىيۇ ئىچكەن ھەسلى بوغۇزىدىن نېرى ئۆتمىدى.

— نېمىشقا ئىچتىم ؟ بۇنى يىرتقان ئادەم ئىچىپ قويغان بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەسمۇ ؟ ئوغرىلىقچە بىر يۇتۇم ئىچىۋېلىپ قويۇپ قويغان بولسىچۇ ؟ بىرەر يۇقۇملۇق كېسىلى بوپ قالسىچۇ ؟ ئەگەر بىرەر ئەيدىز ئاچقان بولسىچۇ! شېرىس بىلەن رەزىل قېنىنى تۆكۈپ قويغان بولسىچۇ ؟

قاراگۈل ئويلىغانچە قاتتىق غەش بولماقتا ئىدى.

— ياق، ياق، ھەرگىز ياق، ھازىر بەك كەچ بولۇپ كەتتى، ئەتە تاڭ ئېتىشىغا بۇ ھەسەلنى ئاپىرىپ كۆكتاتچىنىڭ بېشىغا ئاتىمەن، ماڭا پېچىتى سۆكۈلگەن مال ساتقىنى ئۈچۈن ھەرگىز كەچۈرمەيمەن.

— لېكىن بۇنى بىر يۇتۇم ئىچىپ قويدۇمدە ؟

— لېكىن بۇنى ئىچىپ قويغىنىمنى ئۇ قانداق بىلەتتى ؟ بەربىر جىق ئىچمىدىم، تەگكۈزۈپلا قويدۇم شۇ.

— ئىچىپ قويغىنىڭنى ئۇ بىلمەسلىكى مۇمكىن، لېكىن سەن بىلىسەندە. نېملا بولسۇن ئىچكىنىڭ راست، ئىچىپ قويغان ئىكەنسەن، ئىگە بولىشىڭ كېرەك.

— لېكىن پېچەتنى مەن يىرتمىغان تۇرسام، بۇنى يىرتقان كىشىنى تاپالمىسا كۆكتاتچى ئىگە بولۇشى كېرەك.

— ئىچمىگەن بولساڭ شۇنداق بولاتتى، لېكىن سەن ئىچتىڭ، ئىچىپ قويغان نەرسەڭنى قايتۇرساڭ بولمايدۇدە...

— ۋاي بوپتۇلا، ھەرنېمە بولسا قىسمەت، بەربىر ئەچىمۇ بولدۇم، ئىچىپلۇۋېتەي ھەممىنى .. بولدى مۇشۇنداق بولسۇن..

— لېكىن پېچەتنى كىملەر يىرتسا، سەن ئىگە بولساڭ قانداق بولىدۇ ؟ ھوقۇق - مەنپەئەتىڭنى قوغدىمامسەن ؟ خەق ئىچىپ قويغان نەرسىنى ئىچىش، ساڭا ھاقارەت...

قاراگۈل ئويلىغانچە ئىچىدىكى ئاۋازلار كۆپىيىشكە باشلىدى. ھەركىم ھەر تەرەپكە سۆرەيتتى، قاراگۈلنى قىيناپ ھالىنى قويمايتتى.

بىر قۇتا ھەسەلنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ناھايىتى پاراكەندە ھالەتتە ئولتۇرغان قاراگۈلنىڭ، نېمە ئويلار بىلەن، قانچىلىك قىيىن، قانچىلىك چەپراس بىر يولدا، قەيەرگە مېڭىشنى، كىمگە ئۆچلۈك قىلىشنى بىلمەي، قاتتىق ئارسالدى بولۇپ تۇرۇپ قالغىنىنى ھېچكىممۇ بىلەلمەيتتى...

ئاپتور: پىچان ناھىيە دالانكارىز يېزا گومباز كەنتىدە




## ئوغلىمىز قايتىپ كەلدى

(بالىسى يېتىپ كەتكەن ئاتا تىلىدىن)

ئوغلىمىز قايتىپ كەلدى، ھە، بىر خۇشلۇقىمىز قايتىپ كەلدى. ئوغلىمىز قايتىپ كەلدى، ھە، ئۆيىمىزنىڭ چىرىغى قايتىپ كەلدى. ئوغلىمىز قايتىپ كەلدى، ھە، شاخلىرىمىزدا سايرايدىغان قۇشىمىز قايتىپ كەلدى. ئوغلىمىز قايتىپ كەلدى، ھە، بەخت ـ سائادىتىمىز قايتىپ كەلدى...

تولىمۇ ئۇزاق كۈتتۇق ئۇنى، كېچىلىرىمىز زۇلمەت ئىدى، ئايسىز ئىدى، يۇلتۇزسىز ئىدى.

تولىمۇ ئۇزاق كۈتتۇق ئۇنى، يېگەن ئېشىمىز زەھەر ئىدى، خام ئىدى، خاك ئىدى.

تولىمۇ ئۇزاق كۈتتۇق ئۇنى، قەلبىمىز زار ـ زار ئىدى، يۇم ـ يۇم ئىدى، پارە ـ پارە ئىدى.

تولىمۇ ئۇزاق كۈتتۇق ئۇنى، باغلىرىمىز بوران ئىدى، جۇدۇن ئىدى، مۇدھىش ئىدى.

تولىمۇ ئۇزاق كۈتتۇق ئۇنى، سەبرىمىز قاچقان ئىدى. دەريالىرىمىز تاشقان ئىدى.

ئەي، يەڭگىلتەك جاھان، نېمە كويلاردا يۈرىسەن، كۆرمىگەننى كۆرگۈزىسەن، بىلمىگەننى بىلگۈزىسەن، يۈرەكنى پىچاقتا تىلىسەن. ئەي يەڭگىلتەك پىغان، نېمە ئويلاردا يۈرىسەن، ئاجىزلارغا يىغىسەن، كۈچلۈكلەرگە كۈلكىسەن، جان بىر قېتىم كېلىدۇ، ئەمما، ئوغلىمىز مىڭ تەستە كېلىدۇ، چۈشىمىز بۇزۇلىدۇ، ھەسرىتىمىز قوزغىلىدۇ، قەبرىمىز تۇرغۇزۇلىدۇ، بىز تۈگەپ كېتىشتىن بۇرۇن ئوغلىمىز قايتىپ كەلدى، قايتىپ كەلدى مانا يېڭى تۇغۇلغاندەك!

نەلەردە يۈردۈڭ بالام،
نەلەردە كۆيدۈڭ بالام.
نەلەرگە چۆكتۈڭ بالام،
نەلەرگە ئۇچتۇڭ بالام.
بىللە ياشايمىز دېمىدۇقمۇ؟
بىللە ياشنايمىز دېمىدۇقمۇ؟
بىللە مەيدە ئولتۇرۇپ،
بىللە ئاتلارنى ئۇچۇرۇپ ـ
ئاسمانلاردا، دېمىدۇقمۇ؟
شامالدەك يەلپۈنگىمىز بار ئىدى،
بوراندەك گۈركىرىگۈمىز بار ئىدى،
يامغۇردەك ياغقۇمىز بار ئىدى،
دەريادەك ئاققۇمىز بار ئىدى.

سەن يالغۇز كېتىپ، يالغۇز قايتىپ كەلدىڭ.
بىزگە ئالەمنى بەردىڭ،
ئېيىمىز بىللە،
يۇلتۇزىمىز بىللە،
ھەتتا كۈنىمىز بىللە.
ئەمدى كەتمىگىن بالام،
كەتسەڭ بىللە كېتەيلى.
ساڭا بىر خۇش خەۋىرىمىز بار، ھەممىگە دېگۈمىز
كەلگەن، ھەم ھەممىگە دېگەن، پەقەت سەنلا قالغان:
«ئوغلىمىز قايتىپ كەلدى!!!»

2014 - يىلى 25 - مارت، بېيجىڭ لىدو مېھمانسارىيى

## سۆي، ئەمما ئالدىما

مەن ياپيېشىل يوپۇرماق، كۆكسۈمدە گۈللەر ئېچىلغان. مېنى سۆي، ئەمما، ئۈزۈپ تاشلىما، بەرگىلەر قۇرۇپ كېتىدۇ.

مەن خۇش پۇراق ھاۋا، ئىشىكىڭدىن كىرگەن ۋە چىققان، مېنى سۆي، ئەمما ئىشىكنى ياپما، ئالەم ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ.

مەن بىر كېچە، چارچىغانلارنى قوينىغا ئالغان ۋە سىرلارنى يوشۇرغان.

مېنى سۆي، ئەمما، ئويغۇتۇۋەتمە، كۈندۈزۈمنىڭ تەپەككۇرى توزۇپ كېتىدۇ.

مەن تېمىم سۇ، دۇنيانىڭ رەڭگىنى ئالغان ۋە رەڭلىرىمدە دۇنيانى سىزغان. مېنى سۆي، ئەمما، تۆكۈۋەتمە. مۇھەببىتىم يىتتۇپ كېتىدۇ.

مەن بىر گۈل، كەلگۈسىدە ئېچىلىدىغان ۋە ھەممىگە يېتىشىدىغان.

مېنى سۆي، ئەمما ئالدىما، ئالدىمىزدا بۇ ھاياتنىڭ ئامانىتى كۆپ، قەيت قىلغانلارنىڭ ئالدىدا قىزىرىپ قالسەن، ھەسەت قىلغانلارنىڭ ئالدىدا ھالسىزلىنىسەن، توسقۇن بولغانلارنىڭ ئالدىدا توسۇلىسەن، تۈتقۇن بولغانلارغا تۈتۈلىسەن.

مەن بىر تال قوۋۇرغاڭ، ۋاقتى كەلسە قىلچىڭمەن، ۋاقتى كەلمىسە ئېچىڭمەن ۋە تېشىڭمەن!

2014 - يىلى 26 - مارت، بېيجىڭ

## نىكاھنىڭ قۇدرىتى

نىكاھلانمىغان يىگىتلەر چاشقان بىلەن دوست بولىدۇ، نىكاھلانمىغان قىزلار جىنلار بىلەن دوست بولىدۇ. ئۇلار قۇرۇغان قامقاقتەك ھەر يەردە قاڭقىپ يۈرىدۇ، ئۇلار يىلتىزسىز دەرەختەك كۆكلىيەلمەيدۇ، بىخ سۇرەلمەيدۇ، چېچەكلىيەلمەيدۇ، مېۋە بېرەلمەيدۇ. نوتىلىسمۇ، چېچەكلىسمۇ، مېۋە بەرسىمۇ مېۋىسى تەمسىز، قىرتاق، ياۋا بولىدۇ. نىكاھ خۇددى يامغۇرغا ئوخشايدۇكى، ئۇ بەختكە بەرىكەت ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ شارابىدىن قاقاس چۆللەر يېشىللىققا چۆمۈلىدۇ. نىكاھ خۇددى مەيىن شامالغا ئوخشايدۇكى، ئۇنىڭ يېقىملىق ھېكايىلىرى ئارقىلىق تۇرمۇشنىڭ تېتىملىق ھېكمەتلىرى ئائىلىنى ئەقىل - ئىدراك ھاۋاسىغا چۆمۈلدۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ھۇزۇرىدىن ئۆپكىلەر ئەركىن نەپەس ئالىدۇ، نىكاھ سۈپسۈزۈك ئېقىن سۇغا ئوخشايدۇكى، ئۇ تۇرمۇش ئۇستەڭلىرىدە ئېقىۋاتقىنىدا تۈرلۈك ئەخلەت - چاۋلار تازىلىنىپ ئەتراپىدىكى ھەربىر بىخقا سۈزۈك ھايات ئاتا قىلىدۇ، نىكاھ يېقىملىق ناخشىدۇركى، ئۇنىڭ ھۇزۇرىدىن ئادەم بەدىنىدىكى قانلار ئۇرغۇپ، تەپەككۇر ۋە تەنگە يېڭى - يېڭى كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلىپ تۇرىدۇ.

نىكاھ مۇھەببەت ئۇرۇقىدۇركى، ئۇ بىخ سۈرگەن ئېتىزلاردا چىرايلىق گۈللەر ئېچىلىپ، ھاياتلىق دۇنياسى گۈزەل تۈسكە كىرىدۇ. نىكاھ ھاياتنىڭ ئاشكارا داۋاملىشىشىدۇركى، ئەۋلادلار قەددىنى كېرىپ تۇرۇپ يېڭى بىر دۇنيانى ئۈزلۈكسىز يارىتىپ تۇرىدۇ...

نىكاھ ئۇلۇغ، نىكاھ مۇقەددەس.

ئۇ ئەخلاقنىڭ قۇدرەتلىك مەملىكتىدۇر!

2014 - يىلى 30 - مارت، سەھەر، بېيجىڭ

## باتۇر

ئېسىلىق پىشتىمۇ باتۇر؟
يېسىلىق پىشتىمۇ باتۇر؟

* * *

بىر پىيالە ئاشنىڭ ھەققىدە دەپ، بېشىڭنى ئېلىپ كېتىپ قالدىڭ.

يىراقلاردىن قاراپ قالدۇق مېڭىشىڭغا، قەدەمنى ئېغىر ئېلىشىڭغا. تارتىشىدىغانلىرىڭ بار، ھېچ بولمىسا ئىككىنچى پىيالە ئاشنى ساقلارسەن. ئۇنى بالىلىرىڭغا بېرەرسەن، قورسىقى توقمىدۇ، ئاچ قالمىسۇن دەيسەن. ئەتراپىڭدا بىر توپ ئادەم بار يەنە شېئىرىڭنى ئاڭلايمىز دەپ تۇرغان، ئەسىرىڭگە تەلمۈرۈپ تۇرغان. ئۆزۈڭنى ئاددىي چاغلىدىڭ، لېكىن، بىز ئاددىي چاغلىمىدۇق، تالانت، دېگەن تونۇتار يۈرەكنى، يۈرەكنى بىز ئاغرىتمىدۇق. ئارىمىزدا بوشلۇق بار يەنە، بىز ماڭغانچە بىلىمىز ئۇنى، ئۆچرەتتىكى زاماندىشلىرىڭ.

باتۇرنىڭ زامانى دەپ بولغىچە، باتۇرنىڭ ئازابى دېدىڭ، بىز قازايى دېدۇق، دۈشمەنلەر سازايى دېدى. شۇنداق دېيىشتۇق، ئاخىرى تاكالاشتۇق. پەشۋا ئېتىشتۇق، ھېچكىم ھېچكىمنى يېڭەلمەي تۇرساق، بۇ بىر مۇرەسسە دېيىشتۇق.

سەن كەتمىدىڭ، كېتىمەن دېدىڭ. ئىز-دېرىكىڭنى قىلىمىز تېخى، پىلسىراتنىڭ بويىغا بېرىپ تاشلاپ كەتكىنىڭ خوشلىشىش خېتى ئەمەس، پۈتۈنسۈرۈك تارىخنىڭ روھى، يېتەكچىلىك بۇرچى، ئوغۇل باللىق قەرزى، ئاتلىق ئازابى، تىرىشقانلىرىڭنىڭ بەدىلى... چاپاننى مۈرەڭگە ئارتىپ ئىشىكتىن چىققان چېغىڭدا، بىز قاراپ قالدۇق.

سەن كېتىمەن دېدىڭ، لېكىن، كەتمىدىڭ ھەم كېتەلمەيسەن. كىتابلىرىڭ ئارىسىدا ئىشلەپ يۈرىسەن. بىز سېنى ھامان تېپىۋالىمىز، ئارىمىزغا قېتىۋالىمىز. چۈنكى، سەن بوش ئادەم ئەمەس!

ھەي، دوستۇم، مىللەتنىڭ بېغىدا مەشرەپ بولغىدەك، شائىر مەشرەپنى چاقىرۋال، دەيمىز. بىر قولۇڭغا قەلەمنى، بىر قولۇڭغا دۇتارنى سۇنۇپ «يارۇ» غا چال، دەيمىز. تونۇمىغانلار كەم بۇ؟ دەر، تونۇغانلار باتۇر دەر. يەتتە كىتابى بار «يارۇ» دەر. قىممىتىنى بارغۇ دەر، سورۇندىكىلەر ۋالاقىدە كۈلەر. ئەزەلدىن كۈلۈپ باقمىغانلار، ئەمدى راسا، راسا كۈلەر... ئەي، دوستۇم، نېمە قىلىۋاتىسەن؟ پىلسىراتتىن سەن ئۆتمە، باشقىلار ئۆتسۇن، كەل باش زىندانلىرىڭغا قىلايلى ھۇجۇم!

2014- يىلى 27- مارت، بېيجىڭ

## خاتالىق

(چاتما)

1

تار كوچىدا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق. بۇرۇن گۈللىرىمنى پۇرىغان بۇ ئوتاقچى ئەمدى زومىگەرگە ئايلانغان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ قەدەر «ناكەس» ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسام يوللىرىمغا يوللاتمايتتىم، دېدىم ئاچچىق بىلەن. يول ئۈستىدە يۇملاق ئۈستەل بار ئىدى. ئۈستەل بىزنى قارىمۇقارشى ئولتۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى، بىز نېمىندۇر تالاشماقتا ئىدۇق، بىراق، مېنىڭ زومىگەر بولغۇم يوق.

ھېچكىم ھېچكىمگە ئەل بولىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ ئالدى بىلەن پىتنە تارقاتتى، ئاندىن پىت تارقاتتى. مەن بەدىنىمنى قاشلاش بىلەن بولۇپ كەتكەن ۋاقتىمدا كىيىملىرىمنى ئۇ ئوغرىلاپ كېتىپتۇ. ماڭا ئوخشاش بولۇۋالغان بۇ ھەجايىغاق ئەمدىلىكتە ھومايغاققا ئايلىنىپ مېنى زەردىگۈش قىلىۋەتتى. ئەسلى ئاشىق-مەشۇق بولۇشۇپ، ئۇستاز شاگىرت بولۇشۇپ گۈل سۇنۇشىدىغان قوللار تىكەن سۇنۇشىدىغان قوللارغا ئايلاندى. ئامانلىق سورىشىدىغان ئېغىزلار يامانلىق «سورىشىدىغان» ئېغىزغا ئايلاندى.

مەن پۇشايمان قىلدىم، بىر تال چىۋىن قازان بېشىدا ئۇچۇپ يۈرگەن چاغدىلا سەگەك بولمىغانلىقىمدىن. بىر تال سېسىق ئالما سېۋەتتىكى ئالمىلار ئارىسىغا كىرمەستىن بۇرۇن. مانا بۇ سەزگۈ دانالىقىدىكى بىرىنچى خاتالىق.

2

بەدىنىمىزنىڭ يېرىمى ئوت يېرىمى سۇ، بەلكىم، ئوت سۇنى ئۆچۈرۈپ تۇرىدۇ، ئوت سۇنى قاينىتىپ تۇرىدۇ. كىمنىڭ بۇ تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلسا يا گۇمۇش ئادەمگە ياكى تەلۋە، ساراڭ ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ. سەبرى قاچىسى يېرىم تۇرغىنى ياخشى. ئۇنىڭ يېرىم تۇرغىنى ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى مۆلچەرلەشكە پايدىسى بار. ۋاقتى سائىتى توشقاندا ئوتنى تەڭشەشكە پايدىسى بار، ئەگەر تېشىپ كەتسە ئوت تەرىپىدىن پارغا ئايلىنىپ كېتىش ئېھتىماللىقىنى ئويلاپ قويماسلىق بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلماسلىق بىزنىڭ ئىككىنچى خاتالىقىمىز بولىدۇ.

3

ئۆزىمىزنى ئەقىللىك چاغلاپ يۈرگىنىمىزدە بىزدىنمۇ ئەقىللىك كىشىلەرنىڭ بارلىقىنى ئويلاپ تۇرغانغا ئوخشاش، ئۆزىمىزنى كۈچلۈك چاغلاپ يۈرگىنىمىزدە بىزدىنمۇ كۈچلۈكلەرنىڭ بارلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك. بۇ نۇقتىغا ئېتىبار قىلماي «ئاكاڭ قارىغاي بىرىنچى» دەپ يۈرۈش ئاقىۋەت ئورەككە باشلاپ بارىدۇ. بۇنى بىلمەسلىك ئۈچىنچى خاتالىقىمىزدۇر.

4

ئەقىلنى كېسىدىغان ئاچچىق بار، ئاچچىقنى باسىدىغان مەلھەم بار. كەينىگە بىر قەدەم چېكىنىش ئارقىلىق ئالدىغا ئىككى قەدەم ئىلگىرىلەش قەدەمنى پۇختىلىۋېلىشنىڭ تەييارلىق باسقۇچىدۇر، ئاندىن ئۇچساقمۇ مەيلى. بۇ چاغدا ئالدىغا مېڭىشنىڭ تەجرىبىسنى ئىگىلەپ بولىمىز. ئۇچۇشنى كۆزلەش تېز ئىلگىرىلەشنىڭ رىغبەت رىسالىسىدۇر. لۆمشۈپ قېلىش پۇرسەتنىڭ كېتىپ قېلىشىدۇر.

ئالدى ئارقىغا باقماي مېڭىۋېرىش تەنتەكنىڭ ئىشىدۇر، بۇ بىزنىڭ تۆتىنچى خاتالىقىمىزدۇر.

5

خاتالىقا سەل قاراش خاتالىق ئۈستىگە خاتالىق ئۆتكۈزگەن بىلەن باراۋەردۇر. زۇكام باشلىنىشى بىلەنلا ئۇنى داۋالاپ ساقايتىش كېرەك. زۇكام ئېغىرلىشىپ كەتسە نۇرغۇن ئەگەشمە كېسەللىكلەر باش كۆتۈرۈپ چىقىدۇ-دە، بەدەن قۇۋۋىتىمىز - ئىممۇنىتېت كۈچىمىز ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمەي يىقىلىشقا مەجبۇر بولىمىز. يىقىلىش بىر خاتالىق، ئورنىدىن تۇرالماسلىق ئەڭ زور خاتالىق. مانا بۇ بىزنىڭ بەشىنچى خاتالىقىمىز دېيىلىپ تۇرسۇن.

6

باشقىلارنىڭ شېرىن چۈشى ھەرگىزمۇ بىزنىڭ رېئاللىقىمىز ئەمەس، ئەگەر خۇشامەت يۈزىسىدىن بولۇتلۇق ئاسماننى كۆك ئاسمان دېيىشىپ بەرسەك، ئۆزىمىزنىڭ ئاسمىنىدا ئۆزىمىزنىڭ قۇياشى پارلىمايدۇ. پارلىغان ھالەتتىمۇ ئۇ بىر پارچە ئوتتەك كۆرۈنۈپ ھاقارەتلىك تىللارنى ئاڭلاشقا مەجبۇر بولىمىز. چۈنكى، بىز ماختىشىپ بەرگەن ئاسمانغا باشقىلار مەپتۇن بولۇپ كۆنۈپ كەتكەچكە، ئۇلار ئۆز ئاسمىنىدىن باشقا ئاسماننىڭ ئاستىدا ياشاشنى مەڭگۈ خالىغۇسى كەلمەيدۇ. يەنىلا ھەممىگە ئورتاق گۈزەللىك ۋە ئىللىقلىق ئەينەكتە ئەكس ئېتىشتەك ھەقىقىي ئوبراز نامايەن قىلىنغىنى ياخشىدۇر.

ھۆرمەت راستچىللىقتا، ئاسىيلىق يالغانچىلىقتا. باش كەتسىمۇ يۈز كەتمىسۇن. باش باشقا يۈز بېرىدۇ، يۈز يۈزنى تاپىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن مەڭگۈ باشقىلار تەرىپىدىن كۆزگە ئىلىنمايمىز.

7

يەتتىنچى خاتالىق تۈلكىنىڭ كۆز يېشىغا ئىشىنىشتۇر. ئۇ بىزنى يەتتە دوزاخقا باشلاپ كىرىش ئۈچۈن شەيتاننى ئىشىك تۈۋىدە قارانچۇق قىلالايدۇ. ئۇ ئاۋۋال كۆڭلى يۇمشاق، ئەقلى يوقلاردىن جامائەت پىكرى توپلايدۇ. ئاندىن ئاز سانىنى ئىگىلەيدىغان ئاقىللار توپىنى مۇھاسىرىگە ئالىدۇ، ئۆزى توقۇغان يالغان بىلەن كۆپچىلىكنى قايماقتۇرۇپ بىر مەھەل كۆلەم ھاسىل قىلىدۇ - دە، ئۇلارنى دوزاخقا كىرگۈزۈۋالغاندىن كېيىن پۇشايمان ئوتى بىلەن كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتىدۇ. بىلمىگەنلەر بۇ قايمۇقۇشتىن مەڭگۈ خەۋەرسىز قالىدۇ.

8

بەزىدە شۇنداق قىسمەتلەرگە دۇچ كېلىمىزكى، بىلىمىز بىلەن پاتقاق - لاتقىلىققا پېتىپ قالىمىز، مىدىرلىغانسېرى چىقالماي ئەكسىچە چوڭقۇرلاپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىمىز. ئۈمىدسىزلىنىپ ھالىمىزدىن كېتىمىز.

لېكىن شۇنى بايقىشىمىز كېرەككى، پاتقاق بار يەردە چوقۇم قۇرۇقلۇق بولىدۇ. قۇرۇقلۇققا چىقىۋالساقلا بۇ پالاكەتتىن قۇتۇلىمىز دېگەن ئويدىن ۋاز كەچمەسلىك كېرەك. سەن ماڭغان يوللاردا چوقۇم باشقىلارمۇ مېڭىپ قالىدۇ. كۈتۈش كېرەك، ياكى تەدبىر ئىزدەش كېرەك، زەن سېلىپ قارىساق پاتقاق ئىچىدە قۇرت - قوڭغۇزدەك جانلىقلارمۇ ئۇچراپ قالىدۇ. ئادەتتە بىز دىققەت قىلمايدىغان بۇ ئاجىزەلەر مانا شۇ چاغدا «ئۇستاز» لىق ھۈنىرىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇلارنىڭ قىلغىنىنى قىلىپ باق، ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىنىش ئۇسۇلىنى دوراپ باق، بەلكىم، پايدىسى بولۇپ قالار. بىرەر قېتىم قۇرت بولۇپ باققانغا نېمە بوپتۇ. مەقسەت پالاكەتتىن بىر ئامال قىلىپ قۇتۇلۇپ قۇرۇقلۇققا چىقىشقۇ. ئاندىن ئۆزىمىزنىڭ ئادەملىكى بويىچە ياشىساق بولىدۇ. بۇ ئۈمىدسىزلىنىپ ئۆلۈپ بەرگەندىن مىڭ ياخشى. قۇرتنى دوراپ بېقىش ھېچكىمگە زىيان سالىدىغان ئىش ئەمەس، شۇ دەقىقىلەردە پەقەت قۇتۇلۇش ئىزدەش. قۇتۇلۇش يەنە بىر قېتىم ئېرىشىشكە باشلاپ بارىدۇ. ھاياتلىققا ئېرىشىش — ئارزۇ ئارمانلار ئىچىدە داۋاملىق ياشاش دېمەكتۇر. مەردانىلارچە ئۆلۈش بىلەن مەردانىلارچە ياشاش ئوخشاش مەنىگە ئىگە. ئۈمىدسىزلىنىپ ئۆلۈش بىلەن ئۈمىدزسىزلىك ئىچىدە ياشاشمۇ ئوخشاش مەناغا ئىگە.

نۆۋىتى كەلگەندە ئۆلۈمگە كۆكرەك كېرىپ چىقىدىغان چاغلار بولىدۇ. ھاياتقا قىزغىن مۇھەببەت ئىزھار قىلىدىغان چاغلار بولىدۇ. يۈكۈنۈپ - پۈكۈنۈپ ياشىغاندىن ئوچۇق - ئاشكارا ئۆلۈش ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان باتۇرلۇق ئەمەس، ھەممە ئادەم قىلالمىغان ئىشنى سەن قىلالىساڭ ھەممە ئادەمنى ھەيران قالدۇرالايسەن. ھەممە ئادەمنى ھەيران قالدۇرالىغان چېغىڭ سېنىڭ يېگانە بىر ئوبرازغا ئايلانغان چېغىڭ. يېگانە ئوبراز خەلق ئارىسىدا ۋە خەلق قەلبىدە تىكلەنگەن مۇناردۇر. پاتقاق ۋاقىتلىق بەتنامدۇر، مۇنار خەلق قەلبىدىكى ئورنۇڭدۇر، بۇ ئاخىرقى خۇلاسىنى مۆلچەرلىيەلمىسەك سەككىزىنچى خاتالىقنى ئۆتكۈزگەن بولىمىز.

9

تۇرمۇشىمىز يېشىل يوپۇرماقتەك ياشىرىپ تۇرۇشى كېرەك ئىدى. گۈل سۇغىرىدىغان باغۋەنلەر بالىسنى تاشلاپ كەتكەن رەزىل دادىدەك مەسئۇلىيەتسىز بولغاچقا سارغىيىپ تۇرغان باغلارغا تاملار سىرتىدىن قارايمىز-يۇ ئۇھسىنىمىز. مەسئۇلىيەت بىر ئادەمنىڭ ۋىجدانىغا باغلانغان تارغا ئوخشايدۇ. ئۈزۈلسە چالغۇلار كېرەكسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بىز ئۇنىڭدىن مۇڭلۇق مۇزىكىلارنى ئاڭلىيالمايلا قالماستىن، ئويۇنىمىزنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا مەجبۇر بولىمىز. ئويۇن قويۇلمىغان ئىكەن تىياتىرخانا چۆلدەرەپ قالغانغا ئوخشاپ قالىدۇ. ئۇنىڭ چاشقان تۆشىكى بىلەن نېمە پەرقى بولسۇن؟!

ناۋادا مەسئۇلىيەت ئادا قىلىنىۋاتقان مەجبۇرىيەتكە ئايلىنالىسا ھېچكىمنىڭ بېلى ئېگىلمىگەن، ھېچكىمنىڭ كۆزىدىن ياش ئاقمىغان، ھېچكىمنىڭ قەلبىدە نارازىلىق ئوتى يانمىغان بولاتتى. بۇنداق باغۋەنمۇ بىر دەۋر شانۇ - شۆھرىتى بىلەن تارىخ بەتلىرىدىن ئورۇن ئالغان بولاتتى.

ئەپسۇس، بىز توققۇزىنچى خاتالىقنى ئۆتكۈزۈپ تۇرۇپتىمىز. سارغايغان باغلىرىمىزنىڭ تاملىرى قارغىش بىلەن پاكارلاپ كېتىۋاتىدۇ.

10

مېڭىلمىغان يولدا تىكەن - يانتاق، قامقاق - لوقاق، قاپقان - كاتاڭ كۆپ بولىدۇ.

ئىشلىتىلمىگەن قورالنى دات باسقىنى باسقان. تۇرۇپ قالغان ئاش ۋاقىت ئۆزارغانسىرى بىخسىپ سېسىيدۇ، يېگەن ئادەمنىڭ ئاشقازىنىنى زەھەرلەيدۇ. پەرۋىش قىلىنمىغان ئېتىزنىڭ ھوسۇلى بولمايدۇ. تەپەككۇر قىلىنمىغان كاللا قۇرۇق باش سۆڭىكىدىن باشقا نەرسە ئەمەس...

مانا بۇلار جاھاندىكى تۈگىمەس خاتالىقلارنى كەلتۈرۈپ بېرىدىغان قەبىھ جاراھەتلەردۇر، شۇنداقلا ئورنىغا كەلتۈرگىلى بولمايدىغان پاجىئەلىك ئاقىۋەتلەردۇر. ۋاقىت توختىماي ئاققان دەريا سۈيىگە ئوخشايدۇ. بىر قېتىم ئاققان يەردىن قايتا ئېقىشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. پۇرسەت خاتالىققا يول قويمىغۇچىلار ياكى خاتالىقنى دەرھال تونۇپ يەتكۈچىلەرنىڭ قولىدا مۇۋەپپەقىيەتتىن ئىبارەت ئاخىرقى نەتىجىگە ئېرىشەلەيدۇ.

2013-يىلى 18-دېكابىر، بېيجىڭ

# يالغۇزلۇق

يالغۇزلۇق بىر خىيال دېڭىزى. بۇ دېڭىزدا ھەممە نەرسە بار گاھى لەھەڭگە دۇچ كېلىسەن يۈرەكنى تىترىتىپ، گاھى ھوزۇرلىنىسەن دىلنى ئېرىتىپ. دەخلىسى يوق سوغۇق تەپەككۇر، قىزىپ كەتمەس ئاتالاپ جەريانى.

قىشتىكى گىياھنىڭ يىلتىزىغۇ ئۇ، تۇپراقنىڭ ئارىسىغا چوڭقۇر كۆمۈلگەن. باھار ھامان كېلىدۇ، گۈلنىڭ چۈشىدەك، پورەكلەپ ئېچىلغان بەرگىلىرىدەك، دەريا مۇڭغا تولغاندەك ياكى جىمجىت ئاققاندەك، يالغۇزلۇق ئۇلۇغ بىر سۇ ئېقىندۇر، باشلىساڭ باغلارغا باغلار كۆكرەر، باشلىساڭ چۆللەرگە ئوت چۆپلەر ئۈنەر. باشلىساڭ كۆللەرگە، يايلاقلىرىڭغا دەرەخلەر بەھۇزۇر، ئاتلار بەھۇزۇر.

يالغۇزلۇق بەزىدە ئۇلۇغ بىر ئازاب. شائىر ئالدىغا تىل دۇردانىلىرى تۆكۈلەر. ئاسماندىكى ئاي سېنىڭ، پەقەت بىر سېنىڭ؛ ھېچكىم تالاشماس ئۇنىڭ نۇرىنى. يالغۇزلۇق سېنىڭ شاھلىقىڭدۇر، باشقۇرىسەن خىياللىرىڭنى، ھەرىكەتلىرىڭنى، باش لىڭشىتىپ تەستىقلايسەن توغرىلىقىڭغا، باش چايقايسەن ھەم خاتالىقىڭغا. پىشىدۇ پىكىرلەر تەپەككۇر قازىنىڭدا، ئاش پىشقاندا شىرەگە ئېلىپ چىقىلىدۇ. پىشقان ئاشقا ھەممە ئېغىز تېگىدۇ. خام نەرسىگە ھېچكىم قارىمايدۇ، يېدىمۇ قورسىقى ئاغرىيدۇ. پىشقان نەرسىنىڭ ھىممىتى بولىدۇ، قىممىتى بولىدۇ. مېۋىلەرنىڭ، ئاش - نانلارنىڭ ھەتتا ئىنسانلارنىڭ! ئۇچ ئادەمنىڭ بىرى دۈشمەندەك، گۇمان بىلەن ئاغزىڭغا قارىغاندەك، ئاغزىدىن چىققانچە باھا بەرگەندەك رېئاللىقنى پەدەزلەيدىغان، بۇرمىلايدىغان ئىش يوق ئايدىڭدىكى يالغۇزلۇقۇڭدا. قاراڭغۇلۇق بىر ئۆي، چېرىغى يوق ئاسمانىنىڭ، يۇلتۇزلار يىراقتا، بەكمۇ يىراقتا. ئارىلىق بەك ئۇزاق خىيالدەك چەكسىز، ھېچكىم ھېچكىمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىماس، ھېچكىم ھېچكىمنىڭ ھەرىكىتىنى كۆرمەس. تەتقىق قىلىنىپ ۋە تەتبىق قىلىنىپ مەسىلە پىكىرلەر كىتاب بولۇپ يېزىلار بۇ ئۆيدە، تېخىمۇ ئازادە تېخىمۇ كەڭ كەڭرى. ئاندىن ئاشكارىلار قەلب قەسرىنى. سىرلار بىر بىلىم، بىلىمگە ئىنتىزار چۇقان - سۈرەنلەر، بىلىمگە بويسۇنغاندا كۆپ كىشىلەر چۇقان - سۈرەنلەر جاراڭلىق ناخشىغا ئايلىنار. ناخشا بىر چاقىرىق، ناخشا ئىنتىزام.

ئىنتىزام ئاستىدا مەقسەت ھەل بولار. ئالىمنىڭ قەلبى بىر نۇرلۇق قۇياش، قۇياش نۇرىدا يوللار ئېچىلار. يالغۇزلۇق يامان ئىش ئەمەس، مەزگىللىك مەجلىس؛ مەجلىس خۇلاسە ھەم تەجرىبە جۇغلاش، مەجلىس بىر توپنىڭ ئەقىل جەۋھىرى.

پىشقان ئەقىل دەخلىسىز بۇيرۇق، بۇيرۇق بىلەن كىرىمىز جەڭگە، بۇيرۇق بىلەن قىلىمىز خىزمەت، بۇيرۇق بىلەن ياشىغۇچىلار بىز، بىزگە ئىككى نەرسە بەك كېرەك: بىرى ئالىم، يەنە بىرى ئالەم!...

2013- يىلى 19 - دېكابىر، بېيجىڭ

# ناۋات چاي

نەگە بارسام كۆڭۈل ئىزدىدىم، كۆڭلى يوققا ئۇچرىدىم مىڭ رەت. ھومايىسمۇ ئاڭا ھېجايدىم، سەندە يوقكەن كۆلكە دەپ پەقەت، يامان چۈشلا كۆرۈپ تۇرامدۇ.

ياخشىلىق قىل دەپتىكەن ئۈچ رەت. تۆتىنچىسى كۆتەر قولۇڭنى، كاچاتلا يا ئۇرۇۋەت بىر رەت. بىزنىڭمۇ بار ئوغۇل - قىزىمىز، كەلگۈسىدۇر ئۇلارغا نۆۋەت، «قازان بېشى ئايلىنىپ تۇرار» بۇ تارىختا تەكرار ھەقىقەت. دېڭىز ئىدى ئەسلى بىزنىڭ يەر، قۇرۇقلۇقنى ئۇنتۇغان سائەت. ئەسكە سالدى نوھ ئەلەيھىسسالام، بېشىمىزغا كەلمەستە ئاپەت. جەۋھەرلەنگەن مەخلۇقات ئىدۇق، ئەقلىمىزنى تاپمىدۇق ئەبەد. ئىمتىھان بۇ ئىمتىھان ئالەم، ئالقانلارغا يېزىلماقتا خەت. بېشىڭ كۆككە يەتسىمۇ ئادەم، بىر چاغلاردا كېلىپ كۆپ ئامەت، ياخشىلارغا ناۋات چاي تۇتقىن، يامانلىقنىڭ يولىنى بۇزۇۋەت!

2013- يىلى 19 - دېكابىر، بېيجىڭ

## مەن، پەقەت مەنلا ئەمەس

يېرىم كېچىدە يۈگۈرۈپ يۈرىمەن، چوڭ بازارنىڭ چوڭ كوچىسىدا. ھارۋامدا لىق ئەتىنىڭ غېمى، بالام مەكتەپنىڭ دەرۋازىسىدا. قاق سەھەردە يۈگۈرۈپ يۈردۈمەن، يايلاق بىلەن شەھەر ئارىسىدا. ئەپ قويۇڭلار مەن سۈت ساتقۇچى، ئايالىم جان ھەلقۇمىدا. ماڭا كېرەك دوختۇرنىڭ مېھرى، پۇل بەرسەملا جان بېرىددىكەن. بىر بىچارە جان تالاشماقتا، مەن ئۇنىڭلا باش پاناھىمەن. كەچ كىرگىچە يۈگۈرۈپ يۈرىمەن، خالى يولدا نان قايغۇسىدا. بىر نان تاپساق تەڭ يەيلى دېگەن، قوشنىلارنىڭ بوسۇغىسىدا.

***

تۇرمۇش مانا مۇشۇنداق قاتتىق، بەرداشلىق بەر سىناقلىرىغا، دەريادا شوخ ئۈزۈپ يۈرگەندە، قاراپ قويغىن قىرغاقلىرىغا!

2013 - يىلى 19 - دېكابىر، بېيجىڭ

## چۈشۈمنىڭ تەتۈرىسى

ماڭا قوش كۆرۈندۇڭ ئەي بالايى ئاپەت. قورققادىسېرى ئامەتلەردىنمۇ، ھەرگىز ئالدىنىپ قالماي دېدىم يۈرىكىمدىكى ھەسرەتلەرگىمۇ، تۇغۇلغاندا بىر كۆچەت ئىدىم، مېۋىسىنى يېمىش دەيدىغان، ئۈي ئىچىدە مەيىن شامالمۇ، كېسەلگە زەپ يېقىن دەيدىغان. ئېرىقتىكى سۇ بولۇپ ئاقتىم، بۇلاقلارمۇ كېلىپ قوشۇلدى، قاچان دەريا بولارمەن دېدىم، دېڭىزلاردىن ھەيرانمۇ قالدىم.

تاغ بېشىدا ئاتام قارايدۇ، سەن بىر تايچاق يايلاقلىرىڭ بار. ئات بولغاندا قوشقا قېتىلدىم، دېگەچ مېنى ئىشقا يارايدۇ. بىر تۈپ دەرەخ بولدۇم بوراندا، شاخلىرىمنى سۇندۇردى ياتلار، چالا يەيدۇ مېۋىلىرىمنى، تونۇغانلار يىغلاپ قارايدۇ، تونۇمىغانلار ماراپ قارايدۇ.

باياۋانغا پالانسام گاھى، تورغاي بولۇپ ئۈچتى دېمەڭلار. كۆل ئارىسىدا كۆمۈر چوغىمەن، ئارمان ئوتى ئۆچتى دېمەڭلار. ئوتتۇن بولار مۇش - غەزەپلىرىم، يالقۇن بولار ئۆچ - نەپرەتلىرىم. قىشتىن كېيىن باھار كېلىدۇ، سۇ بولىدۇ مۇز - كۆلپەتلىرىم، (خۇددى ئەخلەت ئوغۇت بولغاندەك) گۈل بولىدۇ دەرد - ھەسرەتلىرىم!

2013 - يىلى 19 - دېكابىر، كەچ، بېيجىڭ

## ئۆلۈمنىڭ ئۇرۇقى

يەر ئادەمدىن بۇرۇن بار ئىدى، ئادەملەر يەرلەرنى ئەگىلەپ ئىسىم قويدى. بىر تۈپ گۈل بىخ سۈرمەكتە قۇياشتىن بۇرۇن، قۇياش چىقسا ئىممەن دەپ نۇرلىرىنى. رەڭ ۋە ۋۇجۇد تەڭلا مەۋجۇت. شەبنەم ئاۋۋال بەرگىلىرىدە، ئاندىن ئاستا سىرغىيدۇ يەرگە. گۈل يىلتىزى مەكتەپتىكى بىر بالا. خەت ئۆگىنەر «ئا» دىن باشلاپ «ب» ھەرپىگە. «ئا» نىڭ ھەممىسىدە «ئېلىپ» بار. بىرنىمۇ ھەم شۇنداق يازار بىزنىڭ يېزىقىمىزدا، بۇ ھەرپ ئاۋۋال قەلبنى خۇش ئېتەر، «ب» غا كەلگەندە جاۋاب بەرمەك تەس كېلەر. ھاياتتىكى نۇرغۇن ئىشلارمۇ شۇنداق!

گۈل يىلتىزى سۇدىن كۈچ ئالار، ياپيېشىل ياپراقلىرىغا تارىلار، ئاندىن تۇگۈنلىرى گۈل بولۇپ ئېچىلار، ئادەم ۋە تەبىئەت ئۇنىڭدىن ھۇزۇر ئالار. پىشىدۇ گۈل ۋۇجۇدىدا يەنە بىر جەۋھەر، ھەرپلەر تىزىلغاندەك ئۇقۇسا لەۋلەر، بىر سۆز، بىر جۈملە، بىر ئابزاس... بىر كىتاب بىر مەنا بىرەر، مەنا ھېساب بېرىشنى ئۆگىتەر، ھېساب بېرىشنى ئويلىمىغانلار بالدۇر توزۇپ كېتەر. گۈلنىڭ ئۇرۇقى يەردە ئۈنسە، ئۆلۈمنىڭ ئۇرۇقى قەلبدە ئۈنەر. قەلبدە ئۆلۈمنىڭ ئۇرۇقى ئۈنگەنلەر سېسىغان مېۋىگە ئوخشايدۇ، ھالسىز جانغا ئوخشايدۇ، قۇرۇغان دەرەختە ئوخشايدۇ، ھەرپى يوق ئاۋازغا ئوخشايدۇ... ئۇ يەنە بۇ دۇنياغا كەلمىگەندەك كېتەر. ئۇنىڭ ئاسمىنىدا ئاي يوق، قۇياش يوق، يۇلتۇزلار يوق ھەتتا بۇلۇتلارمۇ. ئۇنىڭ زېمىنىدا تاغ يوق، دەريا يوق، ھەتتا يايلاقلارمۇ. ئۇنىڭ تەرەپلىرى يوق، يوللىرى يوق، نىشانلىرى يوق... ئۆلۈمنىڭ ئۇرۇقى قەلب ئىچىدە ئەمەس، قاپ ئىچىدە تۇرسا دەيمەن.

2013 - يىلى 20 - دېكابىر، مادىيەنچاۋ كۆۋرۈكى

# ئۆلۈمنىڭ گىردابى

بېيجىڭدىن ئۈرۈمچىگە قاراپ ماڭغان ھاۋا يولى سەپىرىدە ئۇيقۇ بىلەن خىيال ماڭا ھەمراھ. ئۇنىڭدىن باشقا ھەمراھلارمۇ بار، بىراق، ئۇلار ماڭا ھېچقانداق يېڭى تۇيغۇ، يېڭى پىكىر ئاتا قىلالمىدى. بىخەتەرلىك تاسمىسى بىلەن ئۆزلىرىنى باغلاپ، تۈرلۈك ھادىسىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋەھىمىسى ۋە خاتىرجەملىكى بىلەن ئولتۇرغان بۇ كىشىلەرنى ھەممە يەردە كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ مېنىڭ ئوي-پىكرىم بىلەن نېمە كارى، بۇ شۇنداق سەپەر، بۇ شۇنداق يول، بۇ شۇنداق ئۇچۇش. قۇشلاردەك ئەمەس، قۇشلاردىن ئارتۇق ئەقىل پاراسەت بىلەن. ئەمما قۇشلاردىن ئارتۇق ماھارەت بۇ كىشىلەردە يوق. پاراسەت بىلەن ماھارەتنىڭ پەرقى ئاردلىق، ئاۋارىچىلىك، ئاپتوماتىكلىق بىلەن پەرقلەنمەكتە. كىم كىمدىن بۇ ھۈنەر ئالاھىدىلىكنى ئۆگەندى. بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس. ئۆزۈپلا ئەلۋەتتە ئادەملەردىن بۇرۇن قۇشلار ئۇچالايتتى، دېگىلى بولمايدۇ. ئاۋۋال بىزنىڭ خىيالىمىز ئۇچقان، ئاندىن تۆمۈردىن قانات ياساپ بىز ئۇچقان. بەلكى قۇشلاردىن ئېگىز، قۇشلاردىن لەرزان، قۇشلاردىن ئۇزاق ۋە قۇشلاردىن تېز، بىخەتەر. تۇمانلار ئاستىمىزدا تۇرۇلۇپ تۇرغان چاغدا بىز چۈشۈشىمىزنى تاپالماي ئاۋارە، ئاۋارىچىلىك بار يەردە ئەڭ قورقۇنچلۇقى ئۆلۈم بىر ۋەھىمە. ئۆلۈمنىڭ گىردابى بىزنى يۆنىلىشلەرنى ئۆزگەرتىشكە ئەسكەرتمەكتە. بىر ئەمەس، مىڭىمىز مۇشۇ ۋەھىمىدە خالىغان ئورۇنغا قونالماسلىق بىزدىكى ئەقىل-پاراسەتنىڭ تېخى يېتەرسىزلىكى. بۇنىڭغا ھەرگىزمۇ ماھارەت كار قىلمايدۇ. قۇشلار ئېگىز چوققىلارغا قونالايدۇ. يانباغىرلاردىن ئورۇن ئالالايدۇ. شۇڭا دەيمەن، تەبىئەت، تەبىئىي ئىجادىيەت بىزنى كۆرەڭ يولۇچىدىن ياۋاش يولۇچىغا ئايلاندۇرماقتا. ياۋاش يولۇچى ئەلۋەتتە بۇيرۇققا ئىتائەت قىلىشى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن بىرلىك يوقىلىدۇ. بىرلىكى بولمىغان توپنىڭ ھەرىكىتى قالايمىقانلىشىدۇ. ھەرىكەت قالايمىقانلاشسا نىشان مانا مۇشۇ تۇمان ئىچىدىكى ھاياتلىقتەك ئۆلۈم گىردابىغا دۇچ كېلىدۇ. ئۆلۈم گىردابى كۆز ئالدىمىزغا، تىلىمىزغا، دىلىمىزغا نېمىلەرنى كەلتۈرمەيدۇ، دەيسىز. بىز مانا مۇشۇنداق مۈشكۈلچىلىكلەر ئىچىدە ئۆز-ئۆزىمىزنى تونۇشقا مەجبۇر بولىمىز. ئۆزىمىزنى تونۇش بىلەن بىللە ئەسلىمىزنى ئەسلەيمىز. ئەسلىمىزگە يارىلىش ۋە يوقۇلۇش داۋامىدىكى جەريانىنى ئىختىيارسىز ئەسلىتىدۇ. ئەسلىمە گاھىدا تەپەككۇرىمىزنى جەسۇر قىلىدۇ، گاھىدا گالۋاڭ قىلىدۇ. مەن قانداقلارچە قەيەردىن كەلدىم؟ قەيەرگە كېتىۋاتىمەن؟ قانچىلىك سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلىدىم؟ دېگەندەك سوئاللارنى ئالدىمىزغا تاشلايدۇ. ھاۋا يولىدىكى ئايروپىلان ئۇچماقتا، مەن ۋە ھەمراھلار ئۇيقۇدىن ئويغانغان بولساقمۇ، بىر ليوتچىكقا بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولدۇق. شۇنداق، سەپەردە بىر باشلامچى لازىم بولىدۇ. ئۇ شۇنچە ئادەمنىڭ تەقدىرىگە مەسئۇل بولۇشى كېرەك، باشلامچىغا ئىگە بولمىغان ئادەملەر توپى ئۆزى بىلگەنچە خىيال سۈرەلىگىنى بىلەن، ئۆزى بىلگەنچە ياشىيالىغىنى بىلەن، ئۆزى خالىغان نىشانغا ئوڭۇشلۇق يېتەلىشى مۇمكىن بولمايدىكەن. بىز ھايات سەپىرىدىمۇ مانا مۇشۇنداق ئايروپىلاندا ئولتۇرغۇچىلارمىز، بەزىلەر باشلامچىنىڭ قوماندانلىقىغا پىسەنت قىلماي باشلامچىسى مۇنەۋۋەر توپلارغا ئېھتىياجى چۈشىدۇ. ئۇلارغا قوشۇلۇشقا، ئەگىشىشكە، ئۇلار دېگەننى دېيىشكە، قىل دېگەننى قىلىشقا مەجبۇرلىنىدۇ. ئۇنداق قىلمايدىكەن ئۆلۈمنىڭ گىردابى ئاخىرقى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ.

مەن يولۇچىلارغا نەزەر سالدىم. ئۇلار ھەم ئىتائەتچان ھەم جەسۇر كىشىلەر ئىدى. ئۇلاردا بىرلىك بولغىنى ئۈچۈن تۇماندىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ نىشانغا ئوڭۇشلۇق قوندى. ھەققەمسايىلىرىمىز بىزنى كۈتكەن كۆلكىلىرىمىز بىلەن قۇچاقلايتتى. بىز ئۆلۈمنىڭ بايامقى ۋەھىمىسىنى ئاستا-ئاستا ئۇنتۇپ كەتتۇق. «ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا» دەپ ئۆز ئىشلىرىمىز بىلەن مەشغۇل بولدۇق. بىز مۇشۇنداق ياشىدۇق، ياشىماقچى، مەن بۇ ھۆكۈم ھەققىدە يەنە تەپەككۇر قىلىشقا باشلىدىم...

مەن بىر توپ كىشىلەر ئارىسىدىن، تارقىلىپ كېتىۋاتقان بىر توپ كىشىلەر ئارىسىدىن يەنە بىر مەقسەتلەر ئۈچۈن يىغىلىشقان كىشىلەر توپىغا قوشۇلماقتىمەن. بۇ توپ بىر سوئال ئىدى.

2013- يىلى 20- دېكابىر، كەچ، ئايروپىلان سەپىرى
2013- يىلى 21- دېكابىر، ئۈرۈمچى

# ئائىلەم

ئۇۋۇسىغا قايتقان قۇشتەك قايتىپ كەلدىم. ئائىلە مېنىڭ «ئۇۋام» ئۇ يەر مېھرىلىك تۇيغۇلارنى يەتكۈزىدىغان ۋە قوبۇل قىلىدىغان خاسىيەتلىك ماكان، ئاتا-ئانىمىز بىزنى بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە قىلغاندىن تارتىپ ئۆزىمىز ئاتا-ئانا بولغىچە ۋە بولغاندىن كېيىنمۇ بۇ خىل تۇيغۇنى بىر تىنىق ۋاقىتمۇ ئۇنتۇغان ئەمەسمىز. ئەگەر بۇ تۇيغۇ يوق بولسا ئۆزىمىزنى نېمىگە ئوخشاتساق بولار. تاشتىمۇ، دەرەختىمۇ، ماگارلار ۋە ئۇچارلاردىمۇ بۇ خىل تۇيغۇ بولىدۇ. تاش سۇ ۋە نۇردىن ئىبارەت «ئىللىق ئائىلە» سىدە «كۆلۈپ»، «ياشىرىپ»، «پارقىراپ» كېتىدۇ. دەرەخ زېمىندىن ئىبارەت «ئائىلىسى»دە سۇ ۋە ئوزۇقلۇقتىن يىلتىزى (قەلبى) ئارقىلىق بۇ خىل تۇيغۇدىن بىخ سۇرۇپ، شاخلاپ، چېچەكلەپ، مېۋە بېرىدۇ. تېلېۋىزوردىن مۇنداق بىر كۆرۈنۈشنى كۆردۈم: بىر قۇش يىراقتىن ئۇچۇپ كەلدىدە بالىلىرىغا ئوزۇقلۇق «قۇسۇپ» بەردى، قانداقتۇ بالىلىرى «ھەزىم قىلالمايدىغان»، «قاتتىق» بىر ئوزۇقلۇقنى ئاتا (ئەركەك) قۇش بولسا كېرەك ئانا قۇشنىڭ ئاغزىغا سالدى، ئانا قۇش ئۇنى «يۇمشىتىپ» بالا قۇشلارنىڭ ئاغزىغا سالدى. بۇ چاغدىكى كۆرۈنۈش قەلبىمنى لەرزىگە سالدى. بۇ ئىنسانىيەتنىڭ ھەردىكىتىگە ئوخشاش ئەمەسمۇ؟! ھايۋاناتلار دۇنياسىدىمۇ «ئائىلە» دىن ئىبارەت مۇھەببەتلىك ماكاندا «مېھرىبانلىق يەتكۈزۈش» كۆرۈنۈشلىرىنى دائىم كۆرۈپ تۇرىمىز.

مېنىڭ بۇ ئائىلەم دۇنيادىكى ھەر قانداق مىللەت ۋە قەۋملەر توپىنىڭ ئائىلىسىگە ئوخشاش مۇھەببەتكە تەشنا.

بالا - چاقىلىرىم ھەر ۋاقىت مەندىن مۇھەببەت تەلەپ قىلىدۇ، مەن ئۇلاردىن مۇھەببەت تەلەپ قىلىمەن. مۇھەببەتتە مەسئۇلىيەت بار. ئالدى بىلەن يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، تەلىم-تەربىيە، سۆھبەت - نەسىھەت مۇشۇ خىل مۇھەببەتنىڭ بىر خىل ئىپادىسىدۇر. ئاندىن قائىدە-يوسۇن، ياشاش ۋە نەتىجە يارىتىشتىكى مۇشكۇلاتلارنى يېڭىشتىكى ئۆز ئارا ياردەم ۋە بېغىشلاش يەنە بىر خىل ئىپادىسىدۇر. بىز يولىمىزنى كېيىنكىلەرگە كۆرسىتىپ بېرىمىز، ئۇلار بۇ يوللاردا ماڭغاچ يەنە يېڭى يوللارنى تاپىدۇ. بەزىدە قايمۇقىدۇ، بەزىدە توغرا يولنى بويلاپ داۋاملىق ئىلگىرىلەيدۇ. يول يوللارغا تۇتاشقان. بىز مەنزىللەرگە بېرىپ بولغۇچە يولدىن قالمىز ياكى يولداش بولىمىز. بۇ ھاياتلىقنىڭ ھەممە جەريانىدىكى قانۇنىيەت. بۇ قانۇنىيەتكە ئەمەل قىلالمايدىغانلارمۇ بار. ئۇلار پاسقىلاردۇر. ئۇلار ھېچنېمىگە ئوخشىمىغۇچىلاردۇر. ئۇلار بېرەلمەيدىغان ۋە ئالالمايدىغانلاردۇر. ئۇلار ھەر ۋاقىت گۇمراھ بولغۇچىلاردۇر.

ئائىلىدىن ئىبارەت بۇ قورغاننىڭ تاملىرى مۇكەممەل، باغلىرى باراقسان، تاغلىرى ھەيۋەتلىك، يوللىرى ئېنىق، خامانلىرى ئۆگۈتلۈك... بولۇشى كېرەك.

بىز ھەر تەرەپكە ئۇچقۇچىلارمىز، ماڭغۇچىلارمىز، «مول ھوسۇل» لىرىمىز بىلەن يەنە قايتىپ كەلگۈچىلەرمىز، بىر داستىخان ئۈستىدە ئولتۇرۇپ تاپقان-تەرگەنلىرىمىزنى كۆرسەتكۈچىلەرمىز، ئاڭلىغان-بىلگەنلىرىمىزنى سۆزلەشكۈچىلەرمىز، قايغۇ - ھەسرەتلىرىمىزگە تەسەللى بەرگۈچىلەرمىز، مەمنۇنىيەتلەردىن ھۇزۇرلىنىپ تەڭ كۈلگۈچىلەرمىز. بىلگەنلىرىمىزنى دەپ بەرگۈچىلەرمىز، بىلمىگەنلىرىمىزنى سوراپ بىلىۋالغۇچىلارمىز.

ھاياتلىق بىر تېپىشماق، ئادەم ئۇ ھەقتە ئىزدەنگۈچى، يەشكۈچى ۋە يېشىلگۈچىدۇر. مەن ئائىلەمگە قايتىپ كەلدىم، ئۆيدە ئاتا - ئانام يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ بىزگە تاپشۇرىدىغانىنى «تاپشۇرۇپ» تاپالايدىغانلىرىنى تېخى تاپالاپ بولالمايلا كېتىپ قالغان ئىدى، نۇرغۇن تېپىشماقلار بىزگە سىر پېتى قالغان ئىدى. مەن خوتۇنۇم ۋە بالىلىرىم بىلەن جەم بولدۇم. بىز سۆزلەشمەكتە، كۈلۈشمەكتە ئىدۇق.

كۈلۈشلار بالىلىرىم، سىلەرمۇ بىر كۈنلەردە ئاتا-ئانا بولىسىلەر، سىلەرمۇ بىزگە ئوخشاش غەمنى ئۆزۈڭلار يەپ، كۈلكەڭلارنى ئائىلەڭلارغا ئاتا قىلغۇچىلاردىن بولىسىلەر. شۇنىڭغىچە كۈلگەچ كەلگۈسىنىڭ تەييارلىقىنى قىلىڭلار. بىزمۇ شۇنداق قىلغان. ھەممىمىز شۇنداق قىلىمىز. بۇ ھايات نۆۋەت بىلەن ئۆتىدىغان كۈنلەرگە ئوخشايدۇ.

بۇ ھايات تۇتۇپ قالغىلى بولمايدىغان دېڭىز سۈيىگە ئوخشايدۇ.

ئاھ، ئائىلەم! سەن ھەممە نېمىسى بار قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز!

2013 - يىلى 22 - دېكابىر، كېچە، ئۈرۈمچى دۆڭ مەھەللە

---

ئاپتور: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» تەھرىراتىدا



ئابلەت ئابلىكىم

# بىلىمنىڭ قىممىتى ۋە ھەممىتى

«بىلىم كىمدە بولسا بۈيۈكلۈك تاپۇر،
ئەقىل كىمدە بولسا ئۇلۇغلۇق تاپۇر»

**يۈسۈپ خاس ھاجىپ**

بىز دائىم كىشىلەرنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئالدىنىۋاتقانلىقىنى، مۇشۇ سەۋەبتىن زارلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ياكى ئاڭلاپ تۇرىمىز. كىشىلەر ئالدانغاندىن كېيىنلا خاتالىقىنى ھېس قىلىدۇ ۋە پۇشايمان قىلىدۇ. ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، بەزى كىشىلەر تەكرار-تەكرار ئالدىنىدۇ. تارىختىكى نۇرغۇن قىسمەتلەرمۇ ئەمەلىيەتتە ئالدىنىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئىلگىرىكى نۇرغۇن قۇدرەتلىك خانلىقلار ئالدىنىش سەۋەبىدىن گۇمران بولغان. تالاي باھادىر - ئەزىمەتلەر ئالدىنىش تۈپەيلىدىن جېنىدىن جۇدا بولغان. دېمەك ئىنسانىيەتنىڭ نەچچە 1000 يىللىق مەدەنىيەت تارىخىدا «ئالداش» ۋە «ئالدىنىش»تىن ئىبارەت بۇ مەسىلىنىڭ ئىزچىل مەۋجۇت بولۇپ كەلگەنلىكىنى بايقايمىز.

كىشىلىك ھايات بىر سەھنىگە ئوخشايدۇ، بۇ سەھنىدە بەزى كىشىلەر ئالدامچىلارنىڭ، بەزىلىرى ئالدانغۇچىلارنىڭ رولىنى ئالىدۇ. مەن ئالدامچىلارغا ئالدانغان نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن پاراڭلاشتىم، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قانداق ئالدانغانلىقىنى تۇيماي قالغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەدەنىيەت ساپاسى تۆۋەن كىشىلەر بىر قەدەر كۆپ نىسبەتنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ كەچمىشلىرى كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. ئۇنداقتا كىشىلەر نېمىشقا ئالدىنىدۇ، ئۇنىڭ مەنبەسى نېمە؟ بۇ ھەقتە ئويلىنىش ۋە چوڭقۇر تەپەككۇر يۈرگۈزۈش ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارايمەن.

**كىشىلەر ئىلىمسىزلىك ۋە نادانلىق سەۋەبىدىن ئالدىنىدۇ**

دانالىرىمىز «دۇنيادا بىرلا ئېزگۈلۈك بار، ئۇ بىلىم. بىرلا زالىم پادىشاھ بار، ئۇ نادانلىق» دەپ تولىمۇ توغرا ئېيتقان. بىلىمسىزلىك نادانلىقنى، نادانلىق خۇراپاتلىقنى ئاپىرىدە قىلىدۇ. خۇراپاتلىق پاتقىقىغا پاتقان كىشىلەر ئاسانلا باشقىلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشىدۇ.

تارىختىكى نۇرغۇن زالىم ھۆكۈمرانلار ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ نادانلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى ئالدىغان. ئاپپاق غوجىغا ئوخشاش بىر قىسىم دىنىي روھانىلار، تۇرلۇك سېھرىي ۋاستىلەر-

دانا ۋە ئاگاھ بولۇڭ

دىن پايدىلىنىپ، ئاۋامنىڭ كۆزىنى بوياپ، ئۇلارنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ رەزىل مەقسىتىگە يەتكەن. گەرچە ئاپپاق غوجا سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى ئىسمايىلخاننى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئالتە شەھەرنى مەركەز قىلغان مۇستەبىت ھاكىمىيەت قۇرۇپ، كىتابلارنى كۆيدۈرۈپ، خەلق ئارىسىغا تەپرىقىچىلىك سېلىپ، جاھالەتلىك بىر دەۋرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە سەۋەب بولغان بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەر ئۇنىڭ رەزىل مەقستىنى ھېس قىلالمىغان. چۈنكى بىلىمسىزلىك، نادانلىق كىشىلەرنىڭ ئاق - قارىنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى نابۇت قىلىپ، ئۇلارنى كۆزى ئوچۇق قارىغۇلارغا ئايلاندۇرۇپ قويغان.

بۇنىڭدىن ئىلمىسىزلىك ۋە نادانلىقنىڭ، خۇددى قارا پەردىدەك، كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر كۆزىنى توسۇۋالىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. شۇڭا «بىر نەچچە ئەسىرلىك جاھالەت دەۋرىدە خەلقىمىز خۇددى جۇۋاز كالىسىدەك مەقسەت - نىشانسىز ھالدا بىر نۇقتىنى چۆرگىلەۋېرىپ ھالسىز، جانسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. جانلىق تەپەككۇر ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلالماي، ئەكسىچە مەجازى ۋاستىلەرگە، ساماۋى، شېرىن، غايىۋى نەرسىلەرگە بېرىلىپ، تەپەككۇر ئاددىيلىقى، ئەقىدە چۈشكۈنلۈكى كەلتۈرۈپ چىقارغان مەرىپەتسىزلىك، جاھالەت قۇيۇنلىرىنى كۈچەيتىپ مەدەنىيەت گۈلشىنىمىزنى سۇسىزلاندۇرۇپ قۇرۇتۇۋەتتى» («ئادەت كۈچى ۋە تەپەككۇردىن ياتلىشىش» تىن).

بىلىم — ئوبيېكتىپ شەيئىلەر ھەققىدىكى تونۇش، چۈشەنچىلەرنىڭ يىغىندىسى بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنىدۇر. بىلىم ئادەمنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئاچىدۇ، تەپەككۇرنى جانلاندۇرىدۇ. نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ. ئىنساننىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى قانچە مول، بىلىش دائىرىسى كەڭ بولسا، ئۇنىڭ رېئاللىقنى تونۇشى، توغرا بىلەن خاتانى، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ.

قەدىمكى زامانلاردا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلماسلىقى سەۋەبىدىن كىشىلەرنىڭ ئاڭ - سەۋىيىسى ئىنتايىن تۆۋەن باسقۇچتا بولغان، شۇڭا ئۇلار تەبىئەت ۋە روھىيەتكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنىڭ ماھىيىتىنى بىلىشكە قادىر بولالمىغان.

ئىنسانىيەتنىڭ بىلىش دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئىنسانلار تەبىئەتتىن قورقۇش، ئەيمىنىشتىن ئۇنىڭغا قىزىقىش، ئۇنىڭ سىرىنى ئېچىشقا يۈزلەندى. شۇڭا ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى ئۆزى ۋە تەبىئەت ئۈستىدە ئىزدىنىش تارىخى دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» ناملىق كىتابىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، ئىنسانىيەت دۇنيانىڭ ماھىيىتى ۋە ئىنساننىڭ ئۇنىڭدىكى ئورنى توغرىسىدا دىيالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق بىلىش شەكلىگە ئېرىشىشتىن ئىلگىرى تۆت خىل بىلىش باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتكەن.

بىرىنچى، ئانىمىزملىق (1) ۋە قەدىمكى دېئىزملىق (2) بىلىش شەكلى؛ ئىككىنچى، بىر خۇدالىق دىنلارغا ھامىلىق قىلىدىغان تېئىزملىق (ئىلاھچىلىق) بىلىش شەكلى؛ ئۈچىنچى، تەڭرى بىلەن تەبىئەتنى بىر گەۋدە سۈپىتىدە مۇھاكىمە قىلىدىغان پانتېزملىق بىلىش شەكلى؛ تۆتىنچى، ئاتېزم (ئىلاھسىزلىق) ئاساسىدىكى مېخانىك ماتېرىيالىزملىق ۋە ئانتروپولوگىزملىق (3) بىلىش شەكلى. بۇنىڭدىن ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇرىنىڭ، ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، قەدەممۇقەدەم تەرەققىي قىلىپ، مۇكەممەللىشىپ، بۈگۈنكى ھالغا كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

دۇنيا بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىگە قەدەم قويغان بولسىمۇ، لېكىن بىر قىسىم كىشىلىرىمىز يەنىلا ئىلمىسىزلىك ۋە نادانلىقنىڭ خىرىسىغا دۇچ كەلمەكتە. ئىلىم ئۆگىنىش تەرەققىي قىلغان ئەللەرگە نىسبەتەن ھەممە ئادەم ئېتىراپ قىلىدىغان ئاددىي بىر ھەقىقەتكە ئايلانغان بولسىمۇ، لېكىن بىز ئىلىم ئۆگىنىشنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئۇنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلدۇرۇش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىمىز. شۇ سەۋەبتىن ئەتراپىمىزدا نۇرغۇن تىراگېدىيەلەر ۋە قىسمەتلەر يۈز بەرمەكتە. ھەر خىل قىسمەتلەرنىڭ يىلتىزىنى ئىزدىگىنىمىزدە يەنىلا ئىلمىسىزلىك بىلەن باغلىنىشلىق بولۇپ چىقىدۇ. بۇنىڭدىن ئىلمىسىزلىك ۋە نادانلىقنىڭ كىشىلەرنىڭ بەختسىزلىكىگە، ئالدىنىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئامىل ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

**ھېسسىيلىق، ئەقلىي تەپەككۇرنىڭ كەملىكى سەۋەبىدىن ئالدىنىدۇ**

پسىخولوگلار ئىنساننىڭ ئاڭ قاتلىمىنى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئاڭ دەپ ئىككىگە ئايرىيدۇ. ئاشكارا ئاڭ

ئىدراكىيلىقنى مەنبە قىلسا، يوشۇرۇن ئاڭ ھېسسىيلىقنى ئاساس قىلىدۇ، ئىنسان 80% يوشۇرۇن ئاڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولىدۇ. شۇڭا كۆپ ساندىكى ئىنسانلارنىڭ ھېسسىيلىققا مايىل بولۇشىنىڭ سەۋەبمۇ مۇشۇ يەردە.

ئادەملەرنى تەپەككۇر قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن، ئەقلىي ئادەم، ھېسسىي ئادەم دەپ ئىككى تىپقا ئايرىشقا بولىدۇ. ئەقلىي ئادەم كونكرېت ئىش - پائالىيەتلەردە ئەقلىنى چىقىش نۇقتىسى قىلسا، ھېسسىي ئادەم ھېسسىيات ۋە تۇيغۇغا تايىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئەقلىي ئادەم سالماق، تەمكىن، مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئىقتىدارىغا خاسلىققا ئىگە بولسا، ھېسسىي ئادەم ئالدىراقسان، ھېسسىياتى تۇراقسىز، مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئىقتىدارى ئاجىز بولىدۇ. ئەقلىي ئادەم پاكىتقا ھۆرمەت قىلىدۇ، ھېسسىي ئادەم پاكىتنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ھېسسىي ئادەملەر ئاسانلا باشقىلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ قالىدۇ. چۈنكى، ھېسسىي ئادەملەرنىڭ مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئىقتىدارى ئاجىز بولغاچقا، ئۇلار باشقىلارنىڭ قارىشىغا زىيادە ئەھمىيەت بىلەن قارايدۇ، مەلۇم مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە، ئۆزىنىڭ مۇستەقىل قارىشىغا تايانماي، شۇ مەسىلىگە باشقىلارنىڭ قانداق قارايدىغانلىقىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىدۇ.

جاھالەتلىك 17 -، 18 - ئەسىرلەردە بىر قىسىم فېئودال ھۆكۈمرانلار ۋە ئاۋامنىڭ بۇخارا، سەمەرقەنتتىن كەلگەن سوپى - ئىشانلارغا ئالدىنىپ، ئۇلارغا ئەگىشىپ، يېتەكلىنىپ، ئاخىر تولىمۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالدا قالغانلىقى، ئىلى سۇلتانلىقى دەۋرىدە بىر غوجىنىڭ «بىر سۇف بىلەن مىڭلىغان كىشىلەرنى ئۆلتۈرەلەيمەن» دېسە نادان ئاۋامنىڭ ئۇنىڭغا ئىشەنگەنلىكى، موللا بىلال بىننى موللا يۈسۈپنىڭ «چاڭموزا يۈسۈپخان» داستانىدا تەسۋىرلەنگەن قوقەندىن كەلگەن يۈسۈپ ئىسىملىك بىر ئالدامچىنىڭ ئۆزىنى «غوجا ئەۋلادى» دېسە تالاي كىشىلەرنىڭ ئۇنى «غوجام»، «پىرىم» دەپ ئۇنىڭغا قول بەرگەنلىكى، ئۇنى ئەتىۋارلاپ كۈندە مېھمانغا چاقىرغانلىقى، كېيىن قوقەندىن كەلگەن بىرەيلەننىڭ ئۇنى تونۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئەپت - بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىغانلىقى، ئەسلىدە ئۇنىڭ قىماردا مال - بىساتىدىن ئايرىلىپ، قەرزگە بوغۇلۇپ، ئىلىغا قېچىپ كەلگەن بىر ئالدامچى ئىكەنلىكى قاتارلىق تارىخىي ۋەقەلەر، بۈگۈنكى زامانىۋى دەۋرىمىزدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ «ئۇ دۇنياغا بېرىپ كەلگەن ئايال»، «يىلانغا ئايلانغان قىز»، «سېھىرلىك بۇلاق» قاتارلىق سەپسەتىلەرگە ئىشىنىپ، ئۇنى تارقىتىپ يۈرۈشلىرى. قاتارلىق ئەھۋاللار بۇ پىكرىمىزنى دەلىللەپ بېرىدۇ. ئۇ دۇنياغا بېرىپ كېلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى ئەقەللىي ساۋات بولۇپ، كىشىلەر نېمىشقا مۇشۇنداق سەپسەتىلەرگە ئىشىنىدۇ؟ بۇ دەل ئەقىلدىن ياتلىشىپ ھېسسىيلىققا بېرىلگەنلىكنىڭ ئىپادىسى.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ھەرقايسى ساھەلەر بويىچە ئەڭ كاتتا ئالىملارنى تەشكىللەپ، دۇنيا مىقياسىدا تارقىلىپ يۈرگەن «نېس كۆلىدىكى غەلىتە مەخلۇق» قاتارلىق دۇنياۋى سىرلىق، غەلىتە ئەھۋاللارنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغان. ئەتراپلىق تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئالىملار بۇ سىرلىق ھادىسىلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە كىشىلەر توقۇپ چىققان يالغان ھېكايىلەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان.

ئەتراپىمىزغا نەزەر تاشلىساق، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادقا تەۋە بولغان ئەقىدىلەرگە ئىشىنىپ، ئۆزى ۋە ئۆزگىلەرنى ئالداۋاتقانلىقىنى بايقايمىز. بىزدە ھېلىغىچە ئۆزىنىڭ بەخت - تەلىيى، تەقدىرىنى رەمچى، داخانلاردىن ئىزدەۋاتقانلار ساماندەك. ئىپتىدائىي ئېتىقاد — ئىپتىدائىي تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئىپتىدائىي تەپەككۇر سەۋەب - نەتىجىلىك مۇناسىۋىتى بولمىغان، ئابستراكت تەپەككۇر دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىگەن «ئومۇمىي تەسەۋۋۇر» تەپەككۇر شەكلىدۇر. زامانىۋى جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ئىپتىدائىي تەپەككۇر ئاسارىتىدىن قۇتۇلالماسلىقى تۈپ ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا بىر خىل پاجىئەدۇر.

«قانۇن ۋە پۇقرا» پىروگراممىسىدىكى دېلو مىسالىغا ئاساسلانغاندا، مەلۇم ئالدامچى ئايال، «ئالىي مەكتەپ پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىمەن» دەپ، 100 دىن ئارتۇق ئاتا - ئانىنىڭ نەچچە مىليون يۈەن پۇلىنى ئالداپ ئېلىۋالغان. شۇنچە كۆپ ئادەم باشقىلارنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ كەتكەن، ئادەتتىكى بىر ئايال شۇنچە كۆپ بالىنى قانداق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىدۇ؟ ئۇلار بۇ مەسىلە ھەققىدە ئويلانمىغان، دۆلەتنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرىگە ئىشەنمىگەن، ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇلارنىڭ ئەقلىي تەپەككۇرغا ئەمەس، ھېسسىياتقا تايانغانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

كىشىلىك ھاياتتا بىلىم ۋە ئەقىل - پاراسەت ئوخ

شاشلا مۇھىم بولسىمۇ، ئەقىلنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرىگە كۆرسەتكەن تەسىرى گەۋدىلىك بولغان، «قابۇسنامە» دىكى «ئەقىلسىز دوستۇڭدىن، ئەقىللىق دۈشمىنىڭ ياخشى» دېگەن ھېكمەت، «تۆگىدەك بويۇڭ بولغىچە، تۈگمىدەك ئەقلىڭ بولسۇن» قاتارلىق تەمسىل ۋە ھېكمەتلەر بىزگە ئەقىلنىڭ ھاياتلىقتىكى رولىنى يەنىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدۇرىدۇ.

ئەخلاق ئەقىل - پاراسەت بىلەن بىرلەشكەندىلا ئاندىن يۈكسەكلىككە ئىگە بولالايدۇ، چۈنكى، ئەخلاقنىڭ مەنبەسى ئەقىل - ئىدراك، ئەقىل - پاراسەت بىر جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، گۈزەل ئەخلاق بەرپا قىلىش ئۈچۈندۇر. ئەقىل — ئەخلاقنىڭ مەنبەسى بولسا، ئەخلاق ئەقىلنىڭ دەرياسىدۇر. ئەقىل ئارقىلىق تەن روھلانسا، ئەخلاق ئارقىلىق روھ نۇرلىنىدۇ. ئەقىلدىن ياتلاشقان ئەخلاق مەيلى ئۇ قانداق نىقابلانمىسۇن ساختا ئەخلاقتۇر.

ئەقىل كۆزىتىش، دىققەت، ئەستە ساقلاش، تەسەۋۋۇر، تەپەككۇر قاتارلىق ئامىللاردىن تەركىب تاپىدۇ، ھېسسىيات غەيرىي ئەقىل دائىرىسىگە كىرىدۇ. مۇقەددەس كىتابلاردىمۇ ئەقىل ئۇلۇغلانغان. شۇڭا دانالىرىمىز ئەقىلنى ئۇلۇغلاپ، كىشىلەرنى تەپەككۇر بىلەن ياشاشقا دالالەت قىلىپ كەلگەن.

### تەجرىبىسىزلىك سەۋەبىدىن ئالدىنىدۇ

تەجرىبە ئادەمنىڭ ئەمەلىيەت جەريانىدا بىۋاسىتە ھېس قىلغان بىلىمىنى كۆرسىتىدۇ. تەجرىبە ئارقىلىق ھېس قىلغان بىلىم تېخىمۇ مۇكەممەل ۋە ئىشەنچلىك بولىدۇ. شۇڭا ئەجدادلىرىمىز «1000 پارچە كىتاب ئوقۇغىچە، 1000 چاقىرىم يول يۈر» دەپ ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئېرىشىلگەن بىلىمنىڭ مۇھىملىقىنى نامايان قىلغان.

ئادەم ئۈچۈن كىتابىي بىلىم مۇھىم بولۇپلا قالماي، تۇرمۇش بىلىمىمۇ زۆرۈردۇر. تۇرمۇشنىڭ ئۆزى كاتتا بىر مەكتەپ. شۇڭا، ئاتاقلىق شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ «تۇرمۇش مۇرەككەپ ئۇ سىرلىق مەكتەپ، ھاياتقا چۆككىن زېھنىڭنى قويۇپ. چىن ئادەم بولاي دېسەڭ ئەگەردە، ئۆگەن تۇرمۇشنى راسا ئىنچىكىلەپ» دەپ، تۇرمۇش بىلىمىنىڭ ئىنسان ئۈچۈن شۇنچىلىك مۇھىملىقىنى ئىپادىلىگەن. بىر ئادەمنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىسى، بىلىدىغانلىرى قانچە كۆپ بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ياشاش ئىقتىدارى يۇقىرى، ئالدىنىش نىسبىتى تۆۋەن بولىدۇ.

ياپونىيەلىك ئايال بىلەن جۇڭگولۇق ئايالنىڭ تۈگرىنى خام يەيمەن دەپ تۇرۇۋالغان ئوغلىغا تۇتقان پوزىتسىيەسى ئوخشاش بولمىغان. جۇڭگولۇق ئايال ئوغلىنى خام تۈگرە يېيىشتىن قاتتىق چەكلىگەن، ئوغلىغا خام تۈگرىنى يېيىشكە بولمايدىغانلىقىنى ئەتراپلىق چۈشەندۈرگەن. لېكىن بالىنى قايىل قىلالمىغان. ياپونىيەلىك ئايال بولسا، ئوغلىغا خام تۈگرىنى يەپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلغان، بالا يەپ بېقىپ خام تۈگرىنى تۈكۈرۈۋەتكەن، ئۇ خام تۈگرىنى يېسە بولمايدىغانلىقىنى بىۋاسىتە ھېس قىلغان. بۇ قارىماققا كىچىك ئىش بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىككى كىشىنىڭ تەپەككۇرىدىكى پەرقنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بەزى ئادەملەر نېمىشقا ئاسانلا ئالدىنىپ قالىدۇ؟ چۈنكى، ئىنسان ئۆزىنىڭ ماھىيىتىنى يوشۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە. كىم بىزنىڭ دوستىمىز، كىم دۈشمىنىمىز بىز دەماللىققا بىلەلمەيمىز، «دوستلار» ناملىق ھەجۋىي رەسىمدە ئىككى دوستنىڭ ئوڭ قولىدا قىزغىن كۆرۈشۈۋاتقان، چېھرىدە تەبەسسۇم پارلاپ تۇرغان، ئىككىلىسىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇۋالغان سول قولىدا پىچاق تۇتۇۋالغانلىقى ھەجۋىيلەشتۈرۈپ ئىپادە قىلىنغان. بۇنىڭدىن بىز ئىنسان خاراكتېرىنىڭ «قېلىپ»قا چۈشمەيدىغانلىقىنى، ئىنسان تەبىئىتىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى ھېس قىلالايمىز.

«بۇۋى مەريەم چېركاۋى» ناملىق فىلىمدىكى گۈزەل قىز سەلخاردۇ كېلىشكەن ئاقسۆڭەك يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ، دۇنيادىكى ئەڭ سەت ئادەم دەپ تەرىپلەنگەن كاشىمدۇدىن يىرگىنىدۇ، فىلىم ئاخىرىدا ئاق سۆڭەك يىگىت قىزغا ئاسىيلىق قىلىدۇ، ئاق كۆڭۈل كاشىمدۇ قىزنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ھاياتىنى تەقدىم قىلىدۇ. فىلىمدە ئىنسان گۈزەللىكىنىڭ ئۇنىڭ تاشقى قىياپىتىگە ئەمەس، قەلبىگە يوشۇرۇنغانلىقى ئىپادىلەنگەن. دوستىمىز دەپ بىلگەن كىشىلەرنىڭ بىزگە ئورا كولاۋاتقانلىقىنى، دۈشمىنىمىز ھېسابلىغانلارنىڭ ۋاقتى كەلسە دوستلۇق قولىنى سۇنىدىغانلىقىنى بىلگىنىمىزدە ئەپسۇسلىنىمىز، بۇ ئىنساننىڭ ساختا كۆرۈنۈش ھاسىل قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ بىر پەيلاسوپنىڭ «بىزگە تونۇش بولغان نەرسىلەرنىڭ بىز پىششىق بىلىدىغان نەرسىلەر بولۇشى ناتايىن» دېگەن مەشھۇر سۆزىنى ئەسىمىزگە سالىدۇ.

بىر ئادەمنىڭ بىلىش دائىرىسى چەكلىك بولىدۇ، ئادەم مەلۇم ساھەدە مول بىلىم ۋە تەجرىبىگە ئىگە بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ يەنە بىلمەيدىغان نۇرغۇن ساھەلىرى بولىدۇ. لېكىن مۇئەييەن بىلىش، تەجرىبە، ئەقىل - پاراسەت، ئىجادىي تەپەككۇر قاتارلىقلار ئادەمنى ئۆزىدىن ھالقىغان ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلالايدۇ. ئىنسان تەجرىبە ئارقىلىق ئۆزىدىكى ئاجىزلىقلارنى تولدۇرالايدۇ.

بىر قىز تۇيۇقسىز كۆلگە چۈشۈپ كېتىپتۇ، بۇنى كۆرگەن بىرەيلەن قىزنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، ھېچنېمىنى ئويلىمايلا ئۆزىنى كۆلگە ئېتىپتۇ. لېكىن ئۇ قىزنى قۇتقۇزالمايلا قالماستىن ئۆزىمۇ خەتەر ئىچىدە قاپتۇ، بۇنى كۆرگەن يەنە بىرەيلەن ياندىكى ماگىزىنغا كىرىپ، ئۇزۇن بىر ئارغامنى ئېلىپ چىقىپ، بىر ئۇچىنى بېلىگە باغلاپ، يەنە بىر ئۇچىنى ئەتراپتىكى كىشىلەرگە تۇتقۇزۇپ، ئاندىن ئۆزىنى كۆلگە ئېتىپ، غولاچ تاشلاپ قىزنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ، ئاندىن كىشىلەرگە ئارغامنى تارتىشنى ئېيتىپتۇ، نەتىجىدە قىز قۇتقۇزۇپ قېلىنىپتۇ. دېمەك، ئادەم مول تەجرىبە ۋە ئەقىل - پاراسەتكە تايانغاندىلا، ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ياشاش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرەلەيدۇ.

«قىزىق ياغقا تاشلانغان پاقا» ھەققىدىكى مىسال گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ھەممە ئادەم تىلغا ئالىدىغان نەقىلگە ئايلىنىپ قالدى. تەتقىقاتچىلار قازاندا قايناۋاتقان ياغقا بىر پاقىنى تاشلىغان، پاقا ناھايىتى چاققانلىق بىلەن قازاندىن سەكرەپلا سىرتقا چىقىپ كەتكەن، تەتقىقاتچىلار ئاندىن ئۇ پاقىنى مۇزدەك سۇ قۇيۇلغان قازانغا سېلىپ، تېگىدىن ئوت قالاپ، تېمپېراتۇرانى تەدرىجىي ئۆرلەتكەن، پاقا دەسلەپ تولىمۇ ھۇزۇرلۇق ھېس قىلىپ، قازان ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا ئۈزۈپ يۈرگەن، تېمپېراتۇرا ئۆرلەپ يۇقىرى چەككە يەتكەندە، ھەرقانچە قىلىپمۇ قازاندىن چىقالماي ئۆلگەن».

بۇ تەلىم - تەربىيەدىكى ئىزچىللىق ۋە باشقا جەھەتلەرگە تەتبىقلاشقا بولىدىغان مىسال بولغاچقا كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلار ماقالە - ئەسەرلىرىدە، ناتىقلار لېكسىيەلىرىدە بۇ نەقىلدىن ئۈنۈملۈك پايدىلاندى، لېكىن مەلۇم گېزىتتىن بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ مۇشۇ تەجرىبىنى ئىشلەپ باققانلىقىنى، ئەمەلىيەتنىڭ ھېلىقى نەقىلدە ئېيتىلغاندەك بولمىغانلىقىنى، پاقىنى قازاندىكى مۇزدەك سۇغا سېلىپ، تېمپېراتۇرانى ئۆرلەتكەندە، پاقىنىڭ سۇدىكى ئۆزگىرىشنى سېزىپ، دەرھال قازاندىن سەكرەپ چىقىۋالغانلىقى توغرىسىدىكى ماقالىسىنى ئوقۇپ، مەنمۇ شۇ تەجرىبىنى قايتا ئىشلەپ باقتىم، ئەمەلىيەت ئوقۇتقۇچىنىڭ يازغىنىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى. دېمەك، بىلىم ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەندىلا ئىشەنچلىك ۋە تەۋرەنمەس بولىدۇ.

جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئالدامچىلىقنى كەسىپكە ئايلاندۇرۇۋالغان بىر قىسىم كىشىلەر، ئۆزىنىڭ ئۇسۇل ۋە تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، زامانغا لايىقلاشتۇرۇپ، تېخنىكىلىق ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىپ ئالدامچىلىق قىلىشقا باشلىدى. گەرچە دۆلەتنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرى كۈندىن - كۈنگە مۇكەممەللىشىپ، ئالدامچىلار ئۆزىنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى يەۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئادەم ئادالەتكە ئېرىشكىچە نۇرغۇن دىشۋارچىلىقلارغا ئۇچرايدىغان گەپ.

شائىر ئوسمانجان ساۋۇت «ياشاش لوگىكام» ناملىق شېئىرىدا «مەيگە مۇشلۇق مەيلەر مېنى ئالالماس، ساقى ئىچسە ئاندىن مەنمۇ ئىچمەن» دېگەندەك، رېئاللىق كىشىلەرنىڭ ھوشيار ۋە سەگەك بولۇشىنى تەلەپ قىلماقتا. مول ھاياتلىق ۋە تۇرمۇش تەجرىبىلىرىگە ئىگە كىشىلەرلا رەڭدار ھاياتلىق سەھنىسىدە غالىبلارنىڭ رولىنى ئالالايدۇ ۋە خاتىرجەم ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ.

**مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنىڭ كەملىكىدىن ئالدىنىدۇ**

مۇستەقىل پىكىر قىلالماسلىق بىر ئىنسانغا نىسبەتەن پاجىئەدىن دېرەك بېرىدۇ. مائارىپنىڭ تۈپكى مەقسىتى ئىنساننىڭ ياشاش ئېھتىياجىنى بىلىم جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلىش بولۇپ، بۇ خىل ئېھتىياجنى قامدىيالمىغان مائارىپ سۈپەتسىز مائارىپتۇر. ئادەمنىڭ مۇستەقىل پىكىر قىلالماسلىقى، مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارىغا ئىگە بولالماسلىقى ئۇنىڭ بىلىمدىن ياتلاشقانلىقىنىڭ ئىپادىسى خالاس.

مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولمىغان ئىنسان ئاسانلا باشقىلارنىڭ دامىغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇ

كونكرېت مەسىلىگە يولۇققاندا، نېمە ئۈچۈن دەپ ئۆزد-
گە سوئال قويمايدۇ، بەلكى شۇ مەسىلىگە باشقىلارنىڭ
قانداق قارايدىغانلىقىغا دىققەت قىلىدۇ.

سوقرات قىپقىزىل ئالمىنى كۆتۈرگىنىچە سىنىپقا
كىرىپ كەپتۇ، ئۇ سىنىپ ئىچىنى تولۇق ئايلىنىۋەتكەند-
ىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلاردىن ئالمىنىڭ ھىدىنى پۇرىغان -
پۇرىيالمىغانلىقىنى سوراپتۇ ۋە پۇرىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ
قول كۆتۈرۈشىنى تەلەپ قىپتۇ.

— خۇش پۇراق كېلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ بىر قىسىم
ئوقۇغۇچىلار قول كۆتۈرۈپ.

سوقرات سىنىپ ئىچىنى يەنە بىر قېتىم ئايلانغاندىن
كېيىن، يەنە ھېلىقى سوئالنى سوراپتۇ.

— خۇش پۇراق كېلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ يەنە بىر
تۈركۈم ئوقۇغۇچىلار قول كۆتۈرۈپ، پەقەت بىرلا ئو-
قوغۇچى قول كۆتۈرمەي، تېڭىرقاپ تۇرۇپ قاپتۇ.
سوقرات 3 - قېتىم ھېلىقى ئوقوغۇچىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ،
يەنە شۇ سوئالنى تەكرارلاپتۇ.

— پۇرىدىم، خۇش پۇراق كېلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ
ھېلىقى ئوقوغۇچى ئۆزىدىن باشقا بارلىق ئوقوغۇچىلار-
نىڭ قول كۆتۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ.

سوقرات شۇندىلا مۇنبەرنىڭ ئالدىغا كەپتۇ - دە،
ھېلىقى قىزىل ئالمىنى قولىدا ئېگىز كۆتۈرۈپ، كۆچەپ
باسقانىكەن، ئالما ئىككىگە ئاجراپتۇ. ئەسلىدە ئۇ پۇراق-
سىز سولياۋ ئالما ئىكەن. بۇ مىسال بىزنى چوڭقۇر ئويغا
سالىدۇ، ھېلىقى ئوقوغۇچى ئەسلىدە سەممىي بولۇپ،
ئالمىنىڭ پۇرىقىنى پۇرىيالمىغانىدى، لېكىن ئۇ نېمىشقا
يالغان ئېيتىشقا مەجبۇر بولدى؟ بۇ دەل ئۇنىڭ ئۆزىگە
بولغان ئىشەنچىنىڭ يېتەرسىزلىكى، مۇستەقىل پىكىر قى-
لالمىغانلىقى، ئېقىمغا ئەگەشكەنلىكى سەۋەبىدىن بولغان.

دانالىرىمىز «بالاڭغا بېلىق بەرمەي، قارماق بەر»،
«بالاڭغا ئات بېشىدەك ئالتۇن بەرگۈچە، مىسنى ئالتۇنغا
ئايلاندۇرىدىغان ھۈنەرنى ئۆگىتىپ قوي» دېگەندەك
بۇيۇك نەسىھەتلەرنى قالدۇرغان. ئېينىشتېين «مۇستە-
قىل پىكىر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئوقوغۇچىلارنى يېتىل-
دۈرەيلى» ناملىق ماقالىسىدە مۇستەقىل پىكىر قىلىش
ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش مائارىپنىڭ مۇھىم مەقسەتلىرى-
دىن بىرى ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتكەن. دېمەك، ئادەم
مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغاندىلا،

توغرا - خاتا، ھەق - ناھەق مەسىلىلىرىدە ئادىل ھۆكۈم
چىقىرالايدۇ. ئۆزلۈككە ئەھمىيەت بېرىپ، ھاياتنى قىم-
مەتكە ئىگە قىلالايدۇ، بىر ئادەم ئالدى بىلەن ئۆزى بو-
لۇشى كېرەك، خاسلىق ۋە ئۆزلۈك تۇيغۇسىدىن ئايرىل-
غان ئادەم، باشقىلارنىڭ سايىسىدىن باشقا نەرسە
ئەمەس.

جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، ئىنسانىيەت تەرەق-
قىياتىغا پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ئىككى خىل
پسىخىك توسالغۇ بار بولۇپ بىرى، نوپۇزغا چوقۇنۇش
پسىخىك توسالغۇسى، يەنە بىرى ساددا قىياپەتنى كۆزگە
ئىلماسلىق پسىخىك توسالغۇسىدۇر. نوپۇزغا زىيادە چو-
قۇنۇش ئىجادىيەت ئىقتىدارىنىڭ دۈشمىنى بولۇپ، ئۇ
ئىنساننى مەنىۋى قۇلغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. تارىختىكى
نۇرغۇن كەشپىيات - ئىختىرالار ماھىيەتتە نوپۇزغا جەڭ
ئېلان قىلىش سەۋەبىدىن بارلىققا كەلگەن. ساددا قىياپەت-
نى كۆزگە ئىلماسلىق، شەكىل ۋە ھادىسىگە ئەھمىيەت
بېرىپ، مەزمۇن ۋە ماھىيەتكە سەل قاراش بولۇپ، ئۇ
كىشىلەرنى كۆزى ئوچۇق قارىغۇلارغا ئايلاندۇرۇپ قويە-
دۇ.

باشقىلارنىڭ سۆزىگە ئاسانلا ئىشىنىپ قېلىش،
ئۇنىڭ توغرا خاتالىقى ئۈستىدە ئويلانماسلىق، باشقىلار-
نى قارىسىغا دوراش، مودا قوغلىشىش، ئۆزلۈك تۇيغۇسى-
غا ئەھمىيەت بەرمەي، باشقىلارنى مەركەز قىلىپ ياشاش،
ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلماي، شۆھرەتپە-
رەسلىك قىلىش، نوپۇزغا چوقۇنۇش، نام - ئاتاق قوغلى-
شىش، ئېقىمغا ئەگىشىش قاتارلىقلار ماھىيەتتە مۇستەقىل
پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنىڭ يېتىلمىگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى
بولۇپ، بۇ خىل تىپتىكى ئادەملەر ئاسانلا باشقىلارغا ئال-
دىنىپ قالىدۇ.

## ناتوغرا ئىدىيە سەۋەبىدىن ئالدىنىدۇ

ئەنگلىيەلىك يازغۇچى ئوسكار ۋىلىد «دۇنيادا ئا-
دەمنىڭ ئىدىيەسىدىنمۇ قىممەتلىك نەرسە يوق، ئۇنىڭغا
ھەرقانداق نەرسىنى سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ» دېسە،
جۇخېجۇن «ئادەمنى تەبىئەت دۇنياسىدىكى باشقا جانلىق-
لار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇ ئىنتايىن كىچىك ھەم
ئاجىز. بىراق، ئادەم ھەم ئۇلۇغ ھەم قۇدرەتلىك،
چۈنكى، ئۇنىڭدا ئىدىيە بار. ئەگەر ئادەمدە ئىدىيە بول-
مىسا، ئۇ باشقىلارنىڭ ئاغزىغا قارايدىغان، تاماق يېيىش

ئۈچۈن ياشايدىغان تىرىكتاپتىن باشقا نەرسە ئەمەس، دېگەن. بۇنىڭدىن ئىدىيەنىڭ ئادەم ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىملىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

ئىدىيە ئادەمنىڭ ئەھۋالىنى بەلگىلەيدۇ، بىر ئادەمنىڭ ئىدىيەسى قانداق بولسا، ئۇ شۇنىڭغا بېقىپ نەتىجىگە ئېرىشىدۇ. ئىدىيەنى توغرا، خاتا، ئىلغار، قالاق دېگەندەك تۈرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ. توغرا ئىدىيە كىشىلەرنى پارلاق مەنزىلگە باشلاپ، خاتىرجەملىككە ئىگە قىلسا، خاتا ئىدىيە تۇيۇق يولغا باشلاپ، ھالاكەت گىردابىغا ئىتتىرىدۇ.

مەلۇم باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى مۇرە ياللۇغىنى داۋالىتىش ئۈچۈن بىر «موللام»نىڭ قېشىغا بېرىپ دەم سالدۇرغان، مەلۇم ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ قىزى ئاغرىپ، پۇت ـ قوللىرى تارتىشىپ قالغاندا، ئۇ «قىزىمغا جىن چاپلىشىپتۇ» دەپ قاراپ، قىزدىنى بىر قانچە موللىنىڭ قېشىغا ئاپارغان، قىزنىڭ ئەھۋالى ئېغىرلاشقاندا، باشقىلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، قىزنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىشقا مەجبۇر بولغان، دوختۇرلار قىزنى ئېغىر دەرىجىدىكى نېرىپ كېسىلى دەپ قاراپ جىددىي داۋالىغان. دوختۇرلار يەنە بىر قانچە كۈن كېچىكسە، قىزنىڭ ھاياتىنىڭ خەۋپ ئىچىدە قالىدىغانلىقىنى ئېيتقان. مۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ. ئىككى نەپەر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئالدىنىشى دەل ئۇلارنىڭ ئىلغار ئىدىيە بىلەن قوراللانمىغانلىقى سەۋەبىدىن بولغان.

ئادەمدە بىلىم بولۇپ، ئىلغار ئىدىيە بولمىسا، ئۇ يەنىلا ئىلغارلىققا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. بىر قىسىم زىيالىيلىرىمىز مول بىلىم ساپاسىغا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئىلغار ئىدىيەگە ئىگە ئەمەس. ئىلغار زىيالىيلار ئىلغار ئىدىيە ئارقىلىق ئاۋامنى يېتەكلىگۈچىلەردۇر. لېكىن بىر قىسىم زىيالىيلىرىمىز ئىدىيە كىرىزىسى سەۋەبلىك يېتەكلەنگۈچىلەرگە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا جەمئىيەتتىكى ناچار ئىجتىمائىي كەيپىياتلارنىڭ ئەۋج ئېلىشىدا، زىيالىيلىرىمىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى بار دەپ قاراشقا بولىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇكى، ئىنسان تەبىئىتىدە ئەقلىيلىك، ھېسسىيلىق، ئادىمىيلىك، ھايۋانىيلىق قاتارلىق ئامىللار بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، دۇنيادا مۇتلەق ياخشى ياكى يامان ئادەم بولمىغىنىدەك، مۇتلەق ئەقىللىق ياكى دۆت ئادەممۇ بولمايدۇ. ئىنسان بىلىم ئۆگىنىش ئارقىلىق ھاياتلىق ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا ئىنسان مەڭگۈ ئۆگەنگۈچى ۋە ئىزدەنگۈچى.

ئىنسان بىلىم، ئەخلاق، ئەقىل ـ پاراسەت ئارقىلىق ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ياشاش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرگەندىلا، خاتىرجەم ۋە بەختلىك ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ. ئىنسان فىزىيولوگىيە جەھەتتىن باراۋەردۇر، ئۇنىڭ ماھىيەتلىك پەرقى، تەپەككۇر ۋە ئىدىيەدىدۇر. پاسكال «ئىنسان پىكىر قىلالايدىغان قومۇش» دېگەن. بۇ ئىنسان جىسمانىي جەھەتتە تولىمۇ ئاجىز، ئۇنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ئىدىيە ۋە تەپەككۇردە دېگەنلىكتۇر.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەدئىمىن ئېيتقاندەك، ئادەمنىڭ تېنى ئاتقا، روھى ئات مىنگۈچىگە ئوخشايدۇ. ئاتنىڭ يولدا قانداق مېڭىشىنى ئات مىنگۈچىنىڭ ئىقتىدارى بەلگىلەيدۇ. دېمەك، بىلىم ۋە ئاكتىپ ئىدىيە ئىنساننى تېخىمۇ قۇدرەتلىك قىلىدۇ، قۇدرەتلىك ئىنسان باشقىلارغا ئاسان ئالدانمايدۇ، غالىب ياشايدۇ.

---

ئاپتور: غۇلجا ناھىيە ئۈچۈن خۇيزۇ يېزا ئوتتۇرا مەكتەپتە.

**بۇ سانىنىڭ ئەسەرلىرى «شىنجاڭ گېزىتى» باسما ئىشلىرى مەركىزى ئۇيغۇرچە كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى؛ بۇ سانىنىڭ تەكلىپلىك تەھرىرى: ئايگۈل ئەمەت؛ كوررېكتورى: رەنا ئەمەت؛ مۇقاۋا ۋە فستۇرما سۈرەتلەرنى ئىشلىگۈچى: مەريەمگۈل ئىددىرىس (تەكلىپلىك)، بەتچىك: ئىسھاقجان ئىبراھىم قاراتېكىن (تەكلىپلىك).**



# «ئىلماجىلار چايخانىسى»دىكى پاراڭلار

## پەلەمپەي

جۇ چېڭيۇ

شياۋ ليۇ ئىدارە باشلىقى ۋاڭ نىڭ كاتىپى، ئىش بېجىرىشنى بەك ئۇقىدىغان، رەھبىرىنىڭ كۆڭلىنى بەك چۈشىنىدىغان ئادەم ئىدى، شۇڭا ۋاڭ ئىدارە باشلىقى ئۇنى بەك ئەتۋارلايتتى.

ئىدارىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا 12 باسقۇچلۇق بىر پەلەمپەي بار ئىدى، ۋاڭ ئىدارە باشلىقى ھەر قېتىم ماشىنىدىن چۈشسە، شياۋ ليۇ ئۇنىڭغا سوڭدىشىپلا ماڭاتتى. رەھبەرنىڭ كەينىدىكى پەلەمپەيدە ئۇنى يېنىككىنە يۆلىۋالاتتى، رەھبەر 10 ـ پەلەمپەيگە چىققان چاغدا، شارت ـ شۇرتلا ئالدىغا ئۆتۈپ، رەھبەرگە ئىشىكنى ئېچىپ بېرىپ، ئۇنى ئالدىدا كىر گۈزۈۋېتەتتى. ھەر كۈنى شۇنداق جەرياننى تەكرارلاۋەرگەچكە، شياۋ ليۇغا بۇ ئىش تونۇشلۇق بولۇپ كەتكەنىدى.

شۇنداق قىلىپ ھايت ـ ھۇيت دېگۈچىلا بىر نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى، شياۋ ليۇ ئۇدا ۋاڭ ئىدارە باشلىقنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى بولۇپ، باشقىلارنى ئىختىيارسىز ھەسەت قىلدۇردى.

تەرجىمە كۆزنىكى

بىر كۈنى تەپتىش مەھكىمىسىدىن ئادەم كېلىپ، ۋاڭ ئىدارە باشلىقنى ئېلىپ كەتتى. كېيىن ۋاڭ ئىدارە باشلىقى خىيانەت قىلغانلىقى تۈپەيلى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى.

ۋاڭ ئىدارە باشلىقى يىقىلدى، ئەمما شياۋ ليۇ يىقىلمىدى، چۈنكى، ئۇ تەپتىش مەھكىمىسىدىكىلەرنى ۋاڭ ئىدارە باشلىقنىڭ خىيانەتچىلىك قىلىپ پارا ئالغانلىقى ھەققىدىكى ئىسپات ــ ئۇ پارا ئالغان چاغدىكى ئۇنىئالغۇ لېنتىسى بىلەن تەمىنلىگەنىدى.

شياۋ ليۇ خىزمەتنى كارامەت ياخشى ئىشلىگەنلىكى، يەنە ۋاڭ ئىدارە باشلىقنى پاش قىلىشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى تۈپەيلى، يۇقىرى رەھبەرلىك ئۇنى دەرىجە ئاتلاپ ئۆستۈرۈشنى بەلگىلىدى.

ۋاڭ ئىدارە باشلىقى شياۋ ليۇنىڭ مۇھىم ئىسپات بىلەن تەمىنلىگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئىختىيارسىز ئاھ ئۇردى: مەن ئاخىر شياۋ ليۇنىڭ بىر دەرىجە پەلەمپىيىلا بوپتىمەن ـ دە!

---

«فېلىيەتونلاردىن تاللانمىلار ژۇرنىلى»نىڭ 2016 ـ يىللىق 2 ـ سانىدىن **غوپۇر قادىر** تەرجىمىسى

# ... دىن باشلاپ

بى جيالۇڭ

پەنگۇ ئالەم-زېمىننى ياراتقاندىن باشلاپ، بىزگە مۆزەككەر ۋە مۆئەننەستىن ئىبارەت ئىككى خىل كۈچ ئارىسىدا ياشاش نېسىپ بولدى.

هاۋا تەڭشىگۈچ پەيدا بولغاندىن باشلاپ، كىشىلەر ياز كۈنى تالادا سالقىنلايدىغان، كەچ كىرگەندە بامبۇك كارىۋات، ئۇزۇن يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇق، چوقچىيىپ تۇرىدىغان ئورۇندۇقلىرىنى كوچا بويىلاپ تىزىپ، توپ-توپ بولۇشۇپ قارتا ئوينايدىغان ياكى شاھمات ئوينايدىغان ياكى قۇرۇق پاراڭ سېلىشىدىغان تەنتەنىلىك مەنزىرە كۆرۈنمەيدىغان بولدى. سالقىنداش ھادىسىسى يوقىلىپ كېتىشكە يېقىنلىشىپ، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسىغا ئىلتىماس قىلىسا بولىدىغان يەرگە يەتتى.

پىكاپ پەيدا بولغاندىن باشلاپ، كىشىلەر يول مېڭىشقا ئېرىنىدىغان، پۇتىغا چاق بېكىتىۋېلىپ، مېھمانخانىدىن ھاجەتخانىغىمۇ ماشىنا ھەيدەپ بارغۇسى كېلىدىغان بولۇپ قالدى.

تېلېۋىزور پەيدا بولغاندىن باشلاپ، كىشىلەر كىتاب ئوقۇشنى ئانچە خالىمايدىغان بولۇپ قالدى. بەزى كىشىلەر كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»نى كۆرگەن، ئېھتىمال ئەسلىي ئەسەرنى ئوقۇمىغان بولۇشى، بەزى كىشىلەر كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە»نى كۆرگەن بولۇشى، ئېھتىمال... ئېھتىمال... ئېھتىمال...

كومپيۇتېر پەيدا بولغاندىن باشلاپ، كىشىلەردە ئۆزى بىلەن بىللە قەلەم ئېلىپ يۈرىدىغان ئادەت قالمىدى. ئەگەر سىز كوچىدا باشقىلاردىن قەلەم ئۆتنە ئالماقچى بولسىڭىز، ئۇنىڭ توققۇزىدىن قەلەم چىقمايدۇ، قەلەم ئېلىۋالغانلارنىڭ كۆپىنچىسى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى.

مىكرو رايوندىكى ئولتۇراق ئۆي بىنالىرىدا لىفت پەيدا بولغاندىن باشلاپ، كىشىلەر بىناغا يامىشىشقا ئېرىنىدىغان بولدى. بەزىلەر بىنادا ئون يىل تۇرۇپمۇ، تېخىچە پىيادە ماڭىدىغان كارىدورنىڭ قانداقلىقىنى بىلمەيدۇ. مەن 26-قەۋەتتە تۇرىمەن، ھەر كۈنى چېنىقىپ بىناغا بىر قېتىم يامىشىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇردۇم-يۇ، ئىككىنچى ئادەمنى كۆرۈپ باقمىدىم.

تەبىئەت دۇنياسىدا تۇمان پەيدا بولغاندىن باشلاپ، PM2.5 مەشھۇرلۇقىنىڭ بارغانسېرى يۇقىرىلىشىغا ئەگىشىپ، بەدىنىمىزنىڭ تۇمانغا قارشىلىق كۆرسىتىش ئىقتىدارىمۇ بارغانسېرى ئۆستى، بەرداشلىق بېرىش چېكى قانچىدە.

ئاشپۇزۇلغا كىرىپ نازۇنېمەت يېيەلىگەندىن باشلاپ، ياش ئەر-خوتۇنلار يەكشەنبە كۈنى ئۆيدە تاماق ئېتىشنى خالىمايدىغان بولدى. ھەپتىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئاشخانىلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئۆچرەتتە تۇرغان بىر ئائىلىلىك ئۈچ جانغا قارىسىڭىزلا بۇنى ئازتولا بىلىۋالىسىز.

«ئۆي» دېگەن خەنزۇچە خەت پەيدا قىلىنغاندىن باشلاپ، ھازىر تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە كۆپ ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. بىرىنچىدىن، بېرىپ تەكشۈرۈڭ، ياشلارنىڭ دەرد-ئەلىمى نېمە؟ پۇل قەرز ئېلىپ (پۇل يىغىپ) ئۆي سېتىۋېلىش؛ ئىككىنچىدىن، بېرىپ تەكشۈرۈڭ، ھوقۇق ۋە كۈچى بار كىشىلەرنىڭ نىيىتى نېمە؟ چوڭ ئۆي، 2-ئۆي، 3-ئۆي ئېلىش... نازىنىنلارنى 18 كاتتا ئۆيدە ساقلاش، يەنە يوشۇرۇن بىر خىل ھادىسە بار: بىرىنچىدىن، ئۆي سېتىۋالغانلارنىڭ نۇرغۇن «ئۆي»لىرى شۇ يەردە بىكار تۇرىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، چوڭ ئۆي، 2-ئۆي، 3-ئۆي... 18 ئۆيدىكى ساقلانغان نازىنىنلار، شۇ يەردە كۆپلەپ بىكار تۇرىدۇ.

تالاغا قارىغاندىن باشلاپ، ئۆيدىكى خوتۇنى كۆزگە سىغمايدۇ. ھازىر ئۇچۇپ يۈرگەن تورغايلار ھەممە يەردە بار، سەن گۈزەللىكتە نازىنىنلاردىن ئېشىپ چۈشكەن تەقدىردىمۇ ئېرىڭنى ئوبدان ساقلىشىڭ كېرەك، چۈنكى، نازىنىنلار ھۆسن تۈزەتتى.

قىزىل ئۆرۈك تالاغا قارىغاندىن باشلاپ، سېرىق ئۆرۈكلەر تالاغا قارىمىساق بىكارغا قارىمايدىكەنمىز دەپ ئويلىدى. دۇنيانىڭ ھەيۋەتلىك دولقۇنىدا بويسۇنغانلار روناق تاپاتتى، شۇڭا بەزى سېرىق ئۆرۈكلەرمۇ

چەتتە قايرىلىپ قېلىشقا تەن بەرمەي، بەس-بەس بىلەن تالاغا قارىغىلى تۇردى. قىزىل-سېرىق، سېرىق-قىزىل ھاياسىزلار بارا-بارا كىشىلەرنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلدى.

ھېلقى ئەمەلدارلار تېلېۋىزوردا چىرىكلىككە قارشى ھەدەپ سۆزلەپ، تەرنى تۆرگەندىن باشلاپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن چىرىكلەشكەنلىكى ئاشكارىلىنىپ، ھەسرەتلىك ياش تۆكتى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر «بۇ مۇمكىنمۇ ؟» دەپ ئويلىشىپ، خۇددى گازىر چېقىۋېتىپ چۇسا چېقىپ قالغاندەك، ئاتالمىش پاك ئەمەلدارغا بەك ئىشەنمەيدىغان بولدى.

... دىن باشلاپ

...

«فېلىيەتونلاردىن تاللانمىلار ژۇرنىلى»نىڭ 2016-يىللىق 2-سانىدىن **غوپۇر قادىر** تەرجىمىسى

## مىكرو فېلىيەتونلار

### بەزى «خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشلىرى»

لىڭ زى

يېزىلارنىڭ يول چىراغلىرى ئورنىتىلدى، ئەمما توك يەتكۈزۈلمىدى؛

يېزا تاشيوللىرى ئىشىك ئالدىغىچە ياسالدى، ئەمما كۆۋرۈكلەر تېخى سېلىنمىدى؛

يېزا مەيدانى سېلىندى، ئەمما قاراڭغۇ بولغاچقا تۈزۈك ئادەم كەلمىدى.

كەنتلەرگىچە رادىيو تۇتاشتى، ئەمما رادىيو ئاۋازى قۇلاقنى پاك قىلىۋەتتى.

دېھقانلار كۇتۇپخانىسى قۇرۇلدى، ئەمما كۇتۇپخانا بولغىنى بىلەن كىتاب ئاز قويۇلدى، ھەتتا كىتاب قويۇلمىدى، تېخى ھەمىشە قۇلۇپلاقلىق تۇردى؛

«ئۈچنى يېزىلارغا چۇشۇرۇش» يېتىپ كەلدى، ئەمما «ئېگىز، چوڭ، ئەلا بولۇش»تەك «باھار قارلىرى» دېھقانلارنىڭ ھاردۇقىنى چىقىرالمىدى.

### كاساتلىشىش

لۇ چېڭۇن

مەلۇم دوختۇر زىياپەتنى رەت قىلىپ، قىزىل بولاقنى رەت قىلىپ، دورىلارنى شەكلى ئۆزگەرگەن ھالدا ساتماي، «دوختۇرلۇق پەزىلىتى ئېسىل» بولۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛

مەلۇم ئوقۇتقۇچى ھېيت-بايرام ۋە دەم ئېلىش كۈنلىرىدىن پايدىلىنىپ دەرسنى تولۇقلاپ ئۆتمەي، ئوقۇغۇچىلىرىغا ئۆزىگە سوۋغا تەقدىم قىلىشتىن بىشارەت بەرمەي، «مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى»لىق مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

مەلۇم مەمۇر ئىش بېجىرىشكە كەلگەن ئاممىدىن پارا ئالماي باشقىلارغا دۆڭگەپ ئەپلەپ-سەپلەپ قويۇلماي، «سەن سالا، مەن سالا، ئاتقا ئوتنى كەم سالا» قىلماي، «خەلقنىڭ ئۆلگىلىك چاكىرى» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛

مەلۇم مۇخبىر خەۋەرچىلىك نامى بىلەن پايدا كۆزلىمەي، «ئاشكارىلاش» بىلەن قورقۇتۇپ پۇل ئالماي، «ياخشى مۇخبىر» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

مەلۇم ماگىزىن ساختا مال ساتماي، ۋاقتى ئۆتكەن يېمەكلىك ساتماي، «ماگىزىن ئىستىلىدا پاك ۋە ئادىل»لىق مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

### مۇقەررەر

ليۇ زېتۇڭ

ئەگەر مائارىپ «ئۇرۇش مەيدانى»غا ئايلانسا، مەكتەپلەردە مۇقەررەر يارىلانغانلار ۋە ئۆلگەنلەر پەيدا بولىدۇ؛

ئەگەر مائارىپ سودا رەستىسىگە ئايلانسا، مەكتەپلەر مۇقەررەر پايدا بىلەن ھېسابلىشىدۇ؛

ئەگەر مائارىپ مۇسابىقە مەيدانىغا ئايلانسا، ئوقۇغۇچىلار مۇقەررەر شاللىۋېتىلىدۇ؛

ئەگەر مائارىپ زاۋۇتقا ئايلانسا، سېختا ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلار مۇقەررەر قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشاش بولىدۇ؛

مائارىپ ماگىنت مەيدانى بولۇشى كېرەك، مۇھەببەت ماگىنت بولسا، مۇقەررەر چىنلىق، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكنى ئۆزىگە تارتىدۇ.

«فېلىيەتونلاردىن تاللانمىلار ژۇرنىلى»نىڭ 2016-يىللىق 2-سانىدىن **غوپۇر قادىر** تەرجىمىسى

# «باھانە» دېگەن ھامان باھانە

گو چىڭچېن

2015 - يىلى 5 - ئايدا، خېنەن ئۆلكىسى ئەنياڭ شەھەرلىك تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ سابىق ئىدارە باشلىقى، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى قوشۇمچە شەھەرلىك تەنتەربىيە سانائىتى جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ۋۇ شۇتەي خىيانەت قىلىش جىنايىتى سەۋەبىدىن مۇددەتلىك 12 يىللىق قاماق جازاسىغا، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئىككى يىل مەھرۇم قىلىشقا ھۆكۈم قىلىندى. ۋۇشۇتەي ھۆكۈمەت ئەمەلدارى، پارتىيەلىك كادىر بولۇش سۈپىتىدە 20 يىلغىچە «كاتتا ئۆيدە توقال ساقلىغان»، ھالبۇكى ئۇنىڭ «توقىلى» جاڭ جياۋنانىڭ ئۇنىڭدىن 23 ياش كىچىك ئىكەنلىكى، ئادەمنى تېخىمۇ ئەجەبلەندۈرىدىغىنى، بۇ «توقال» دەسلەپتە ئۇنىڭ ئاشنىسى بولغان چاغدا، ئەمدىلا 14 ياشقا كىرگەنلىكىنى كىم بىلىپتۇ...

14 ياشلىق جاڭ جياۋنا تېخى بىر بالا تۇرۇپ، قانداقلارچە ئۆزىدىن 23 ياش چوڭ «تاغىسى» بىلەن بىللە بولۇپ قالدۇ؟ ئۇنىڭ «قەھرىمانغا بولغان چېگىچ ھېسسىياتى» ۋۇ شۇتەي تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كېتىلگەنلىكتىن شۇنداق بولغان، ۋۇ شۇتەي ناھىيەلىك خ ج ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان چاغدا، باشقا يەرگە ئالداپ سېتىۋېتىلگەن جاڭ جياۋنانىڭ بىر نەۋرە ئاچىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قۇتقۇلدۇرۇۋالغان، ئەزەلدىن قەھرىمانغا چوقۇنىدىغان جاڭ جياۋنا شۇ سەۋەبتىن ۋۇ تاغىسىغا تولۇپ-تاشقان ئىززەت - ئىكرام تۇيغۇسىدا بولغان. ئەمما ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ۋۇ شۇتەي پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئائىلە ئەھۋالى غۇربەتچىلىكتە ئۆتىدىغان جاڭ جياۋناغا «ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ» جاڭ جياۋنا بىلەن راستىنلا رەزىل «بىر جۈپ» بولغىچە ياردەملەشكەن.

نۇرغۇن پارىخور ئەمەلدارلار پارىخورلۇق قىلىپ چىرىكلەشكەن چاغدا ھەممىسى باھانە كۆرسىتىدۇ. بەزىلىرى «پارا ئېلىشنى رەت قىلاي دېسەم، خەلق ئىگىدارلىقىدىكى كارخانىچىلارنىڭ غۇرۇرىغا تېگىشتىن قورقتۇم» دەپ باھانە كۆرسىتىدۇ؛ بەزىلىرى «باشقىلارنىڭ ھەممىسى پۇل تېپىۋاتسا، مەن پۇل سوقۇۋالمىسام، غېرىبسىنىپ قالىدىكەنمەن» دەپ باھانە كۆرسىتىدۇ؛ بەزىلىرى خىيانەت قىلغان ھۆكۈمەت پۇلى بىلەن چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقان بالىسىنىڭ ئوقۇش پۇلىنى تۆلىگەنلىكىنى «دۆلەت ئۈچۈن ئىختىساس ئىگىسى تەربىيەلىگەنلىكىم» دەپ باھانە كۆرسىتىدۇ؛ بەزىلىرى «نۇرغۇن ئاياللار مېنى ياخشى كۆرىدۇ، بۇنىڭغا مېنىڭمۇ ئامالىم يوق» دەپ باھانە كۆرسىتىدۇ... ۋۇشۇ تەي كۆرسەتكەن باھانە «قىز بالا قەھرىمانغا چوقۇنىدىكەن، كىم مېنى قەھرىمان بولسۇن دەپتىكەن!» دېگەندىن ئىبارەت.

«باھانە» سەۋەب كۆرسىتىشنىڭ ئاساسى. سەۋەب كۆرسىتىش بولغاندىن كېيىن، ئەلۋەتتە راست ئەمەس. ھەرقانداق باھانە پارتىيە ئەزالىرى، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئاچ كۆزلۈك قىلىپ چىرىكلىشىشىگە ئاساس بولالمايدۇ، چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، ھەممىسىگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ.

نېمىلا دېگەنبىلەن، ئىشنىڭ تۈگۈنى يەنىلا ۋۇ شۇتەينىڭ قولىدىكى ھوقۇقنى كەلسە - كەلمەس ئىشلەتكەنلىكىدە، ھوقۇق ئۇنى ئالداپ سېتىۋېتىلگەن ئايالنى باتۇرلۇق بىلەن قۇتۇلدۇرغان قەھرىماندىن «يارىماس»قا ئۆزگەرتىۋەتكەن، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان كادىردىن پارىخور ئەمەلدارغا چۈشۈرۈپ قويغان. ئەگەر ئۇنى ھوقۇق شۇ دەرىجىگە ئېلىپ بارمىغان بولسا، ئۇ قانداقمۇ ئەپلىك ئورۇننى ئىگىلىۋېلىپ، قۇتقۇزغۇچىغا ئوخشاش ھالدا رەزىللىك بىلەن كىچىككىنە بىر قىز بالا بىلەن «ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى» ئورنىتالىسۇن؟ قانداقمۇ قىز بالىنى باشقا بىر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە مەكتەپتە تۇرۇپ ئوقۇشقا يۆتكەپ، ئائىلە باشلىقىنىڭ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشىدىن ئايرىۋېتەلىسۇن؟ يەنە قانداقمۇ ئۆزى نەگە ۋەزىپە ئۆتەشكە بارسا، قىز بالىنى شۇ يەرگە ئالغاچ كېتەلىسۇن ھەم قىز بالا ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئۇنى يامان ئەمەس خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرالىسۇن؟ شۇنداق دېيىش كېرەككى، ۋۇ شۇتەينىڭ قولىدىكى ھوقۇق بەك تەتۈرلۈك، بەك بىشەملىك قىلغان، ھوقۇق ۋۇ شۇتەينىڭ رومانتىك ئىشلىرىغا

مەدەت بەرگەن، ھوقۇق ئۇخشاشلا ئۇنى سىياسىي ساھەدىن زىندانغا ماڭدۇرغان.

ۋۇ شۇتەينىڭ ساۋىقى كىشىلەرنى، بولۇپمۇ رەھبەرىي كادىرلارنى يەنە بىر قېتىم ئاگاھلاندۇردى: ئۆزدىكىنىڭ قانۇنسىز قىلمىشلىرىغا ھەرقانداق باھانە تېپىشنىڭ ھەممىسى بىكار ئاۋارىچىلىك، ئاچ كۆزلۈك قىلىپ چىرىكلەشمەسلىك، ياخشى ئەمەلدار بولۇشنى قانداق ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئوبدان ئويلىشىپ كۆرۈشلا ئاندىن رەسمىي ئىش.

«فېلىيەتونلاردىن تاللانمىلار ژۇرنىلى»نىڭ 2016 - يىللىق 2 - سانىدىن **غوپۇر قادىر** تەرجىمىسى

## مۇھەببەت ۋە نىكاھ

**سەي لەن**

نۇرغۇن ياشلار مەندىن:

— مۇھەببەت دېگەن قانداق ئىش؟ — دەپ سورىدى.

ئۆزۈم بىلمىگەچكە، پەيلاسوپ پلاتوننىڭ جاۋابىنىلا ئىشلىتىپ تۇردۇم.

بىر كۈنى پلاتون مۇئەللىمىدىن:

— مۇھەببەت دېگەن نېمە؟ ئۇنى قانداق تاپقىلى بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتىكەن، مۇئەللىمى:

— ئالدىڭدا ناھايىتى يوغان بىر بۇغدايلىق بار، ئالدىڭغا قاراپ ماڭ، قايتىش يولىدا ماڭساڭ بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر تالىلا باشاق ئۈزەلەيسەن، ئەگەر ئالتۇن رەڭ بۇغداي باشقىنى تاپالىساڭ، مۇھەببەتنى تاپالايسەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

پلاتون ئالدىغا مېڭىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئىككى قولى قۇپقۇرۇق ھالەتتە ھېچنېمە ئۈزەلمەي قايتىپ كەپتۇ.

مۇئەللىمى ئۇنىڭدىن:

— سەن نېمىشقا ئۈزەلمىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

پلاتون مۇنداق دەپتۇ:

— بىرلا قېتىم ئۈزگىلى بولىدىغان، يەنە كېلىپ قايتىپ كېلىشكە بولمىغانلىقتىن شۇنداق بولدى. ئالتۇن رەڭ باشاقنىمۇ تاپقاندىم، ئەمما ئالدىمدا تېخىمۇ ياخشىسى بار-يوقلۇقىنى بىلەلمىدىم، شۇڭا ئۈزمىدىم. يەنە ئالدىمغا مېڭىۋېدىم، كۆرگەن ئاشۇ باشاقلارنىڭ ھەممىسى ئالدىنقىسىدەك ئۇنداق ياخشى چىقمىدى، نەتىجىدە ھېچنېمە ئۈزەلمىدىم.

مۇئەللىم:

— مانا بۇ مۇھەببەت، — دەپتۇ.

يەنە بىر كۈنى، پلاتون مۇئەللىمىدىن:

— نىكاھ دېگەن نېمە؟ ئۇنى قانداق تاپقىلى بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

مۇئەللىمى:

— ئالدىڭدا ناھايىتى باراقسان بىر ئورمان بار، ئالدىڭغا قاراپ ماڭ، قايتىش يولىدا ماڭساڭ بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر تۈپنىلا كېسسەن، ئەگەر سەن ئەڭ ئېگىز، ئەڭ چوڭ دەرەخنى بايقىساڭلا، نېمىنىڭ نىكاھ ئىكەنلىكىنى بىلىسەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

پلاتون ئالدىغا مېڭىپتۇ، ئۇزاق ماڭمايلا، بىر تۈپ دەرەخنى كېسىۋېلىپ قايتىپ كەپتۇ.

بۇ دەرەخ ھەرگىز باراقسان ئەمەسكەن، ئېگىز ھەم چوڭمۇ ئەمەسكەن، ئاددىيلا بىر تۈپ دەرەخكەن.

— سەن قانداقلارچە بۇنداق ئاددىيلا بىر تۈپ دەرەخنى تېپىپ كەلگەنسەن؟ — دەپ سوراپتۇ مۇئەللىمى ئۇنىڭدىن.

پلاتون مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئالدىنقى قېتىملىق تەجرىبىگە ئىگە بولۇپ، ئورماننىڭ يېرىمىغا بارغان چېغىمدا، يەنىلا قۇرۇق قول يۇردۇم. شۇ چاغدا بۇ دەرەخنى كۆرۈپ قېلىپ، بەكمۇ ناچار ئەمەسكەنغۇ دەپ ئويلىدىم-دە، پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئۇنى كېسىپلا ئالغاچ كەلدىم.

مۇئەللىمى:

— مانا بۇ نىكاھ ، — دەپ جاۋاب قايتۇرۇپتۇ.

«فېلىيەتونلاردىن تاللانمىلار ژۇرنىلى»نىڭ 2016- يىللىق 2- سانىدىن **غوپۇر قادىر** تەرجىمىسى

# جۇڭگودا ھەممىدىن كەمچىلى نېمە؟

يى جۇڭتيەن

سەن نۆۋەتتە جۇڭگودا نېمە كەم؟ دەپ سورىدىڭ. مېنىڭچە ھەممىدىن كەمچىلى چەك، بۇ بەك قورقۇنچلۇق. بىر ئادەمدە چەك بولمىسا ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقىمۇ پېتىنالايدۇ؟ بىر جەمئىيەتتە چەك بولمىسا، ھەرقانداق ئىشمۇ يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن: چىرىپ سۈپتى ئۆزگەرگەن يېمەكلىكنى سېتىشقىمۇ پېتىنىدۇ؛ تېخى نەپسى توختىمىغان ئاغرىقنى كۆمۈۋېتىشكىمۇ پېتىنىدۇ؛ ئۆزى خۇدنى بىلەلمىگۈدەك ئىچىۋېلىپمۇ ماشىنا ھەيدەشكە پېتىنىدۇ؛ ئىچىدە ئادەم تۇرۇۋاتقانلىقى ئېنىق ئۆينىمۇ چېقىشقا پېتىنىدۇ؛ يەنە «جۇمھۇرىيەتنىڭ ئومۇرتقىسى» دېگەن تاجنى تاقاشقىمۇ پېتىنىدۇ، ئۇ مۇكاپاتنىڭ قانچىلىك قانۇنسىز، قانچىلىك ساختا ئىكەنلىكى بىلەن پۇتۇنلەي كارى بولمايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن توقۇنۇشلار ئارقىمۇئارقا پەيدا بولىدۇ، جاھائەتچىلىك غەزەپكە كېلىدۇ. «تاڭ قالار ئۆزگەرگىنىگە يەر - جاھان» ① ئەمەس، بەلكى «يەر - جاھان تاڭ قالار ئۆزگەرگىنىگە» بولۇپ قالىدۇ، نېمىشقا بۇنداق ئىش بولىدۇ؟ نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟

بۇنىڭ غەلىتىلىكى ھەرگىز ھەيران قالارلىق ئەمەس، ھەيران قالماسلىقلا ئاندىن غەلىتىلىك، چۈنكى بۇسۇپ ئۆتكىنىڭ ھەممىسى چەك، مەسىلەن: «ئېچىنىش»، «ھېيىقىش»، «ئۆزۈڭگە ياقمىغاننى ئۆزگىگە تاڭما»، «ئادەم ئۆلتۇرسە خۇن قايتۇرۇش، قەرز ئالسا پۇل قايتۇرۇش» دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئەسلىدە ئادەتتىكى ساۋاتلار ئىدى، ئەمما يەتتە قات ئاسماننىڭ نېرىسىغا چۆرۈۋېتىلدى. مەنئى قىلىش جەددىي بۇيرۇق قىلىنغان «زەھەرلىك سۈت پاراشوكى» تەبىئىي يۇرتىمىزدا قايتىدىن پەيدا بولدى.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، چەك ھەممىدىن مۇھىم. چەك بولمىسا، كارخانىلار ساختىپەزلىك قىلىدۇ، ئالىملار ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىدۇ، رەھبەرلەر ھەدەپ ناھەق پۇشتەك چالىدۇ، ئەمەلدارلار پارا ئېلىپ قانۇننى بۇزىدۇ، ساقچىلار قىيىن - قىستاققا ئېلىپ ئىقرار قىلىشقا قىستايدۇ، سوت جان بىلەن ئوينىشىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، چەك ھاياتلىق مەنبەسى.

ئىنساندا نېمە ئۈچۈن چەك بولۇشى كېرەك؟ ياشاش ئۈچۈن، ئادەم جەمئىيەتنىڭ ياشىغۇچىسى، ھەرقانداق ئادەم بۇ دۇنيادا يالغۇز ياشىيالمايدۇ. شۇڭا باشقىلارنى ياشىغلى قويساڭ، ئۆزۈڭ ئاندىن ياشىيالايسەن؛ باشقىلارنى ياخشى ياشىغلى قويساڭ، ئۆزۈڭ ئاندىن ياخشى ياشايسەن، ھەممە ئادەمنىڭ ياخشى ياشىشىنى ئۈمىد قىلساڭ، ھەتتا باشقىلارنىڭ ياشىشى ئۈچۈن ئۆزۈڭنىڭ مەنپەئىتىدىن ۋاز كەچسەڭ، مانا بۇ «يۈكسەكلىك»، ھېچبولمىغاندا باشقىلارنىڭ ياشىشىغا توسقۇنلۇق قىلمىساڭ، باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلمىساڭ، جەمئىيەتنىڭ مۇھىتىغا بۇزغۇنچىلىق قىلمىساڭ، مانا بۇ «چەك»، ئۇنىڭ ئىچىدە قانۇن چېقىرىش تەرتىپى بىلەن ئاشكارا ئېلان قىلىنغان ھۆججەتتە بەلگىلەنگەن بەلگىلىمە «قانۇني چەك»، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئادەت بولۇپ قالغان، ھەممەيلەن ئورتاق رىئايە قىلىدىغىنى «ئەخلاقىي چەك»، ھەممە ساھە چىك تۇرۇشى زۆرۈر بولغان پىرىنسىپلار، مەسىلەن: سودىگەرلەر ساختا مال ساتماسلىق، بوغالتىرلار يالغان ھېسابات قىلماسلىق، دوختۇرلار ساختا دورا بەرمەسلىك «كەسپىي چەك» تۇر، يۈكسەكلىكنىڭ ھەممەيلەندە بولۇشى ياكى بولۇشى كېرەكلىكى ناتايىن، ئەمما چەك ھەرقانداق چاغدا كەمچىل قالسا بولمايدۇ. چۈنكى چەك دېگەن ئۇل، ئاساس يەنە چېكىنىشكە بولمايدىغان ئاخىرقى بىر مۇداپىئە لىنىيەسى، ئاساس چىك بولمىسا يەر - جاھان تەۋرەپ كېتىدۇ، مۇداپىئە لىنىيەسىنى قولدىن بېرىپ قويۇپ پۈتۈنلەي يىمىرىلىمىز.

جۇڭگولۇقلار ئەزەلدىنلا چەككە ئىگە ئىدى. سودا قىلسا باھاسىنى ئېنىق يېزىپ ھەممە ئادەمگە سەممىي مۇئامىلە قىلاتتى؛ ئىلىم تەھسىل قىلسا، پاكىتلىق ۋە ئاساسلىق گەپ قىلاتتى؛ ئەمەلدار بولسا پۇقرانىڭ بايلىقىنى تارتىۋالمايتتى، بىگۇناھقا زەخىم - يەتكۈزمەيتتى؛ ئادەم بولۇشتا دوستىنى ساتمايتتى، ۋىجدانىنى يوقاتمايتتى. جۇڭخۇا مىللەتلىرى نۇرغۇن ئازاب - ئوقۇبەتلەرگە يولۇققان بولسىمۇ دەل چەكنى چىڭ ساقلاشقا تايىنىپ

① بۇ مىسرا ماۋ جۇشىنىڭ «سۇيدياۋگېتۇ، سۇ ئۈزۈش» دېگەن شېئىرىدىن ئېلىنغان — ت.

جۇڭگو مەدەنىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇشقا مۇمكىنچىلىك تۇغدۇرغانىدى.

چەكنى ساقلايمىز دەيدىكەنمىز، چوڭ سۆزلىمەسلىكىمىز كېرەك. چۈنكى ئاشۇ «ئەخلاقىي يۇقىرى ئۆلچەملەر»نى مەسىلەن: «قىلچىمۇ ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلىمەي، باشقىلارنىڭلا مەنپەئەتىنى كۆزلەش»نى ھەرگىزمۇ ھەممىلا ئادەم ئىشقا ئاشۇرالمايدۇ، ھەتتا كۆپىنچە ئادەم ئىشقا ئاشۇرالمايدۇ. ئەمما قىلىش كېرەك، دەپ نەتىجىدە ساختىلىق قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئەخلاقتا ساختىلىق قىلىش باشلانسىلا، باشقا ساختىلىقلارنى توسقىلى بولمايدۇ. يالغان تاماكا، يالغان ھاراق، يالغان توختام، يالغان ئوقۇش تارىخىنىڭ ھەممىسى يېتىپ كېلىدۇ. نۆۋەتتە جۇڭگودا چەكنىڭ كەم بولۇشىدا بۇ مۇھىم سەۋەب ياكى ئۇنى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى دېيىش كېرەك.

شۇڭا مېنىڭ كەلگۈسىدىكى جۇڭگودىن كۈتىدىغان ئۈمىدىم بىرلا — چەكنى ساقلاپ، چوڭ گەپ قىلمايلى.

«فېلىيەتونلاردىن تاللانمىلار ژۇرنىلى»نىڭ 2016-يىللىق 2-سانىدىن **غوپۇر قادىر** تەرجىمىسى

---

تىلماچ: «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ پېنسىيونېرى

# مۇھەببەت ھەقىقىتى

**خۇاڭ شاۋپىڭ**

بىر كىچىك بالا يۇلتۇزلارغا قاراۋاتقان بولۇپ، مەن ئۇنىڭدىن سورىدىم:

— يۇلتۇز بىلەن سەن تۇرغان جاينىڭ ئارىلىقىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟

— ئەلۋەتتە بىلمەيمەن، — دېدى كىچىك بالا ئىشەنچلىك قىلىپ.

— قانچىلىك يىراق؟ — مەن يەنە سورىدىم.

— ئارىلىق يوق، — دېدى بالا جاۋاب بېرىپ.

— يۇلتۇزنىڭ ئىنتايىن يىراق ئاسماندا ئىكەنلىكى ئېنىق تۇرسا، قانداقسىگە ئارىلىق بولمايدۇ؟ — دېدىم مەن.

— ئەگەر سىز ئۇنى سۆيسىڭىز، ئۇنىڭغا ئامراق بولسىڭىز، ئۇ سىزنىڭ قەلبىڭىزدە بولىدۇ. يەنى ئارىلىق يوق دېگەن گەپ — دەپ جاۋاب بەردى بالا.

بۇنىڭدىن شۇنى چۈشەندىمكى، بەزى چوڭلارنىڭ دۇنيانى شۇنداق يىراق ھېسابلىشى باشقىلارنى ئۆزىدىن شۇنداق يىراق تۇتۇشى، ئۇلارنىڭ قەلبىدە مۇھەببەت ۋە ئامراقلىقنىڭ كەم بولغانلىقىدىنمىكىن دەيمەن.

**مۇھەببەتتە كەمستىش يوق**

بىر قېتىم دادام بىلەن ئايلىنىپ كېتىۋېتىپ سورىدىم:

— بىر بۇزۇق (يامان) ئادەم قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا بىز ئۇنى كۆرۈپ قالدۇق، شۇنداق چاغدا قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟

دادام بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق ئۈچ سوئال سورىدى:

— ئىللىق قۇياش نۇرى ياخشى ئادەمگىلا چۈشۈپ، بۇزۇق، ئەسكى ئادەملەرگە چۈشمەمدۇ؟ ھۇپپىدە ئېچىلغان گۈلنىڭ خۇش پۇرىقى ياخشى ئادەملەرگە پۇرىمامدۇ؟ ھۇپپىدە ئېچىلغان گۈلنىڭ خۇش پۇرىقى ياخشى ئادەمگىلا پۇراپ، يامان ئادەملەرگە پۇرىمامدۇ؟ تۈن قاراڭغۇسىدىكى چىراغ نۇرى ياخشى ئادەمنىلا يورۇتۇپ، يامان ئادەملەرنى يورۇتمامدۇ؟

مانا بۇ دەل مۇھەببەتنىڭ كەڭ قورساق، كۆڭلى-كۆكسى كەڭ، كەمستىش نىيىتىنىڭ بولمىغانلىقى ئۈچۈن مۇھەببەتنىڭ يۈكسەك، ئالىيجانابلىقىنى نامايان قىلالىغان.

**مۇھەببەت ئۈچۈن جاپا چېكىدىغان تەييارلىق بولۇشى لازىم**

ھەرگىز مۇھەببەت بولسىلا بەختلىك بولىدۇ دەپ قارىماسلىق، مۇھەببەت ئۈچۈن جاپا چېكىشكە تەييارلىق بولۇشى لازىم. چۈنكى، كىشىلىك ھايات ھەرگىزمۇ ئوڭۇشلۇق بولۇۋەرمەيدۇ، جاپا چېكىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇ سەن ئازاب چەككەندە، سېنىڭ ئازاب چەككەنلىكىڭدىن ئازابلىنىدۇ. ئەگەر ئازاب چەككەندە، سەن ئۇنىڭ ئۈچۈن ئازاب چېكىۋاتقاندەك ئازابلىنىدۇ.

مۇھەببەت ئۈچۈن ئازاب چېكىدىغان تەييارلىق بولۇش لازىم. مۇشۇنداق روھىي تەييارلىق بولغاندىلا، ئازاب تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان تەقدىردىمۇ، مۇھەببەت ئازاب تارتقانلىقى ئۈچۈن تېخىمۇ يېقىن جىپسىلىشالايدۇ.

«جۇڭگو قېيما گېزىتى»دىن **راخمانجان رۇسۇل سۇلتانى** تەرجىمىسى

---

تىلماچ: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك رادىيو-تېلېۋىزىيە مەكتىپى پەيزاۋات شۆبىسىدىن.

# شەھەر ئەدەبىياتى ھەققىدە



**ئەلجان ئوبۇل خەنجەر**

ــ ئىنسانلار مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا مۇنداق ئىككى نەرسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن: بىرى، يېزىق؛ يەنە بىرى، شەھەر. **ــ لۇيىز مەنفورد**

## يازماقچى بولغان شەھەرنى قانداق تاللايمىز؟

شەھەر ــ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. ئۇ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بارلىققا كەلگەن، شۇڭا ئۇنى ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغانلىقىنىڭ تۈپ بەلگىسى، دېيىشكە بولىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى تەبىئىي ھالدا شەھەرلىشىش قەدىمىنى تېزلەتكەن. مەدەنىيىتى يۈكسەلگەن ئەللەرنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى، شەھەر مەدەنىيىتى ۋە شەھەر مۇھىتىنى مەدەنىيىتى نىسبەتەن ئارقىدا قالغان ئەللەرگە قارىغاندا بىرقەدەر ياخشى، دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى شەھەرنىڭ گۈزەل، مەدەنىي، پاكىزلىقىنى شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئاڭ ساپاسى، شۇ شەھەرنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىقتىسادىي كۈچى، شەھەر باشقۇرۇش، شەھەر پىلانلاش تەدبىرى بەلگىلەيدۇ. ئاڭ ساپاسى يۇقىرى خەلقنىڭ مەدەنىيىتىدە، مۇھىتقا كۆڭۈل بۆلۈش قىزغىنلىقى ۋە ئاكتىپچانلىقى يۇقىرى بولىدۇ. «شەھەر ئادەملەرنىڭ مەۋجۇتلۇق ئېھتىياجىدىن قۇرۇلغان جاھاندارچىلىق سەھنىسى، بىر خىل ئۆزگىچە مەنزىرە، بىرخىل ئىقتىسادىي بوشلۇق ھەمدە مەدەنىيەت بوشلۇقى ياكى بىرخىل مەدەنىيەت روھىنىڭ سىمۋوللۇق كۆرۈنۈشىدىن ئىبارەت. بىر شەھەرنىڭ زامانىۋىلىشىش دەرىجىسى بىلەن رىقابەت كۈچى شۇ شەھەرنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، بىنالىرىنىڭ ئېگىز - ھەيۋەتلىكلىكى، كوچا - يوللارنىڭ، مەيدانلارنىڭ چوڭ، ھەشەمەتلىكى دېگەندەك تاشقى كۆرۈنۈش بىلەنلا ئۆلچەنمەستىن، بەلكى ئومۇمىي ئىجتىمائىي كەيپىيات، ئەخلاق ۋە گۈزەللىك ساپاسىدا ئىپادىلىنىدۇ». [1] مەملىكىتىمىزنىڭ شەھەرلىشىش مۇساپىسىنى 19 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدىن كېيىن باشلانغان، دېيىشكە بولىدۇ. 1840 - يىلىدىن كېيىن غەربنىڭ نۇرغۇن نەرسىلىرى نەچچە 100 يىلدىن بېرى بېكىنمىچىلىك ئاسارىتىدە ياتقان جۇڭگوغا سىڭىپ كىردى. غەربىي ياۋروپانىڭ

تاۋار بۇيۇملىرى جۇڭگو بازارلىرىغا كىردى. شۇ قاتاردا «دەرۋازا» ئاتلاپ سىرتقا چىققان جۇڭگولۇقلار بىلەن «دەرۋازا» ئاتلاپ كىرگەن چەت ئەللىكلەرنىڭ ئۆزئارا باردى - كەلدى ئالاقىسى كۈچىيىپ، جۇڭگودىن ئىبارەت شەرقتىكى بۇ چوڭ دۆلەتتە شەھەرلەرنىڭ كۆپىيىشىنى ۋە تەرەققىياتىنى تېزلەتتى. تاۋار ئالماشتۇرۇلىدىغان ياكى سېتىلىدىغان بازارلار بارا - بارا چوڭ - كىچىك شەھەرلەرگە ئۆزگىرىپ تەرەققىي قىلدى. بولۇپمۇ شاڭخەينى مەركەز قىلىپ قۇرۇلغان چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى شەھەرلەر جۇڭگونىڭ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچەيتىپ، جۇڭگو جەمئىيىتىگە يېڭى شەيئىلەرنى ئېلىپ كەلدى. شاڭخەينى مەركەز قىلغان يېڭىچە شەھەر تۇرمۇشى رېئاللىقىنىڭ ئەينىكى بولغان ئەدەبىياتتا يېڭى - يېڭى نەرسىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە باشلىدى. ئەڭ دەسلەپتە، جاڭ زىپىڭ (张子平) (1883 - 1959)، يې لىڭفېڭ (叶灵风) (1905 - 1975) قاتارلىق يازغۇچىلار شەھەر تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەسەرلەرنى يېزىپ، كىشىلەرنى شەھەرنىڭ يېڭى ۋە ئۆزگىرىشچان تۇرمۇشى ھەققىدە تونۇشقا ئىگە قىلدى. 1930 - يىللارغا كەلگەندە، لىيۇ نائوۋ (刘娜鸥) (1905 - 1940)، مۇ شىيىڭ (穆世英) (1912 - 1940) قاتارلىق يازغۇچىلار شاڭخەينىڭ ئەينى دەۋردىكى شەھەر تۇرمۇشىنى ناھايىتى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈردى. 1940 - يىللاردا جاڭ ئەيلىڭ (张爱玲) (1920 - 1995) ۋەكىللىكىدىكى 3 - ئەۋلاد يازغۇچىلار شاڭخەينىڭ شەھەر تەرەققىياتىدىكى يېڭى ئۆزگىرىش ۋە يېڭى قىياپەتلەرنى، شەھەر ئاھالىسىنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى ناھايىتى مۇپەسسەل ئەكس ئەتتۈردى. دېمەك، شاڭخەي شەھەرنى چۆرىدەپ مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىيات ئەمەلىيەتتە شەھەر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى نۇسخىلىرى بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىنكى نەچچە ئون يىلدا جۇڭگو ئەدەبىياتىدا شەھەر ئەدەبىياتى ئېلىپېتى بارا - بارا چىچەكلەپ، شەھەر ئەدەبىياتى ئاتالغۇسى، شەھەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى مۇئەييەن كۆلەمگە ئىگە قىلىندى.

شەھەر ئەدەبىياتى ئەمەلىيەتتە، ئاممىباب ئەدەبىيات ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، 10 -، 11 - ئەسىرلەردە ياۋروپادا بارلىققا كېلىپ، ئوتتۇرا ئەسىر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشقان. ياۋروپا «ئەدەبىيات - سەنئەت ئويغىنىش دەۋرى»دە، شەھەر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى زور بولغان. ياۋروپادىكى داڭلىق يازغۇچىلارنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى شەھەر ۋە شەھەر تۇرمۇشى ناھايىتى زور ماھارەت بىلەن سۈرەتلەنگەن. چارلىز دىككىنس (1812 - 1870) قەلىمى ئاستىدىكى لوندون، ھونورې. د. بالزاك (1799 - 1850) قەلىمى ئاستىدىكى پارىژ ياۋروپا شەھەر ئەدەبىياتى تارىخىدا ئالتۇندەك چاقنىغان. ئەنگلىيە تەنقىدىي رېئالىزم يازغۇچىسى چارلىز دىككىنس بىلەن فرانسىيە تەنقىدىي رېئالىزم يازغۇچىسى بالزاك ياۋروپا شەھەر ئەدەبىياتى تەرەققىياتىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن، بولۇپمۇ بالزاكنىڭ چوڭ ھەجىملىك كاتتا ئەسىرى «ئىنسان كومېدىيەسى»دە، پارىژدىن ئىبارەت بۇ گۈللەنگەن شەھەر ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن سۈرەتلىنىپ، شەھەر خەلقىنىڭ خىلمۇخىل تۇرمۇشى ناھايىتى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. 1930 - يىللاردا، ئېلىمىزنىڭ شەھەر ئەدەبىياتى تەرەققىياتى غەربىي ياۋروپانىڭ شەھەر ئەدەبىياتى تەرەققىياتىنىڭ تەسىرىدە ئاستا - ئاستا راۋاجلىنىشقا باشلىغان. بىز لۇشۈن (1881 - 1936)نىڭ قەلىمى ئاستىدىكى لۇجېن، شېن سۇڭۋېن (沈松文) (1902 - 1988) نىڭ قەلىمى ئاستىدىكى شىياڭشى، جاڭ ئەيلىڭ (1920 - 1995)نىڭ قەلىمى ئاستىدىكى شاڭخەي... لەردىن شۇ دەۋردىكى شەھەر تۇرمۇشىنى روشەن ھېس قىلالايمىز. 1984 - يىلىدىن كېيىن، جۇڭگو ئەدەبىياتىدا يەنە «ئىشلەمچىلەر ئەدەبىياتى» (打工文学) دەيدىغان بىر خىل ئاتالغۇ بارلىققا كېلىپ ئاستا - ئاستا تەرەققىي قىلىشقا باشلاپ، بۈگۈنكى كۈندە مۇئەييەن كۆلەمگە ۋە يازغۇچىلار قوشۇنىغا ئىگە بولدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ نامىرات تاغلىق رايونلاردىكى، يېزا - سەھرالاردىكى نامرات دېھقانلارنىڭ شاڭخەي، بېيجىڭ، گۇاڭجۇ، شېنجېن قاتارلىق چوڭ ۋە تەرەققىي قىلغان شەھەرلەرگە تۈركۈم - تۈركۈملەپ بېرىپ ئىشلەش ۋە تىرىكچىلىك قىلىش جەريانىدىكى خىلمۇخىل تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرىگە بېغىشلانغان ئەدەبىيات بولۇپ، ئۇنىڭ مۇھىت شارائىتىمۇ ئوخشاشلا شەھەرلەرنى ئاساس قىلغاچقا، بۇنىمۇ شەھەر ئەدەبىياتىنىڭ بىر مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا تەۋە، دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ خىل ئەدەبىياتتا كۆپرەك سالماقنى ئىگىلىگەن ئەدەبىي ژانىرلار ئاساسەن شېئىر، نەسر، ھېكايە، پوۋېست، رومان، ئەدەبىي ئاخبارات ۋە سەھنە ئەسەرلىرىگە مەركەزلەشكەن بولۇپ، شىڭ كېيى، ۋېي ۋېي، ۋاڭ ئەنيى،

جاڭ ئەيلىڭ، خەن سەن، مەي جيا قاتارلىق يازغۇچىلار «ئىشلەمچىلەر ئەدەبىياتى»غا ئالاھىدە جان كىرگۈزگەن.

شەھەر ئەدەبىياتى يازغۇچىلىرى شەھەرنى قانداق تاللايدۇ؟ شەھەر ئەدەبىياتىدا نۇقتىلىق ھالدا شەھەر تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ، ئەمما، شەھەر تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىنىلا شەھەر ئەدەبىياتىغا تەۋە، دەپ قاراشقا بولمايدۇ. شەھەر ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدە، شەھەر تۇرمۇشى جانلىق، ئوبرازلىق، تەسىرلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەندىن باشقا، چىنلىق دەرىجىسى ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ. سۈنئىيلىك، يۈزەكىلىك شەھەر ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى جانسىز، ئۆلۈك نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. شۇڭلاشقا يازغۇچىلار ئۆزلىرى ياشاۋاتقان، ئۆزلىرىگە ئەڭ تونۇش، ئەڭ پىششىق بولغان شەھەرنى ۋە شەھەر تۇرمۇشىنى تاللايدۇ. شاڭخەيلىك يازغۇچىنىڭ بېيجىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈش چىنلىق دەرىجىسى بېيجىڭلىق يازغۇچىنىڭ بېيجىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈش چىنلىق دەرىجىسىگە تەڭ كېلەلىشى ناتايىن. ئىسپانىيەلىك يازغۇچى ئېدۇۋارد مېندوزا (1943 - يىلى بارسېلونادا تۇغۇلغان) «مۆجىزىلىك شەھەر» ناملىق ئەسىرىدە: «مەن يېزىقچىلىقنى باشلىغان ئۆسمۈرلۈك چېغىمدىن تارتىپ ئۆزۈمگە ناھايىتى تونۇش بولغان بارسېلونا شەھىرىنى تاللىدىم، چۈنكى، ئۇ مەن ياشاۋاتقان شەھەردۇر» دەيدۇ. ئۇ بارسېلونا شەھىرىنىڭ يېقىنقى 40 يىللىق تارىخىي تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، بارسېلونا شەھىرى ۋە بۇ شەھەردە ياشاۋاتقان خەلقنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ھاياتىنى مۇپەسسەل ئەكس ئەتتۈرگەن. ئېلىمىزنىڭ داڭلىق كىنو رېژىسسورى جاڭ يىمۇ ھازىرغىچە شەھەر تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بىرمۇ كىنو ئىشلەپ باقمىدى. «جاڭ يىمونىڭ سەنئەت مەۋقەسى» ناملىق زىيارەت خاتىرىدە: «مۇخبىر ئۇنىڭدىن: ‹سىز نېمىشقا شەھەر تۇرمۇشىنى ئىشلىمەيسىز؟› دەپ سورىغاندا، ئۇ: ‹شەھەر تۇرمۇشىدا ئۆزىمىزگە خاس نەرسىلەر يوق دېيەرلىك، ياشاش ئالاھىدىلىكى غەربتىن كەلگەن، ئائىلىدە ئىشلىتىۋاتقان نەرسىلەر ياپون بىلەن ئامېرىكىنىڭ نەرسىلىرى تۇرسا، مەن پېرسوناژلىرىمنى قايسى مۇھىتقا قويەمەن؟› دەپ جاۋاب بەرگەن. مۇخبىر يەنە: ‹سىز نېمىشقا يېزا تېمىسىدىن چىقىپ كېتەلمەيسىز؟› دەپ سورىغاندا، ئۇ: ‹چۈنكى، يېزىلاردا بىزنىڭ 5000 يىللىق مەدەنىيەت قاتلىمى، مىللىتىمىزنىڭ ئۇزاق يىللاردىن بېرى پىشىپ يېتىلگەن پىسخىكا قاتلىمى بار. ئۆزۈممۇ كىچىكىمدە يېزىدا چوڭ بولغان، يېزا تۇرمۇشى ماڭا بەك تونۇش. ھەممە ئادەم ئۆزى پىششىق بىلىدىغان مۇھىتتا ئۆز ئىشىنى كۆڭۈلدىكىدەك قىلالايدۇ› دەپ جاۋاب بەرگەن» .[2] دېمەك، بىر يازغۇچى ئۈچۈن ئۆزى ياشىغان شەھەر (جاي - ماكان) ۋە شۇ يەردىكى خەلقنىڭ تۇرمۇشىدەك تونۇش ۋە پىششىق تۇرمۇش بولمىسا كېرەك. بىزنىڭ بەزى يازغۇچىلىرىمىز ئۆيىدىن سىرتقا چىقمايلا باشقا مىللەت ياكى باشقا دۆلەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى يېزىشقا بەك ئامراق، لېكىن يېزىپ چىققان يازمىسىغا قارىسىڭىز تۇرمۇش چىنلىقىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئۇلار رادىيودىن ئاڭلىۋالغان، تېلېۋىزوردىن كۆرۈۋالغان ياكى باشقىلارنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرى ئاساسىدا قاتۇرۇپ يېزىۋەتكەن نەرسىلىرىنىڭ ئوقۇرمەنلەرگە قانچىلىك بىلىم ۋە بەدىئىي لەززەت بېرىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ. بۇنداق سۈنئىي، ئۆلۈك يازمىلار ئەدەبىياتنىڭ ئوبرازىغا ئېغىر داغ چۈشۈرىدۇ، خالاس.

جۇڭگو دۇنيا بويىچە نوپۇسى ئەڭ كۆپ ھەم ئەڭ تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت. ھازىر مەملىكىتىمىزدە جەمئىي 661 شەھەر بولۇپ، ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە رايون ئالاھىدىلىكى بار. مەملىكەت بويىچە 60 كۈچلۈك شەھەر ئىچىدە شاڭخەي شەھىرى بىلەن بېيجىڭ شەھىرى ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا، ئۈرۈمچى شەھىرى 47 - ئورۇندا تۇرىدىكەن. مەملىكەت بويىچە ئەڭ باي 20 شەھەرنىڭ ئىچىدە قاراماي شەھىرى 1 - ئورۇندا تۇرىدىكەن. دېمەك، مۇشۇنداق سان - سېپىرلار كەينىگە نۇرغۇن پەرق يوشۇرۇنغانلىقىدا گەپ يوق. بىر شەھەرنىڭ يەنە بىر شەھەرگە ئوخشايدىغان ۋە ئوخشىمايدىغان نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلىرى بولىدۇ. ئەمدى بۇنى ئەدەبىياتتا قانداق ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەك؟ «بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز دەۋرلەر مابەينىدە تۈرلۈك مەدەنىيەت ئامىللىرى، تۈرلۈك ۋاستىلەر بىلەن ئۈزلۈكسىز ئۇچرىشىپ، تاللىنىپ ۋە شاللىنىپ، ئەڭ ئاخىرىدا خىللىنىپ، بۈگۈنكى كۈنگە ئۇلاشقان مەدەنىيەت». [3] بولغاچقا، شەھەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى، خاسلىقنى، شەھەر كىشىلىرىنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئىدىيە جەھەتتىكى توپ ئالاھىدىلىكىنى

ئەلۋەتتە، شۇ شەھەردە ياشاۋاتقان، شۇ شەھەرنى ئەڭ پىششىق بىلىدىغان يازغۇچىلار تۇرمۇش ئەمەلىيىتى نۇقتىسىدىن چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك. ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن قاراماي شەھىرىنى ئالساق، ھەر ئىككىسى تەڭ دەرىجىلىك (ۋىلايەت دەرىجىلىك) شەھەرلەر. لېكىن ئۈرۈمچى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، قاتناش مەركىزى، تىپىك مەركىزىي شەھەر. بۇ شەھەرنىڭ مەدەنىيەت ئاساسمۇ بىر قەدەر قويۇق، تارىخى بىر قەدەر ئۇزاق. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئارىلاشما مەدەنىيەت ۋە بۇ شەھەردە ئۇزاقتىن بۇيان چېچەكلەپ ئومۇملاشقان، باشقا مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە بىر قەدەر كۆپ ئۇچرىغان ئۆزگىچە مەدەنىيەت تىندۇرمىسىغا ئىگە بۇ شەھەردە ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئىدىيە قاتلىمى مۇرەككەپ، تۇرمۇش ئۇسۇلى ئۆزگىچىلىككە ئىگە. قاراماي شەھىرى بولسا، نېفت ئايرىش ۋە نېفت ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلغان نېفت شەھىرى، تىپىك سانائەت شەھىرى. ئىككى شەھەرنىڭ شەھەر مۇھىتىدا، شەھەر كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىدا ۋە مەدەنىيەت قاتلىمىدا روشەن ئوخشىماسلىقلار مەۋجۇت. قارامايىنىڭ شەھەر تۇرمۇشىنى، قاراماي كىشىلىرىنىڭ قىممەت قارىشى، تۇرمۇش تەرتىپى، پسخىك كەچۈرمىشلىرىنى باشقا شەھەر يازغۇچىلىرىغا قارىغاندا قارامايدا ياشاۋاتقان يازغۇچىلار ياخشىراق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. شۇڭا بىز ئارسلان تالىپ قەلىمى بىلەن روياپقا چىققان «چۆلدىكى چوغ — ۋارىس ھۆكۈمەت» رومانى بىلەن «تورۇنتودىكى يەر ئاستى ئۆيى» ناملىق رومانىنىڭ قايسىسىدا تۇرمۇش چىنلىقى بەكرەك ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكىنى بۇ رومانلارنىڭ ماۋزۇسىغا قاراپلا بىلەلەيمىز. قاراماي شەھىرى مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ چوڭ نېفت سانائەت بازىسى، شىنجاڭدىكى بىردىنبىر سانائەت شەھەرى. قاراماي يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئېچىلغان تۇنجى چوڭ نېفتلىك بولۇپ 1958-يىلى شەھەر بولۇپ قۇرۇلغان (1990-يىلى دەرىجىسى ۋىلايەت دەرىجىلىك شەھەرگە ئۆستۈرۈلگەن)، 2002-يىلى، قارامايىنىڭ نېفت ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتى 10 مىليون توننىدىن ھالقىپ مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىدىكى ئەڭ چوڭ نېفت ئىشلەپچىقىرىش بازىسىغا ئايلاندى، 2011-يىلى 12-ئايدا، مەملىكەت دەرىجىلىك «مەدەنىيەتلىك شەھەر» دېگەن شەرەپلىك نامىغا ئېرىشتى. دېمەك، قاراماي بىلەن ئۈرۈمچىنى سېلىشتۇرغاندا، قارامايىنى ياش جەھەتتىن بىر بوۋاققا ئوخشىتىشقا بولىدۇ. بۇ شەھەرنىڭ مەدەنىيەت ئاساسىنىمۇ تارىخى بىر قەدەر ئۇزاق بولغان ئۈرۈمچىگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. قارامايىنىڭ ئۆزىگە خاس جۇغراپىيەلىك رايون ئالاھىدىلىكى، سانائەت شەھىرىگە خاس ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى، تۇرمۇش تەرتىپى، ۋاقىت قارىشى، قىممەت قارىشى، كىيىم-كېچەك ۋە يېمەك-ئىچمەك قارىشى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئۈرۈمچى ۋە رايونىمىزنىڭ باشقا شەھەرلىرىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، يازغۇچىلار شەھەرنى تاللىغاندا ئۆزىگە پىششىق، تونۇش بولغان شەھەرنى تاللىسا، ئەكس ئەتتۈرمەكچى بولغان تۇرمۇش رېئاللىقى شۇنچە يارقىن، شۇنچە روشەن ئەكس ئېتىدۇ. شۇڭلاشقا، خالىدە ئىسرائىل قەلىمى ئاستىدىكى «تىمتاس شەھەر»، مۇھەممەد سالىھ مەتروزى قەلىمى ئاستىدىكى «مەن بۇ شەھەردە مۇھەببەت ئۇچۇنلا ياشاپ قالدىم»، مەرھۇم ھۇسەيىن تاش قەلىمى ئاستىدىكى «يىلان يىللىق قىز» قاتارلىق ئەسەرلەر ئاشۇ يازغۇچىلارغا تونۇش ۋە پىششىق بولغان شەھەر مۇھىتىدىن ئايرىدە قىلىنغاچقا، قەلبىمىزدە بۆلەكچە ھاياجان قوزغايدۇ.

## نېمىنى نۇقتىلىق تەسۋىرلەيمىز؟

شەھەرلىشىشنىڭ كەسكىن تەرەققىياتى شەھەر بىلەن شەھەرنىڭ پەرقىنى زور دەرىجىدە كىچىكلەتتى. ئاسمان بىلەن بوي تالاشقان ئېگىز-ئېگىز بىنالار، ئۈمۈچۈك تورىدەك ئاسفالت يوللار ھەم بۇ يوللاردا چۈمۈلىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرۇۋاتقان ماشىنىلار، شەھەر ئاسمىنىنى خۇددى كۆندۈزدەك يورۇتۇپ تۇرۇۋاتقان كوچا چىراغلىرى شەھەرلەرنى خاسلىقتىن، ئۆزگىچىلىكتىن ئايرىپ قويدى. «كىچە بولماس شەھەر»لەرنىڭ تېز سۈرئەتتە كۆپىيىشى ھەم زامانىۋى ئۇچۇر ۋاستىلىرىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى تاشقى مەخپىيەتلىكنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلدى. ئادەملەرنىڭ سىرتتىكى ھەرىكىتى، قىياپىتى مەلۇم دەرىجىدە چەكلىمىگە ئۇچراپ، ئۇلارنى تاشقى جەھەتتىن قاتتىق كونترول قىلدى. تاشقى جەھەتتىن كېلىۋاتقان بېسىم ئادەملەرنىڭ روھىغا تېز تەسىر قىلىپ، ئۇلاردا ئوخشاش بولمىغان پسخىك ئۆزگىرىشلەرنى، سىقىلىش ۋە چەكلىنىشلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئەدەبىياتنىڭ تەسۋىرلەش

ئوبيېكتمۇ دەل مۇشۇنداق پسخىك ئۆزگىرىشلەرنى، پسخىك كەچۈرمىشلەرنى، پسخىك سىقىلىشلارنى، چەكلەمىلىكتىن خالىي تۈرلۈك ئويى - خىياللارنى چىنلىق بىلەن قېزىپ چىقىپ، ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئېچىش، ئەدەبىياتنىڭ ئادەمنى مەركەز قىلىشتىن ئىبارەت تۈپ مەقسىتىنى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىدى. لېكىن يېزىلىۋاتقان خېلى كۆپ ئەسەرلىرىمىزدە، بىر بولسا، شەھەردىن قاقشاش، شەھەرنى سۆكۈش ئىدىيەسى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىدى. بىر بولسا، شەھەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى بىلەن ئادەملەرنىڭ شەھەر مۇھىتىدىكى قاينام - تاشقىنلىق تۇرمۇشىنى يېزىش مۇھىم ئورۇندا تۇردى. شەھەردىن قاخشايدىغانلار ئادەملەرنىڭ تېز ئۆزگىرىپ كېتىشىنى، ئېتىقادنىڭ سۇسلىشىشىنى، مىللىي مەدەنىيەت، مىللىي ئەنئەنە ۋە مىللىي ئۆرپ - ئادەتنىڭ ئاجىزلىشىشىنى پۈتۈنلەي شەھەردىن كۆرۈپ، شەھەردىن ئاغرىنىدى، پۈتۈن «گۇناھ»نى شەھەرگە ئارتىپ، شەھەرنى غەزەپ - نەپرەت بىلەن سۆكتى، تىللىدى. ھەتتا كىشىلەرنى شەھەردىن يىرگەندۈرۈشكە كۈچەپ ھەرىكەت قىلدى. شەھەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنى، شەھەر كىشىلىرىنىڭ قايناق تۇرمۇشىنى تەسۋىرلەيدىغانلار دەۋر ساداسىنى بەكرەك ياڭرىتىپ، شەھەرلەردە قەد كۆتۈرگەن ئېگىز - ئېگىز بىنالارنى، ھەشەمەتلىك مېھمانسارايۋە قەسىرلەرنى، رەڭدار چىراغلارنى، كەڭ ئاسفالت يوللارنى، يوللاردىكى چۈمۈلىسىمان ماشىنىلارنى، زامانىۋى قاتناش ئەسلىھەلىرىنى، ئادەملەر بىلەن لىق تولغان ئاۋات كوچا - رەستىلەرنى، سودا - سېتىق بازارلىرىنى، بازارلاردىكى ئاجايىپ قىزغىن بازارچىلارنى زوق - شوخ بىلەن تەسۋىرلەپ، ئۆزلىرىنىڭ شەھەرگە بولغان سۆيۈنۈش ھېسسىياتلىرىنى ئىپادىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇلار يەنە مۇشۇنداق ئاۋات ھەم زامانىۋى شەھەرلەردە ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئاجايىپ قايناق تۇرمۇشىنى يورۇتۇپ بېرىشكە بەكرەك كۈچىدى. تاشقى كۆرۈنۈش، تاشقى مەخپىيەتلىكلەرنى ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن يازالىغان، قازالىغان يازغۇچىلىرىمىز بەدىئىي ئوبرازنىڭ يادروسى بولمىش ئادەملەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى - قەلبىدىكى پىنھان سىرلارنى ئېچىشقا، قىسقىسى، قەلب مەخپىيەتلىكىنى قېزىپ چىقىشقا ئاجىزلىق قىلدى. ئەدەبىي ئوبزورچى فۇ شياۋپىڭ جۇڭگو يازغۇچىلىرىنىڭ رومان ئىجادىيىتى ھەققىدە توختالغاندا: «غەربنىڭ رومانلىرىدا ئادەمنى يېزىشقا بەكرەك كۈچەيدۇ، ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى يازىدۇ. ۋەقەلەر بولسا 2 - ئورۇندا تۇرىدۇ. ناۋادا ئارقا كۆرۈنۈشنى يېزىشقا توغرا كەلسىمۇ، يەنىلا ئادەمنىڭ كەينىدىن ۋەقەنى يازىدۇ. جۇڭگو ئەدەبىياتىدا بولسا بۇ خىل ھالەت سۇس ياكى ئاجىز. بىزنىڭ ھازىرقى يېزىقچىلىقىمىز بولسا، ئۆزلۈكتىن چەتنىگەن، ئىچكى دۇنيادىن ياتلاشقان يېزىقچىلىق». [4] دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ نۆۋەتتىكى ئىجادىيەت ئەھۋالىغا تەنقىدىي مۇئامىلىدە بولىدۇ.

دەرۋەقە، ئەنئەنىۋى ئىپادىلەش شەكىللىرى ۋە ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، دەۋر شارائىتىنى ۋە ئادەملەرنىڭ خىلمۇخىل تۇرمۇشىنى خېلى مۇپەسسەل يورۇتۇپ بېرەلىگەن كۆپ قىسىم قەلەمكەشلىرىمىز ئىجادىيەتتە يېڭى يول ئېچىشقا، يېڭى ئىجادىيەت ئۇسۇللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ بېقىشقا، بولۇپمۇ ئادەملەرنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىنى قېزىشقا، ئاڭ پائالىيىتىنى نۇقتىلىق تەسۋىرلەشكە سەل قارىدى ياكى بۇ جەھەتتە سىناق ئېلىپ بېرىشتىن، ئىزدىنىپ بېقىشتىن ئۆزىنى چەتكە ئالدى. نەتىجىدە قەلب مەخپىيەتلىكى ئەدەبىياتىمىزدىكى چەتتە قالغان، سەل قارالغان ئاجىز ھالقىلاردىن بولۇپ قالدى.

مەن يېقىندا چەت ئەلدە ئوقۇپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن بىر زىيالىي ياشنىڭ بىر پارچە كىتابىنى ئوقۇدۇم. ئاپتور كىتابنىڭ كىرىش سۆز قىسمىدا: «ئانىلارنىڭ بۆشۈك تەۋرەتكەن پاك قوللىرىدا مىللەت تەۋرەيدۇ. ئاياللارنىڭ قەلبى كىرلەشسە، بىر مىللەتنى كىر باسىدۇ. مەن چەت ئەلدىكى ئوقۇشنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلگىنىمدە رېئاللىقىمىزدىكى نازۇك بىر مەسىلە مېنى ئويغا سالدى. بۇ يەردىكىسمۇ ھەقىقەتەن مەن كۆرگەن ھەرمەر شەھەرلەرگە ئوخشاش ئاجايىپ تەرەققىيات — ئېگىز - ئېگىز بىنالار، ئەينەكتەك يوللار... بىراق ئوخشىمايدىغىنى بۇ يوللاردا كېتىۋاتقىنى ئۆلۈكتىن پەرقلەنمەيدىغان روھسىز چىرايلار، يول بويلىرىدا ئاياللارنىڭ ئەرزان پايپاقلىرىنى، ئىچ كىيىملىرىنى سېتىۋاتقان قەددى - قامەتلىك يىگىتلەر، كۈندە نەچچە قېتىم ئىنسىننىڭ تاياق - دەشنامىلىرى ۋە «دۆت» دەپ تىللاشلىرى ئىچىدە خۇدۇكسىرەپ ئۇسسۇۋاتقان بالىلار...». [5] دەپ يېزىپ، ئۆزى ئوقۇغان دۆلەتتىكى شەھەر بىلەن تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ئۈرۈمچى شەھرىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرغان. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئاپتور تاشقى كۆرۈنۈش ۋە تەرەققىيات جەھەتتىن ئۆزى ئوقۇغان شەھەردىن ھېچ

پەرقلەنمەيدىغان بۇ شەھەردىكى ئالدىراش ئادەملەرنىڭ
روھسىز قىياپىتىدىن، يول بويلىرىدا تىرىكچىلىك قىلىۋاتـ
قان يىگىتلەرنىڭ مىشىچان ھالىتىدىن، ئانىلىرىنىڭ تاياق -
دەشناملىرى ئىچىدە خۇدۇكسىرەپ چوڭ بولۇۋاتقان با-
لىلارنىڭ بىچارە تۇرقىدىن قاتتىق ئىچىنغان. ئويلاپ با-
قايلى، ئاپتور تىلغا ئالغان «ئۆلۈكتىن پەرقلەنمەيدىغان»
ئاشۇ روھسىز چىرايلارنىڭ، ئاياللارنىڭ ئەرزان پاپىقلى-
رىنى، ئىچ كىيىملىرىنى سېتىشقا مەجبۇر بولغان ئاشۇ
قەددى - قامەتلىك، نەۋقىران يىگىتلەرنىڭ، ئانىسىنىڭ
تاياق - دەشناملىرى ئىچىدە «دۈت» دەپ ئاتىلىپ، خۇ
دۇكسىرەپ ياشاۋاتقان ئاشۇ سەبىي، مەسۇم باللارنىڭ
قەلبىگە قانداق پىنھان سىرلار يوشۇرۇنغاندۇ؟ ئۇلار
نىمە ئۈچۈن شۇنچە روھسىز، شۇنچە مىسكىن، شۇنچە
ئاجىز؟ دەرھەقىقەت، شەھەردە باي - نامراتمۇ، ئورۇق -
سېمىزمۇ، ئوغرى - قاراقچىمۇ، ئالىم - ئۆلىمالارمۇ، سو-
دىگەر - ھۆپىگەرلەرمۇ تەڭ ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ تاشقى
قىياپىتىدىن تارتىپ گەپ قىلىشلىرىغىچە، دۇنيا قارىشىدىن
تارتىپ قىممەت قارىشىغىچە، مۇھەببەت قارىشىدىن
نەپرەت قارىشىغىچە، ئائىلە تەربىيەسىدىن تارتىپ مەدە-
نىيەت سەۋىيەسىگىچە ناھايىتى روشەن پەرق مەۋجۇت.
قىسقىسى، ئۇلارنىڭ قەلب مەخپىيەتلىكىدە ناھايىتى چوڭ
پەرق مەۋجۇت. شۇڭا، بۇ خىل مەۋجۇتلۇقنى ئويلاش-
ماي ياكى بۇ خىل مەۋجۇتلۇقتىن مۇستەسنا ھالدا ئادەم-
لەرنىڭ روھسىز، بىچارە، مىسكىن ھالىتىگە ئالدىراپلا
ھۆكۈم قىلىۋېتىش تازا ئاقىلانىلىك بولمايدۇ. تارىختا
ئۆتكەن نۇرغۇن دانالار، ئالىملار، پەيلاسوپلار، شائىر-
لار، يازغۇچىلار ئىقتىسادىي جەھەتتىكى نامراتلىق، جىس-
مانىي جەھەتتىكى ئاجىزلىق، روھىي جەھەتتىكى سىقىلىش
تۈپەيلىدىن چىرايىنى سولغۇنلۇق قاپلىغان بولسىمۇ،
لېكىن ئۇلار بۇنىڭلىق بىلەن ئىرادىسىزلىك، بوشاڭلىق،
چۈشكۈنلۈك پاتقىقىغا پېتىپ قالمىغان، ئەكسىچە، ئىنسانى-
يەت مەدەنىيىتىگە، ئەدەبىيات - سەنئىتىگە تەسۋىرلىگۈ-
سىز تۆھپىلەرنى قوشقان. دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ باي
دەپ سانىلىۋاتقان بىل گايتسمۇ بىر كېچىدىلا باي
بولۇپ كەتمىگەن. بىز ياشاۋاتقان بۇ دۇنيادا ئىشنى
نەچچە موچەنىڭ ئاددىي تىجارەتتىن باشلاپ مىليونېر،
مىلياردېرلارغا ئايلىنىپ كەتكەنلەر ناھايىتى كۆپ. كۆزد
مىزگە روھسىزدەك، بىچارىدەك، ئاجىزدەك، بىقۇۋۇل
دەك كۆرۈنگەن ئاشۇ كىشىلەرنىڭ قەلبىگە بەلكىم ئۇ-
لۇغلۇق ۋە ئالىيجانابلىق يوشۇرۇنغان بولۇشى، كۆزد-
مىزگە سالاپەتلىك، روھلۇق، قاۋۇل كۆرۈنگەن يەنە
نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قەلبىگە پاسىقلىق، رەزىللىك، مۇنا-
پىقلىق، چاكىنىلىق، مەرەزلىك يوشۇرۇنغان بولۇشى
مۇمكىن. «تارىختا مۇتلەق تەلەيلىك مىللەت بولغان
ئەمەس، بىر مىللەتنىڭ جاسارىتى، غالىبلىقى ۋە ئۆتكۈر-
لۈكى دەل ئۆزىدىكى ئۇلۇغلۇق سەۋەبلىك گاھىدا تا-
رىخنىڭ ئۇزۇن مۇساپىلىك ھاقارەتلىرىگە دۇچ كېلىدۇ.
ئۇلۇغلۇق دەل ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقى ئىچىدە بىر مەھەل
ئارام ئېلىپ، كەلگۈسىگە نىسبەتەن ئۆزىنى قايتىدىن لايە-
ھەلەيدۇ - دە، يېپيېڭى قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ». [6]
ئۇنىڭ ئۇستىگە «بىر مىللەتنىڭ مۇھەببەت قارىشى ۋە
ئۇنىڭ رېئال تۇرمۇشتىكى ئىپادىلىنىشى شۇ مىللەتنىڭ مە-
دەنىيەت دەرىجىسى ۋە مەنىۋى قىياپىتىگە باغلىق». [7]
ئىش بولۇپ، شەھەردە ياشاۋاتقان ھەر بىر ئادەمنى
ئوخشاش نەزەردە كۆزىتىش ياكى ئوخشاش قىممەت قا-
راشتا مۇئامىلە قىلىش ئادىللىقتىن، ئاقىلانىلىكتىن يىراق
بەرمەيدۇ.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا، بولۇپمۇ بىز تىلغا ئېلىۋاتقان
ئۇيغۇر شەھەر ئەدەبىياتىدا بىز ھەل قىلىدىغان ئاجىز
ھالقىلار ناھايىتى كۆپ. بىزدە يازغۇچىلارنىڭ بەدىئىي
جەھەتتىن تەربىيەلىنىشى تازا يېتەرسىز. كۆپ قىسىم ياز-
غۇچىلاردا، بولۇپمۇ ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 40 -، 50 - ۋە
60 - يىللىرى تۇغۇلغان خېلى كۆپ قىسىم يازغۇچىلاردا
ھازىرغىچە قېلىپلىشىپ قالغان يېزىقچىلىق ئۇسۇلى
مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. گەرچە ئۇلاردا تۇرمۇش تەج-
رىبىسى، يېزىقچىلىق ماھارىتى خېلى يېتەرلىك بولسىمۇ،
لېكىن ئۇلارنىڭ يېڭى ئەدەبىي ئېقىملار بىلەن ئۇچرىشى-
شى كەمچىل بولغاچقا، يېڭى ئەدەبىي ئېقىملاردا ئىجادى-
يەت ئېلىپ بېرىشقا قىزىقمىدى ياكى خالىمىدى. 70 - يىل-
لارنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 80 -، 90 - يىللاردا تۇغۇلغان بىر
قىسىم ياش يازغۇچىلاردا ئىزدىنىش، ئالغا ئىنتىلىش
روھى كۈچلۈك بولسىمۇ، لېكىن تۇرمۇش تەجرىبىسىنىڭ
يېتەرسىز بولۇشى، بەدىئىي جەھەتتىن تەربىيەلىنىشىنىڭ
ئاجىز بولۇشى تۈپەيلىدىن ئەدەبىياتىمىزدىكى ئاجىز ھال-
قىلارغا يۈرۈش قىلىشتا ماغدۇرى يەتمەسلىكتەك پاسسىپ
ھالەت مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. گەپ بۇ يەرگە كەلگەن-
دە، يېڭى ئەدەبىي ئېقىملارنى ئۆز ئەسەرلىرىدە دادىل
سىناق قىلىپ بەلگىلىك ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرگەن،

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئالتۇن بەتلىرىنى تېخىمۇ رەڭدار جۇلاغا ئىگە قىلغان، ۋەقەلەرنى ئەمەس، بەلكى ئادەملەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى، قەلبىدىكى پىنھان سىرلىرىنى قېزىپ چىقىشقا ھەرىكەت قىلىپ، بۇ جەھەتتە مۇئەييەن يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن مۇھەممەد باغراش ۋە ئۇنىڭ «جەزىرە»، «كۆل رەڭ رەسىم»، «ياۋا ئەترگۈل»، «تەنھا ماشىنا» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى، خالىدە ئىسرائىل ۋە ئۇنىڭ «ئوربىتا»، «ھاڭگىرت كۆلى» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى، ھۇسەيىن تاش ۋە ئۇنىڭ «ئۈرۈمچىنىڭ چۈشى»، «ئاق كىيىملىك پەرىزات» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى، پەرھات تۇرسۇن ۋە ئۇنىڭ «كېسەل»، «مەسىھ چۆلى»، «ھالاكەت» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى تىلغا ئالماي تۇرالمايمىز. بۇ پەخىرلىك يازغۇچىلىرىمىز ئۆز ئەسەرلىرىدە «ۋەقەلىكنى ۋاقىت تەرتىپى ياكى لوگىكىلىق مۇناسىۋەت ئارقىلىق يەككە، تۈز سىزىق شەكلىدە بايان قىلىش قۇرۇلمىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ۋەقەلىكنى ۋاقىت تەرتىپى بويىچە ئەمەس، بەلكى ئادەمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىق ئاڭ پائالىيىتىنى بويلاپ، ئەركىن ئۇلانما ئوي ئارقىلىق قۇراشتۇرۇش» [8] تەك ئاڭ ئېقىمى پىروزىچىلىقىدىكى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەردىن پايدىلىنىپ، ئادەملەرنىڭ ئاڭ پائالىيىتى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى پىنھان سىرلارنى قېزىپ چىقتى. ھەممىگە ئايان، شەھەر ئادەملىرىنىڭ تۇرمۇشى بەك مۇرەككەپ، روھىي دۇنياسى تېخىمۇ مۇرەككەپ. ئۇلارنىڭ قەلبىگە كىرىزىس ئېغىمۇ، ئازاب ئېغىمۇ تەڭ يوشۇرۇنغان. ئازاب ئېغى «ئىنساننىڭ ئوبيېكتىپ ھادىسىلەرنى مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىشى ۋە ئويلىنىشىدىن كېيىن پەيدا بولىدىغان غەم - قايغۇ، ئەندىشە، ۋەھىمە، بىئاراملىق، ھەسرەت، غەزەپ - نەپرەت، غېرىبسىنىش قاتارلىق پىسخىك ھېسسىيات ئىچىدە يېتىلگەن ۋە ئىپادىلەنگەنلىكتىن مۇشەققەتنى يېڭىش ۋە ئۇنىڭغا باش ئېگىش ئوتتۇرىسىدىكى مەقسەت ۋە ئىرادە بىلەن زىچ باغلىنىشلىق» [9] بولغاچقا، ئادەملەرنىڭ ئازابنى يېڭىش ياكى كىرىزىسقا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى ئوخشاش بولمايدۇ. ئوخشاش بولمىغان تەربىيە، ئوخشاش بولمىغان ئۆسۈپ يېتىلىش مۇھىتى ئوخشاش بولمىغان دۇنيا قاراشنى، ئوخشاش بولمىغان ئېتىقادنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. ئادەملەرنىڭ چىراي - تۇرقىغا ياكى باي - كەمبەغەللىكىگە، ئاجىز - ئورۇقلۇقىغا ياكى سودا - سېتىقلىرىغا قاراپلا ئۇلارنىڭ قىممەت قارىشىغا ياكى دۇنيا قارىشىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ روھىنى، پىسخىكىسىنى چۈشىنىش، قەلبىگە بۆسۈپ كىرىش ھەممىدىن مۇھىم.

زامانىۋى دەۋردە ياشاۋاتقان بىزلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەدەبىياتىمىزدا ھازىر «زامانىۋى ئاڭ سەھىرى يېتىپ كەلدى. زامانىۋى ئاڭ سەھىرى ئويغىنىشنى تەقەززا قىلىدۇ. ئۇ بۈگۈنكى ئىنساني قەدىر - قىممەت، ئىنساني ئەرك، باراۋەرلىك ۋە ئورتاق گۈللىنىشنىڭ ئەڭگۈشتەرى». [10] ئۇ يازغۇچىلىرىمىزدىن ئۆگىنىشنى، كۆزىتىشنى، چۈشىنىشنى، ئىزدىنىشنى، تەپەككۇر قىلىشنى ۋە تەتقىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداقلا ئادەملەرنىڭ روھىنى، ئىچكى دۇنياسىنى، قەلبىنى ئىچكىرىلەپ قېزىشنى، قىسقىسى، چىرايدىن كۆزگە، كۆزدىن قەلبكە چوڭقۇرلاپ كىرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

**ئىزاھاتلار:**

[1] ئىقبال تۇرسۇن: «شەھەر مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى مەنىۋىيىتى» (ماقالە)، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلى، 2006 - يىللىق 3 - سان.

[2] «جاڭ يىمۇنىڭ سەنئەت مەۋقەسى» (زىيارەت خاتىرىسى)، «تەڭرىتاغ ئېكرانى» ژۇرنىلى، 2014 - يىللىق 2 - سان، (ژۇرنالدا ئاپتور ۋە تەرجىمان ئەسكەرتىلمىگەن).

[3] بەگمەت يۈسۈپ: «بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز» (ماقالە)، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 2015 - يىللىق 5 - سان.

[4] فۇ شياۋپىڭ ئاپتورلۇقىدىكى «جۇڭگودا نېمە ئۈچۈن ھەقىقىي يازغۇچىلار كەمچىل» ناملىق ماقالە، ئۇيغۇرچە «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 2014 - يىللىق 5 - سان، مېھراي مۇھەممەد تەرجىمىسى.

[5] نەزىرە مۇھەممەد سالىھ: «شەرق يۇلتۇزلىرىنى ئىزدەپ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 - يىل نەشرى، كىرىش سۆز قىسمى.

[6] ئابدۇقادىر جالالىدىن: «داغمۇ ياكى زىناقمۇ»، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى، 2012 - يىل 4 - ئاي نەشرى، 81 - بەت.

[7] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن: «ئائىلە»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2002 - يىل 10 - ئاي نەشرى، 68 - بەت.

[8] تاھىر ھامۇت: «غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتى ئېقىملىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىل نەشرى، 119 - بەت.

[9] ئىقبال تۇرسۇن: «ئۇيغۇرلاردا ھايات ھېكمىتى، ئۆلۈم كۈلپىتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006 - يىل 5 - ئاي نەشرى، 11 - بەت.

[10] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن: «ئارىفنامە»، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى، 2013 - يىل 8 - ئاي نەشرى، 285 - بەت.

ئاپتور: قاراماي شەھەرلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتە.



ئەكبەر قادىر

# ئۇيغۇر نەسر ئىجادىيىتىدىكى نەتىجىلەرگە نەزەر

## — ئۇيغۇرچە نەسر توپلاملىرى ھەققىدە

نەسر — ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا قۇرۇلما جەھەتتىن راۋان، تىلى ھېسسىياتلىق ۋە جەڭگىۋار؛ مەزمۇن جەھەتتىن ئۆتكۈر ئىجتىمائىيلىقنى ھەم سىياسىۋىلىقنى ئىپادىلەيدىغان بىر ژانىردۇر. ئۇنىڭدا بەزىدە تىپىك بولغان سىمۋوللۇق ئوبرازلار ئارقىلىق ئاپتورنىڭ ئۆزى ياشاپ تۇرۇۋاتقان دەۋردىكى رېئال كۆرۈنۈشلەرگە قارىتا پوزىتسىيەسى ۋە مۇلاھىزىسى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. يەنە بەزىدە ئاپتورنىڭ كۆرگەن ھەم بىۋاستە تەسىرلەنگەن تىپىك تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى توغرىسىدىكى ھېسسىي چۈشەنچىلىرى تەسۋىرلىنىدۇ. شۇڭا نەسرنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى، ئۇ ھەرقانداق بىر قېلىپنىڭ ياكى ئۆلچەمنىڭ چەكلىشىگە ئۇچرىمايدۇ. ئۇنىڭ مەزمۇنى كەڭ، شەكلى ئەركىن بولىدۇ. ئۇ ئەدەبىي ئەسەرلەر يېزىقچىلىقىدىكى بارلىق ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنىڭ ھەم ۋاستىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەركىن قوللىنالايدۇ. بىز بۈگۈنكى نەسرچىلىكىمىزگە نەزەر سالساق، ئاپتورلار ئۆز نەسرلىرىدە ھايات ھەققىدىكى ئويلىرىنى، رېئال تۇرمۇش بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولغان ئەخلاق، غايە ھەققىدىكى مۇھاكىمىلىرىنى، ئىنسان تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئېكولوگىيەلىك ھادىسىلەرنى، تەبىئەت ئاتا قىلغان ئىلھاملارنى... تەمكىن پوزىتسىيە بىلەن ناھايىتى يارقىن، ئەركىن ئىپادە قىلىپ بەرمەكتە.

نەسر مەيلى قانداق مەزمۇننى ئىپادىلىسۇن، ئۇنىڭدا بىر خىل جەڭگىۋار، جۇشقۇن، تېتىك، ئىنتىلىشچان كەيپىيات ئۆز ئىپادىسىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. شۇڭا نەسر ئوقۇش باشقا ئەسەرلەرنى ئوقۇغانغا قارىغاندا كىشىگە بەكرەك ئىلھام ئاتا قىلىدۇ. سىز نەسر ئوقۇپ ھەرگىز يىغلىمايسىز، ئەكسىچە ئىنتايىن ھاياجانلىنىسىز، جۇشقۇنلۇققا چۆمىسىز. سىز نەسر ئوقۇغاندا پەقەت ھاياجانلىنىپلا قالماستىن يەنە ھايات ھېكمەتلىرى ھەققىدىكى يېڭى بىلىشلەرگە؛ ھەقىقەت، توغرىلىق ھەققىدىكى يېڭى رىغبەتلەندۈرۈشلەرگە ئېرىشىسىز، شۇڭا دائىم كىشىلەر نەسرنى ھەقىقەتنىڭ جارچىسى دەپ ئاتايدۇ.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا نەسر ئىجادىيىتى ھازىرقى كۈندە مەزمۇن جەھەتتە تېخىمۇ كېڭىيىپ، خەلق تۇرمۇشى ۋە دەۋر رېئاللىقى قاتلاملىرىغا تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ كىرىپ، يارقىن نۇقتىلارنى تېخىمۇ قېزىپ، دەۋرىمىز كىشىلىرىگە ئىلھام ئاتا قىلىدىغان مەزمۇنلارنى ئىپادىلەپ،

ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇۋاتقان ژانىرلارنىڭ بىرى بولماقتا. ئۇيغۇر نەسرچىلىكىدە نۆۋەتتە شۇڭا نەسر يازىدىغانلار بارغانچە كۆپىيىشتەك ئاكتىپ يۈزلىنىش بارلىققا كېلىۋاتىدۇ، ھەتتا نەسر تەنقىدچىلىكىمۇ بارلىققا كېلىۋاتىدۇ ۋە جانلىنىۋاتىدۇ.

ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنىڭ يېقىنقى زاماندىكى تارىخىغا نەزەر ئاغدۇرۇپ باقىدىغان بولساق، 1940-يىللاردا ئىنقىلابىي شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ «ئۇنىڭ كەلگۈسى زور ھەم پارلاق»، «پادىشاھ سامورايلىرى ئېغىر ھالسىرايدۇ» ناملىق نەسرلەرنى يېزىپ چىققان. بۇ نەسرلەرنىڭ بىرىنچىسى، ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ كەلگۈسىدە قۇدرەت تاپىدىغانلىقىنى كۆرسەتسە؛ ئىككىنچىسى، جۇڭگو خەلقىنىڭ فاشىزمغا قارشى كۈرەشنىڭ غەلىبىسىنى چوقۇم قولغا كەلتۈرىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. بۇ نەسرلەر سىمۋوللۇق ئوبرازلار بىلەن ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ يېڭىلمەس، قۇدرەتلىك روھىي قىياپىتىنى نامايان قىلىپ، ئەينى دەۋر رېئاللىقىدا ناھايىتى مۇھىم سىياسىي ئىدىيەۋى قىممەت ياراتقان، شۇنداقلا ئۇيغۇر نەسرچىلىكىدە يېڭى ئەندىزە ئاچقان.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئاساس سالغان ئۇيغۇر ھازىرقى زامان نەسرچىلىكى شۇنىڭدىن كېيىن مەزمۇن ھەم شەكىل جەھەتتىن داۋاملاشتۇرۇلدى ۋە يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر 1945-يىلى «دېڭىزدىن سادا» ناملىق نەسرنى يېزىپ، ئېزىلگەن خەلق ۋە ئېزىلگەن ئەلنىڭ ئازادلىققا، ئەركىنلىككە بولغان ئىنتىلىشىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازادلىق كۈرەشلىرى ئارقىلىقلا چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىدەك مۇھىم ئىدىيەنى ئىپادىلىدى. نەسردە لىرىك قەھرىمان زۇلمەت كېچىدە دېڭىزغا قاراپ تۇرۇپ مۇراجىئەت قىلىپ «نېچۈن بىزگە كۈن نۇرى تەگمەس؟ نېچۈن ئاسمىنىمىز ھامان تۇمانلىق؟» دەپ سوئال قويىدۇ. ئاپتور مۇشۇ سوئال ئاساسىدا ئېزىلگەن خەلقنىڭ تۈن قاراڭغۇلۇقىنى يېرىپ يورۇقلۇققا بولغان تەشنالىقىنى مۇلاھىزە قىلىدۇ. نەسر ئاخىرىدا دېڭىزدىن كەلگەن «ئەنە، تاڭ ئاتماقتا، ئاز قالدى، تاڭ كۈن چىقىشتىن ئاتىدۇ» دېگەن جاراڭلىق سادا بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. مەزكۇر نەسر مانا مۇشۇنداق ئىپادىلەش ئۇسۇلى بىلەن خەلق ئازادلىق كۈرەشلىرىگە مەدھىيە ئوقۇيدۇ.

دېمەك، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر نەسرچىلىكى مانا شۇنداق خەلق تەقدىرى، خەلق ئازادلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان زور سىياسىي تېمىلارنى ئىپادىلەشنى ئاساس قىلغان ھالدا بارلىققا كەلدى ۋە تەرەققىي قىلدى.

ئازادلىقتىن كېيىن سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش نەتىجىلىرىنى، بۇ جەرياندىكى خەلق ئاممىسىنىڭ ئالغا بېسىش روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ خەلق دۈشمەنلىرىنى پاش قىلىش يېڭى دەۋر نەسرچىلىكىمىزنىڭ باش تېمىسى بولدى. بۇ تېما ئالدى بىلەن سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ نەسرلىرىدە ئەڭ يارقىن ئىپادىلەندى.

سەيپىدىن ئەزىزى 1950-يىللاردىن باشلاپ نەسر يېزىشقا باشلىغان بولۇپ، ئۇ ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ خېلى كۆپ نەسرلەرنى يازدى. ئۇنىڭ بۇ نەسرلىرى «بوران قوشاقلىرى» دېگەن نامدا 1970-يىللارنىڭ بېشىدا توپلام بولۇپ نەشر قىلىنغان. بۇ توپلامدىكى نەسرلەر خەلق ئىنقىلابىي كۈرەشلىرىنىڭ غەلىبىسىگە مەدھىيە ئوقۇش، خەلق دۈشمەنلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا بۇزغۇنچىلىق قىلىشتەك رەزىل قىياپىتىنى پاش قىلىش، خەلق ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولغان يېڭى دەۋرنى تولۇپ-تاشقان قىزغىنلىق بىلەن كۈيلەش قاتارلىق مەزمۇنلاردا يېزىلغان بولۇپ، بىر تەرەپتىن دەۋر پۇرىقى ئىنتايىن روشەن ئىپادىلەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن يۇقىرى چاقىرىق كۈچىگە ئىگە بولدى، بۇ نەسرلەر يەنە ھېسسىياتلىق، ئوبرازلىق بەدىئىي تىل ۋاسىتىلىرىگە ئىنتايىن تويۇنغان بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرنى كۈچلۈك ھاياجانغا سالىدۇ.

سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ نەسرلىرى ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنىڭ جەڭگىۋارلىق ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىللە ئۇنى يېڭى دەۋردە تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈشتە مۇھىم قىممەت ياراتتى. توپلامدا ئۇنىڭ 1968-يىلى يازغان «داھىي رەسىمى ئالدىدا» ناملىق نەسرى قويۇق سىياسىي لىرىكىلىق نەسر بولۇپ، ئۇنىڭدا جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ يول باشچىسى بولغان داھىي ماۋ زېدۇڭنىڭ ئىنقىلابىي ھاياتى، يېڭى جۇڭگونى بارلىققا كەلتۈرۈشتىكى ئۇلۇغ تۆھپىسى مەدھىيەلەنگەن. «قىزىل لاچىن» ناملىق نەسرى 1970-يىلى يېزىلغان بولۇپ، نەسردە لاچىننىڭ ئاسمان كۆكىدە پەرۋاز قىلىپ شۇم ھۇۋقۇشلار بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشىپ ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرغانلىقىدەك مەغرۇر ۋە جەسۇرانە قىياپىتى تەسۋىرلىنىپ خەلق قەھرىمانلىرىنىڭ يېڭىلمەس ئىنقىلابىي كۈرەش ئىرادىسى كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

1975 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن «قىزىل لاچىن» ناملىق كوللېكتىپ نەسرلەر توپلىمى نەشر قىلىندى. بۇ سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ نەسرلەر توپلىمىدىن كېيىن نەشر قىلىنغان 2 ـ نەسرلەر توپلىمى بولدى. توپلامغا جەمئىي 11 پارچە نەسر كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، نەسرلەرنىڭ تېمىسى ئوخشاشلا خەلق ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىگە مەدھىيە ئوقۇش، يېڭى جەمئىيەتتە بارلىققا كەلگەن يېڭى غەلىبە، يېڭى نەتىجىلەرنى كۈيلەشنى ئاساس قىلغان.

1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى، 1980 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ ئۇيغۇر نەسرچىلىكىدە تېما جەھەتتە ئىنقىلابىلىقنى، داھىينى، كۈرەش غەلىبىسىنى مەدھىيەلەشتىن تەدرىجىي ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغا يۈزلىنىشتەك بىر خىل كەڭلىك بارلىققا كەلدى. نەسرچىلىكتە خاس سىياسىي لىرىكىنىلا چىقىش قىلىشتىن تۇرمۇش تەسىراتلىرىنى، خەلق كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى، ئادىمىيلىك، ئەخلاق مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىشقا قاراپ تەرەققىي قىلدى، نەتىجىدە ئۇيغۇر نەسرچىلىكى يېپيېڭى بولغان بىر خىل تەرەققىيات پۇرسىتىنى كۈتۈۋالدى.

ئۇيغۇر نەسرچىلىكى ئۆزىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا باشقىلاردىن ئۆگىنىشكىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بەردى. 1974 ـ يىلى 10 ـ ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن خەنزۇ نەسرچىلەرنىڭ «مەرۋايىت نەزمىسى» ناملىق نەسرلەر توپلىمى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا لۇ شۈن، ماۋ دۇن قاتارلىق مەشھۇر نەسر ئۇستازلىرىنىڭ نەسرلىرى، شۇنىڭدەك دۇنيا نەسرچىلىكىدىكى تاگور، جىبران قاتارلىقلارنىڭ نەسرلىرى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ تونۇشتۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر نەسرچىلىكىدە نەسر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش قىزغىنلىقى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. نۆۋەتتە ئەخمەت ئىمىن ۋەكىللىكىدىكى ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، ئەركىن نۇر، بەگمەت يۈسۈپ، ئەنەيتۇللا قۇربان، قەلبىنۇر ئىلياس، ئەنۋەر تاشتۆمۈر، پولات ھېۋزۇللا، ئوسمان قاۋۇل، ئەنۋەر قۇتلۇق نەزەرى، گۈلباھار ئەزىز قاتارلىق مەخسۇس نەسر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان نەسرچىلەر بارلىققا كەلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئابدۇقادىر جالالىدىن، نۇرمەمەت توختى، ئۆمەرجان سىدىق، تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم قاتارلىق ئەدىبلەرمۇ قوشۇمچە نەسر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتىدۇ. نۆۋەتتە ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنى ئۆزىگە خاس مۇستەقىل تەرەققىيات يولىدا كېتىۋاتىدۇ دېيىشكە بولىدۇ. ئوقۇرمەنلەرنىڭ نەسرگە بولغان ئېھتىياجىمۇ كۈچىيىۋاتقاچقا گېزىت ـ ژۇرناللىرىمىز نەسرلەرنى بارغانچە كۆپ ئېلان قىلىۋاتىدۇ. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشلىقى شۇكى، 2014 ـ يىلى 12 ـ ئايدا جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن بېيجىڭدا ئۇيغۇر نەسر ئىجادىيىتى مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى. بۇ يىغىنغا ئەخمەت ئىمىن، بەگمەت يۈسۈپ قاتارلىق داڭلىق نەسرچىلەر قاتنىشىپ نەسر ئىجادىيىتى ھەققىدە ئۆزلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى بايان قىلدى. تەجرىبىلىرىنى سۆزلىدى. تەتقىقاتچىلار ئۇيغۇر نەسرچىلىكىدە بارلىققا كېلىۋاتقان يېڭى يۈزلىنىشلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى، نەسرچىلەر قوشۇنىنى زورايتىش توغرىسىدا تەكلىپ ـ پىكىرلەرنى بەردى.

ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ نەسر ئوقۇتۇشىمۇ ئالاھىدە كۈنتەرتىپكە قويۇلدى. 1980 ـ يىللاردىن كېيىن تۈزۈلگەن تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىگە نەسر ژانىرى كىرگۈزۈلۈپ نەسر ھەققىدىكى نەزەرىيەۋى قائىدىلەر سۆزلەنمەكتە. ئۇيغۇر نەسرچىلىكىدە بارلىققا كەلگەن مۇنەۋۋەر نەسرلەر دەرسلىككە كىرگۈزۈلۈپ بۇ نەسرلەر ئۈستىدە ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىلماقتا ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەسرنى بىلىشى، ئوقۇشى، نەسردىن زوقلىنىشى تېخىمۇ ئاشۇرۇلۇپ، نەسر يېزىقچىلىقىغا بولغان قىزىقىشى قوزغىتىلىپ كەلمەكتە. ھەر يىللىق ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئەدەبىيات ئىمتىھان سوئالىدىمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەسر يېزىش ئىقتىدارىنى سىناش سوئالى بىر مۇھىم مەزمۇن قىلىنىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭدىن باشقا تۈرلۈك ئەدەبىي ئەسەر مۇكاپاتلاش پائالىيەتلىرىدە نەسرلەرمۇ مۇھىم تۈر سۈپىتىدە كىرگۈزۈلۈپ مۇكاپاتلاش ئېلىپ بېرىلماقتا. مەسىلەن: 1981 ـ يىلى ئۆيۈشتۈرۇلغان ئاپتونوم رايون بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ 31 يىلدىن بۇيانقى مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالاش پائالىيىتىدە يازغۇچى قاھار جېلىل يازغان «باھار تەنتەنىسى» ناملىق نەسر 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئېزىز ساۋۇت يازغان «كاككۇك گۈلىنى ئەسلەپ» ناملىق نەسر 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. نەسرچى ئەخمەت ئىمىننىڭ «مېنىڭ بىر كۈنۈم» ناملىق نەسرى 1983 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن بالىلار ئەدەبىياتى

بويىچە مۇكاپاتلاش پائالىيىتىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. نەسرچى بەگمەت يۈسۈپنىڭ «نادان مۇخلىسلار» ناملىق نەسرلەر توپلىمى2008 - يىلى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر «تۇلپار ئەدەبىياتى مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن. 2009 - يىلى بۇ نەسرلەر توپلىمى يەنە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان 3 - نۆۋەتلىك «تەڭرىتاغ ئەدەبىيات - سەنئەت مۇكاپاتى»نىڭ شەرەپ مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ئومۇمەن، ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنىڭ ھازىرغىچە 80 يىلغا يېقىن ئىجادىيەت مۇساپىسىگە نەزەر سالساق، يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىش، ئازلىقتىن كۆپىيىشتەك تەرەققىيات جەريانىنى بېسىپ ئۆتكەنلىكىنى كۆرىمىز. نۆۋەتتە ئۇيغۇر نەسرچىلىكى مەخسۇس نەسر يازغۇچىلىرىغا ئىگە، مەخسۇس نەسر توپلاملىرىغا ئىگە بولغان بىر مۇستەقىل ئىجادىيەت ساھەسى بولۇپ شەكىللەندى. تۆۋەندە ئۇيغۇر نەسرچىلىكىدە بارلىققا كەلگەن بىر قىسىم توپلاملار ئۈستىدە قىسقىچە تونۇشتۇرۇش ئېلىپ بارايلى:

1. «بوران قوشاقلىرى» توپلىمى. بۇ توپلام سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ 1968 - يىلى 8 - ئايدىن 1970 - يىلى 2 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا يازغان نەسرلىرىنىڭ توپلىمى بولۇپ ئۇيغۇر نەسرچىلىكىدىكى تۇنجى توپلام ھېسابلىنىدۇ. توپلام جەمئىي 28 بەتلىك بولۇپ «داھىي رەسىمى ئالدىدا»، «خەنبوكوۋ»، «لوشەن»، «قىزىل لاچىن» قاتارلىق تۆت پارچە نەسر كىرگۈزۈلگەن. نەسرلەرنىڭ مەزمۇنى ئېلىمىز ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا ھەرقانداق دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ قەستىنى بەربات قىلىپ قەتئىيلىك بىلەن ئالغا بېسىۋاتقان روھىي قىياپىتىگە، قەتئىي قايتماس ئىنقىلابىي روھقا مەدھىيە ئوقۇشقا بېغىشلانغان بولۇپ، ناھايىتى جەڭگىۋارلىققا ئىگە. ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئېلىمىز خەلقى بېسىپ ئۆتكەن كۈرەش يولىنى ئوبرازلىق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. سەيپىدىن ئەزىزى نەسر ئىجادىيىتى ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنىڭ ئەنئەنىسى بولغان ئىنقىلابىلىققا ۋە جەڭگىۋارلىققا ۋارىسلىق قىلغان ھەم ئۇنى ئازادلىقتىن كېيىنكى دەۋر مۇھىتىدا راۋاجلاندۇرغان نەسرلەردۇر.

2. «قىزىل لاچىن» توپلىمى. بۇ 1975 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان كوللېكتىپ نەسرلەر توپلىمى. توپلامغا سەيپىدىن ئەزىزى، مۇھەممەد شاۋۇدۇن قاتارلىق 11 ئەدىبنىڭ 11 پارچە نەسرى كىرگۈزۈلگەن. بۇ نەسرلەر ئاساسەن سىياسىي تېمىلارغا بېغىشلانغان بولۇپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن جەمئىيەت قىياپىتىدە بارلىققا كەلگەن ئۆزگىرىشلەرگە مەدھىيە ئوقۇلغان.

3. «قەلب سادالىرى» توپلىمى. بۇ 1985 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان داڭلىق نەسرچى ئەخمەت ئىمىنىنىڭ تۇنجى نەسرلەر توپلىمى، توپلامغا ئەخمەت ئىمىنىنىڭ 1980 - يىللىرىدىن 1990 - يىللىرىغىچە يازغان نەسرلىرى كىرگۈزۈلگەن. توپلامدىكى «مېنىڭ بىر كۈنۈم»، «يېڭى يىل دەقىقىلىرىدە»، «ئەي قۇياش»، «پەزىلەت ئىگىسىگە مەدھىيە»، «شۆھرەت» قاتارلىق نەسرلەر كىشىلەرگە تولىمۇ زوقلىنىش ئاتا قىلىدىغان نەسرلەردۇر. بۇ نەسرلەردە يېڭى دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئىنتىلىشچان، يېڭىلىق يارىتىدىغان روھىي قىياپىتى نامايان قىلىنغان. بۇ نەسرلەر 1980 - يىللاردىن كېيىن بارلىققا كەلگەن نەسرچىلىكىمىزنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. «مېنىڭ بىر كۈنۈم» ناملىق نەسر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ تىلىدىن يېزىلغان بولۇپ، بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئەتراپ ئاپپاق قار بىلەن قاپلانغان بىر كۈندە ئەتىگەندە مەكتەپكە بېرىش يولىدا گۈزەل تەبىئەتكە قاراپ قىلغان ئېزگۈ تىلەكلىرى، مەكتەپكە بارغاندىن كېيىن مۇئەللىمنىڭ تەبىئەتنى سۆيۈش توغرىسىدىكى دەرسىنى ئاڭلاپ ھاسىل قىلغان گۈزەل ئارزۇلىرى، ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە ئانىسىغا ياردەملىشىپ ئۆي ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىپ ئاندىن كەچتە دەرس تەييارلاشقا باشلىشى... دەك كۆرۈنۈشلىرى ئىنتايىن جانلىق ھەم ئەينەن، ھېسسىياتلىق بايان قىلىنغان، زامانىمىزدىكى ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان ئۆسمۈرلەرنىڭ غايىلىك، بىلىملىك ئىنتىلىشچان روھىي قىياپىتى نامايان قىلىپ بېرىلگەن. 1984 - يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەر 6 - يىللىقلار ئۈچۈن تۈزۈلگەن «ئەدەبىيات» دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلگەن. «يېڭى يىل دەقىقىلىرىدە» ناملىق نەسردە يېڭى دەۋر كىشىلىرىمىزنىڭ ۋاقىت بىلەن بەسلىشىش روھى، ئىجاد، نەتىجە يارىتىش روھى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مەدھىيەلەنگەن.

«ئەي قۇياش» ناملىق نەسردە قۇياشنىڭ ھەممىگە ھاياتلىق بېغىشلىغۇچى ئىللىق نۇرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئىنسان قەلبىنى ئىللىتقۇچى ئانا ئوبرازى سىمۋوللۇق

ھالدا مەدھىيەلىنىدۇ. مەزكۇر نەسر ئىدىيەۋىلىك بىلەن بەدىئىيلىكنىڭ يۇكسەك بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرغان بولۇپ، ئانا ئوبرازىنى قۇياشقا ئوخشىتىشتا ئىنتايىن ئۆزگىچە يۇكسەك پاساھەت ياراتقان.

«پەزىلەت ئىگىسىگە مەدھىيە» ناملىق نەسردە ئەل ئۈچۈن مېھنەت قىلىشنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى بولمايدۇ، دېگەن پەلسەپىۋى ئىدىيە ئالغا سۈرۈلسە، «شۆھرەت» ناملىق نەسردە «كىم ئىنسانىيەتكە بەخت ياراتسا شۇ شۆھرەت تاجىنى كىيىشكە ھەقلىق» دېگەن ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

4. «باھار تىنىقى» توپلىمى. بۇ ئەخمەت ئىمىنىنىڭ 2 ـ نەسرلەر توپلىمى بولۇپ، توپلام 1994 ـ يىلى نەشر قىلىنغان. توپلامغا ئەخمەت ئىمىنىنىڭ 1980 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 1991 ـ يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا يازغان نەسرلىرى كىرگۈزۈلگەن. بۇ توپلامدىكى نەسرلەرنىڭ كۆپى قىسقا، ئەمما ناھايىتى قويۇق ھېكمەت تۈسىنى ئالغان، ھەتتا بەزى نەسرلەر پەقەت ئىككى ياكى ئۈچ قۇردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرنى مەزگە تولغان تۇرمۇش ھەققىدىكى ھېكمەت دۇردانىلىرىنى يىغىنچاق، ئوبرازلىق تەسۋىرلەر بىلەن بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: «ئىز دېنىش»، «قارىغايغا جاۋاب»، «بۇركۇتنىڭ كۆلىكىسى»، «بۇ ھەقىقەت»، «قىشتىكى قۇياش» دېگەندەك نەسرلەر شۇلار جۈملىسىدىندۇر. توپلامدا مۇشۇنداق قىسقا قۇرلاردا يېزىلغان، ئەمما ئاپتورنىڭ ھاياتتىن، تەبىئەتتىن خۇلاسىلەپ چىققان چوڭقۇر ھەقىقەت ھەم ھېكمەت چۈشەنچىلىرى سىڭدۈرۈلگەن نەسرلەر 50 پارچىدىن ئاشىدۇ.

ئەخمەت ئىمىنىنىڭ بۇ مەزگىلدە يازغان نەسرلىرى ھايات ھەقىقەتلىرى بىلەن تويۇنغان نەسرلەر بولۇپ، جىبراننىڭ نەسرلىرىگە ئوخشىشىپمۇ كېتىدۇ، مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، جىبراننىڭ نەسر يېزىش ئۇسۇلىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئەمما ئەخمەت ئىمىن قەلىمى پىشقان نەسرچى بولغاچقا، ئۇ جىبران نەسرلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا ئۆز ئالاھىدىلىكىنى يوقاتمىغان ئاساستا ئۇنىڭ ئىپادىلەشتىكى يىغىنچاقلىقىدىن مەلۇم تەسىر ئالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەخمەت ئىمىن تەسۋىر، ھېسسىياتتا يەنىلا ئۇيغۇر مىللىي تۇرمۇشىنى ئوبيېكت قىلدى. ئۇ ھەتتا بۇنداق نەسرلەردە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھايات ھەققىدىكى ئەنئەنىۋى چۈشەنچىلىرىنى، گۈزەللىك قاراشلىرىنى، ئېستېتىك ئىنتىلىشلىرىنى چوڭقۇر ئىپادىلىگەن. ئۇنىڭ «قارىغايغا جاۋاب» ناملىق نەسرىنى ئوقۇساق ئۇيغۇر مىللىي ئېستېتىك قاراشلىرىنىڭ چوڭقۇر ئىپادىلەنگەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

بەزى تەنقىدچىلەر ئەخمەت ئىمىن نەسرلىرىنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ئۇنىڭ تەبىئەت ئېكولوگىيەسىگە بېغىشلانغان، ئىنسان بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىگە بېغىشلانغان نەسرلىرى تەشكىل قىلىدۇ دەپ قارايدۇ. جۈملىدىن ئۇنىڭ «سادا»، «تۇپراق ساداسى» قاتارلىق نەسرلىرىنى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ «ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ» دەپ كۆرسىتىدۇ (تەتقىقاتچى كېرىمجان ئابدىرېھىم يازغان «ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنىڭ بىر ئەسىرلىك تەسۋىرى» ناملىق ماقالىگە قارالسۇن. «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 2002 ـ يىللىق 3 ـ سان»). لېكىن مېنىڭ نەزىرىمدە ئەخمەت ئىمىنىنىڭ نەسرلىرىنىڭ يۇكسەك پەللىسى يەنە ئۇنىڭ «يېڭى يىل دەقىقىلىرى»، «ئىھ، ئانا ماكان»، «ئاھ ئۇستازىم»، «مۇھەببەت»، «پەزىلەت ئىگىسىگە مەدھىيە» قاتارلىق ئىنساننىڭ قەلب دۇنياسىدىكى ياخشىلىق، ئېزگۈلۈك ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ئىنتايىن كۈچلۈك لىرىك تىل بىلەن ئېچىپ بەرگەن نەسرلىرىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئەخمەت ئىمىن نەسرلىرىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ئىنسان قەلبىدىكى گۈزەللىك خىسلەتلىرىنى، ئەخلاق بىلەن تاكامۇللاشقان ئىنسان قەلب گۈزەللىكىنى يورۇتۇپ بېرىشتۇر، ئۇ مۇشۇ مۇددىئا بىلەن نەسرچىلىككە كىرىپ كەلگەن، ھازىرمۇ مۇشۇ مۇددىئا بىلەن قەلەم تەۋرىتىۋاتىدۇ.

1980 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەخمەت ئىمىنىنىڭ باشچىلىقىدا يەنە بىر مۇنچە نەسر يازىدىغانلار بار ئىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ كۆپى ئىزچىل يازمىدى. پەقەت ئەخمەت ئىمىنلا مانا بۈگۈنگىچە ئىزچىل يېزىپ كەلدى ھەم ئۆزىگە خاس بىر يول ھاسىل قىلدى.

ئۇيغۇرلاردا نەسر دېسە بىر گۈزەل مەنزىرىدىن ھاياجانلىنىش ھېسسىياتىنى لىرىك ئۇسۇلدا ئىپادىلەپ بېرىشنىلا كۆزدە تۇتىدىغانلار ئاز ئەمەس، شۇڭا تېخى كۆپ ئادەملىرىمىز نەسر يېزىشنى «ئاسان يېزىقچىلىق» دەپمۇ قارايدۇ، ھەتتا نەسرنى ئاياللار، باللار شۇغۇللىنىدىغان يېزىقچىلىق دەپ قارايدىغانلارمۇ بار.

بۇنداق قاراشلارنىڭ شەكىللىنىپ قېلىشىغا بەزىدە بىزنىڭ نەسرچىلىرىمىزنىڭ نەسرلەردە ساپ ھېس ھاياجىنىنىلا ئىپادىلەشتەك تار رامكىغا كىرىپ قالغانلىقىمۇ سەۋەب

چى بولدى. مانا بۇگۈن بۇ خىل قاراش ئۆزگەردى. بۇ قاراشنى ئۆزگەرتكەنلەر ئەخمەت ئىمىن ۋە ئۇنىڭ بەگمەت يۈسۈپكە ئوخشاش شاگىرتلىرى بولدى. ئۇلار نەسر ئىجادىيىتىنى خەلق تۇرمۇشىغا يېقىنلاشتۇردى. رېئاللىقتىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئىچىدىن تېما ئالدى، مۇلاھىزىلىرىنى پەلسەپىۋى يۈكسەكلىككە كۆتۈردى، نەسرلەرنىڭ مۇھاكىمچانلىقىنى، تەسىرچانلىقىنى كۈچەيتتى.

5. «جۇلدۇر كىيەن خوتۇننىڭ ساداسى» توپلىمى. بۇ ئەخمەت ئىمىننىڭ 3 - نەسرلەر توپلىمى. توپلام 2000 - يىلى 4 - ئايدا شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. توپلام 209 بەتلىك بولۇپ خېلى چوڭ ھەجىملىك توپلامدۇر. توپلامغا ئەخمەت ئىمىننىڭ 1992 - يىلدىن باشلاپ يازغان نەسرلىرى كىرگۈزۈلگەن، توپلامغا جەمئىي 85 پارچە نەسر كىرگۈزۈلگەن.

توپلامدىكى «سادا»، «دارۋاز خىياللىرى»، «توغراق»، «ئانا تىلىم» قاتارلىق نەسرلىرى بىزنىڭ ئالاھىدە دىققىتىمىزنى قوزغايدۇ. ئاپتور «سادا» ناملىق نەسرىدە تەڭرىتاغدىن ئىبارەت تاغ كۆرۈنۈشىنى تەسۋىرلەشنى ئوبيېكت قىلىپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ قويۇق ھەم چوڭقۇر ۋەتەنپەرۋەرلىك سۆيگۈسىنى ئىپادە قىلىدۇ. تەڭرىتاغنىڭ گۈزەل ھەم ھەيۋەتلىك قامىتىنى، ئۇنىڭ كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان خىسلەتلىرىنى، مەنزىرىلىرىنى تەسۋىرلەپ، ئىنسانلارنى تەبىئەتنى سۆيۈشكە، ئۇنى ئاسراشقا چاقىرىدۇ. «دارۋاز خىياللىرى» ناملىق نەسرىدە ئىنساننىڭ جىسمى بىلەن كۆككە ئۆرلىشى بۈيۈكلۈك ئەمەس، بەلكى قەلبىدە ئانا يەرنى سۆيەلىشى ئەڭ بۈيۈكلۈك سانىلىدىغانلىقىدەك ھېكمەت ئالغا سۈرۈلىدۇ. «توغراق» ناملىق نەسرىدە توغراقنىڭ بوران - چاپقۇنلارغا باش ئەگمەي قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇش بەدىلىگە، باشقا ئۆسۈملۈكلەرنى قوغداپ تۇرىدىغانلىقىدەك تەسۋىرلەپ توغراققا سىڭگەن تۆھپە قوشۇش، پىداكارلىق روھى نامايان قىلىنىپ بېرىلىدۇ.

ئەخمەت ئىمىننىڭ بۇ نەسرلەر توپلىمىدىكى نەسرلىرىدە پەلسەپىۋى مۇلاھىزىلەر قويۇق بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرنى ئىنسان بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى، شەخس بىلەن جەمئىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى، ياشاش بىلەن تۆھپە قوشۇشنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە چوڭقۇر ئويلاندۇرىدۇ. ئۇنىڭ «تۇپراق ساداسى» ناملىق نەسرىنى كىشىلەر بۇ جەھەتتىكى ئەڭ تىپىك نەسر دەپ قارايدۇ. ئۇ بۇ نەسرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تەبىئەت قارىشى ئاساسىدا ھازىرقى تەبىئەتنىڭ (ئېكولوگىيەنىڭ) بۇزۇلۇشىغا قارىتا مۇھاكىمە يۈرگۈزگەن ھەم ھاياتلىق بىلەن تەبىئەتنىڭ ئايرىلماس بىرلىكىنى ئەنئەنىۋى ئاڭ نۇقتىسىدىن چىقىپ شەرھلىگەن.

6. «مېنىڭ بىر كۈنۈم» توپلىمى. بۇ ئەخمەت ئىمىننىڭ 4 - نەسرلەر توپلىمى. توپلامدىكى نەسرلەر ئەخمەت ئىمىننىڭ ئىلگىرى يازغان نەسرلىرى ئىچىدىن ئەڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىل خاراكتېرلىكلىرى تاللىنىپ تۈزۈلگەن بولۇپ ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە سېلىشتۇرما شەكلىدە تۈزۈلگەن، توپلامغا جەمئىي 35 پارچە نەسر كىرگۈزۈلگەن.

توپلامدىكى «ئېھ ئانا ماكان»، «نورۇز سەيلىسى»، «دوستلۇق» قاتارلىق خېلى كۆپ نەسرلەر كىشىگە ئاجايىپ ئېستېتىك زوق ئاتا قىلىدۇ. يۇرت سۆيگۈسى، مىللىي مەدەنىيەت ئېڭى، ئۆزئارا دوستلۇقنىڭ قىممىتى قاتارلىق جەھەتلەردە چوڭقۇر تەسىرات بېرىدۇ.

ئومۇمەن، ئەخمەت ئىمىننىڭ نەسرلىرىدە خەلق تۇرمۇشىغا يېقىن بولۇش، ھېسسىياتلىق، تەسىرلىك بولۇش ناھايىتى گەۋدىلىك. تېما جەھەتتە تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى قاتلام، ھەرقايسى مەزمۇنلىرىدىن ئەركىن تېما تاللاپ يېزىلغان. بولۇپمۇ بالىلار تۇرمۇشىدىن تېما تاللاپ يېزىشتا زور نەتىجە ياراتقان. بۇ نەسرلەر تېما تاللاش جەھەتتىلا ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە بولۇش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئەخمەت ئىمىننىڭ نەسرلىرىنى بىلىم دەرسلىكى، تەربىيە دەرسلىكى، ئەخلاق دەرسلىكى شۇنىڭدەك ئۈمىد، غايەلەرنىڭ كۆپىنچىسى دېيىشكە بولىدۇ.

7. «ۋاپادارىم، مېنى كەچۈرگىن» توپلىمى. بۇ نەسرچى ئەنۋەر ئابدۇرېھىمنىڭ 1996 - يىلى 12 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان تۇنجى نەسرلەر توپلىمى. ئەنۋەر ئابدۇرېھىم ھەم ئەدەبىي تەنقىدچىلىك بىلەن ھەم دىراما، كىنو سىنارىيەسى، شېئىرىيەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كۆپ قىرلىق ئەدىب. ئۇنىڭ يۇقىرىقى ساھەلەرنىڭ ھەممىسىدىلا تېگىشلىك نەتىجىلىرى بار. ئۇ مەزكۇر توپلىمىدىكى «قەلبىمدىكى ئۆسمە گۈل»، «مېنىڭ تۇنجى ئوقۇتقۇچۇم» قاتارلىق نەسرلىرىدە جەمئىيەتتىكى مۇھىم ئىجتىمائىي ئەخلاقىي مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىنچىكىلىك بىلەن پىكىر ئالماشتۇرىدۇ. ئۆزىنىڭ ئىنساننىڭ نازۇك قەلب دۇنياسىغا بولغان دىياگنوزلىرىنى شەرھلەيدۇ، ئىنسان قەلبىنىڭ كۆرۈنمەس تەرەپلىرىدىكى

ئىزتىراپلىقلىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

8. «مۇھەببەت قېرىمايدۇ» توپلىمى. بۇ نەسرچى ئەنۋەر ئابدۇرېھىمنىڭ 2 - نەسرلەر توپلىمى بولۇپ 2004 - يىلى 12 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. توپلامغا جەمئىي 43 پارچە نەسرى كىرگۈزۈلگەن. توپلامدىكى «مېنىڭ دادام»، «ئانا يۈرىكى»، «ۋاقىت ۋە ئالتۇن»، «گۈزەللىكنىڭ»، «دادام ئۆتۈكى» قاتارلىق نەسرلەرنىڭ ئىدىيەۋىلىكى بىلەن بەدىئىيلىكى زىچ بىرلەشكەن بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر بەدىئىي تىلىنىڭ پاساھىتىدىن زوقلاندۇرىدۇ. نەسرلەرنىڭ ئۇسلۇبى ئۆزگىچە بولۇپ ھېكايىلىق پۇراق كۈچلۈك. ئاتىلىق مېھر، ئانىلىق قەلب، قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتلەر چىن ھېسسىيات ۋە ئېستېتىك گۈزەللىك ئىچىدە نامايان قىلىپ بېرىلگەن. ئوقۇرمەنلەرگە ھايات ھېكمەتلىرىدىن، تۇرمۇش قانۇنىيەتلىرىدىن، پاك ۋە توغرا ياشاش جەريانلىرىدىن چوڭقۇر تەربىيە بېرىدۇ، نېمىنىڭ چىنلىق، نېمىنىڭ پاكلىق، نېمىنىڭ ھەقىقىي گۈزەللىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

9. «نادان مۇخلىسلار» توپلىمى. بۇ نەسرچى بەگمەت يۈسۈپنىڭ تۇنجى نەسرلەر توپلىمى، بۇ توپلام 2005 - يىلى نەشر قىلىنغان.

توپلامدىكى نەسرلەر بەگمەت يۈسۈپنىڭ نەسرچىلىك قەدىمىدىكى تۇنجى نەسرلەر بولۇش بىلەن بىللە ئىدىيەۋى مەزمۇن بىلەن بەدىئىيلىك ناھايىتى زىچ بىرلىشىپ ئوقۇرمەنلەرگە يېقىملىققا، ئىلغارلىققا ئىنتىلىش، نادانلىق، خۇراپاتلىقتىن نېرى تۇرۇش، بىلىم ئېلىش روھى بېغىشلايدۇ.

10. «رىۋايەت ئارىلى» توپلىمى. بۇ توپلام بەگمەت يۈسۈپنىڭ 2006 - يىلى نەشر قىلىنغان 2 - نەسرلەر توپلىمى. توپلامدىكى نەسرلەر بەگمەت يۈسۈپنىڭ نەسرچىلىكتىكى ئۆزگىچە خاسلىقىنى ۋە تىل ئىشلىتىش جەھەتتىكى ماھارىتىنى نامايان قىلىشتا ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەردۇر.

بىز توپلامدىكى نەسرلەردىن بەگمەت يۈسۈپنىڭ ئۆزگە خاس تېما تاللاش ۋە يېزىش ماھارىتى جەھەتتە ئىزدىنىۋاتقان ھەم دەسلەپكى قەدەمدە نەتىجىگە ئېرىشكەنلىكىنى بايقايمىز. كىشىگە تۇرمۇشقا نەزەر سېلىشنىڭ يېڭى تۇيغۇلىرىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. كىشىنى تۇرمۇشنىڭ يېڭى قاتلاملىرى، يېڭى مەزمۇنلىرى بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ. ئوقۇرمەنلەرنى رېئال تۇرمۇشقا نىسبەتەن تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەدە لەززەتلىنىش ھېس قىلدۇرىدۇ.

تۇرمۇشنى ھېسسىيلىقدىن پەلسەپىۋىلىككە، پەلسەپىۋىلىكتىن يەنە ھېسسىيلىققا قايتۇرۇش بەگمەت يۈسۈپنىڭ ئۇسلۇبىدۇر.

11. «ئاق بوز ئات» توپلىمى. بۇ نەسرچى بەگمەت يۈسۈپنىڭ 3 - نەسرلەر توپلىمى بولۇپ 2008 - يىلى نەشر قىلىنغان، توپلامغا جەمئىي 48 پارچە نەسر كىرگۈزۈلگەن.

بەگمەت يۈسۈپنىڭ بۇ توپلامدىكى نەسرلىرىدە كىشىنىڭ تەسەۋۋۇرىنى قوزغايدىغان، ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىدىغان، مەنىلىك ياشاش ئۈستىدە ئىزدەندۈرىدىغان بىر خىل روھ چاقناپ تۇرىدۇ. ھەممە نەسرلىرى ئادەمگە چىن تۇيغۇ بېرىدۇ. ئەتراپىمىزدىكى كۆرۈنۈشلەر، تۇيغۇلار بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەندەك سېزىم ئاتا قىلىدۇ. خۇددى ئوبزورچى يالقۇن روزى باھا بېرىپ ئېيتقاندەك، بۇ نەسرلەر ئايرىم - ئايرىم تېمىلاردا يېزىلغاندەك قىلغىنى بىلەن ماھىيەت جەھەتتە ئۇ بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە. يەنى بۇ نەسرلەر بەگمەتنىڭ ھايات، ۋاقىت، ئىنسان توغرىسىدىكى پەلسەپەۋى مۇلاھىزىلىرىنى يىلتىز قىلغان ئاساستا كەڭلىككە يۈزلەنگەن.

بىز توپلامدىكى «نان ھەققىدە نەسر» ناملىق نەسرنى ئوقۇغاندا، ناننىڭ ئۆز ۋۇجۇدىمىزنىڭ قۇدرەت تېپىشى جانلىنىشى بىلەن بولغان ئىچكى مۇناسىۋەتنى مىللىيەت نۇقتىسىدىن، مىللىي ئاڭ نۇقتىسىدىن سېزىمىز. ناننىڭ مىللىي ئاڭ، مىللىي ئۆزلۈكتىكى بەلگىسى نامايان بولىدۇ.

بەگمەت يۈسۈپنىڭ نەسرلىرى ئىچىدە ئۇنىڭ يۇرتى بولغان قۇمۇل توغرىسىدا يېزىلغان نەسرلەر ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىدۇ، مۇشۇ توپلامغىمۇ ئۇنىڭ «قۇمۇلدا قۇربان ھېيت»، «قۇمۇلچە ماختاش»، «قاراميدا قۇمۇل مۇقاملىرىنى ئاڭلاش»، «قۇمۇل قوغۇنى»، «قۇمۇلدىكى بەش شەھەر چۈشى»، «قۇمۇل» قاتارلىق خاس قۇمۇل ھەققىدە يېزىلغان نەسرلىرى كىرگۈزۈلگەن. بۇ نەسرلەردىن بىر تەرەپتىن بەگمەت يۈسۈپنىڭ ئىنسان بەختىنى كۆكتە ئەمەس ئۆزى دەسسەپ تۇرغان يەردە، ئانا زېمىندا، دەپ قارايدىغان قارىشى گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ سۆيگۈنىڭ يەنىلا يۇرت - تۇپراق سۆيگۈسى ئىكەنلىكى نامايان بولۇپ تۇرىدۇ. بىر ئىجادىيەتچى، بىر نەسرچى ئۈچۈن ئالدى بىلەن مانا مۇشۇنداق ساپا بولۇش كېرەك. بارلىقى بىلەن

ئانا زېمىننى سۆيىدىغان، قۇچاقلايدىغان سۆيگۈ بولۇشى كېرەك. ئانا زېمىن سۆيگۈسىلا ئەڭ مەڭگۈلۈك سۆيگۈدۇر. ئىجادىيەتچى مۇشۇنداق سۆيگۈنى ئۆزىگە مەنبە قىلغاندىلا ئۇنىڭ ئىلھامى مەڭگۈ ئۆركەشلەپ تۇرالايدۇ!

بەگمەت يۈسۈپ نەسر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا ئۆزىگە بولغان «ئەدەبىيات زېمىنى» نى تاپقان نەسرچى. ئۇ بارلىق ئىلھامىنى مۇشۇ زېمىندىن ئالىدۇ. «قومۇل» — بەگمەت يۈسۈپ ئۈچۈن بىر كونكرېت يەرنىڭلا نامى ئەمەس. ئۇ بەگمەت يۈسۈپنىڭ نەزەرىدە بەزىدە سىمۋوللۇق كۆرۈنۈش، ھەرگىزمۇ رېئاللىقتىكى قومۇلنىڭ ئۆزى ئەمەس. بەگمەت يۈسۈپنىڭ بارلىق ئوي-خىياللىرى «قومۇل» دېگەن مۇشۇ نام ئىچىگە سىغدالغان. بارلىق تەسەۋۋۇرلىرى «قومۇل»نى ئۆزىگە مەنبە قىلغان. شۇڭا قومۇل دېگەن بۇ نامنى بەگمەت يۈسۈپنىڭ يۇرتى ئەمەس، بەلكى ئەدەبىيات زېمىنى دېيىشكە بولىدۇ.

12. «قارا شارقىراتما» توپلىمى، بۇ بەگمەت يۈسۈپنىڭ 4-نەسرلەر توپلىمى بولۇپ 2010-يىلى 10-ئايدا نەشر قىلىنغان. توپلامغا جەمئىي 75 پارچە نەسر كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ نەسرلەرنىڭ ھەممىسى ئاپتورنىڭ 2008-يىلدىن 2010-يىلغىچە قىسقىغىنا ئىككى يىل ئىچىدە يازغان نەسرلىرىدۇر. بۇ توپلامدىكى نەسرلەر ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا پىكىر مەنتىقىسى جەھەتتە تېخىمۇ پىشقان، ئىدىيەنى پەلسەپىۋى رەۋىشتە ئىپادە قىلىنغان نەسرلەردۇر. شەرق ئەقلىيەلىرىنىڭ بىرسىدە «تىمتاسلىق ئىلكىدىكى دۇنيا ئەڭ ئۇمىدۋارلىقتىكى دۇنيا» دەپ ئېيتىلغان. بەگمەت يۈسۈپنىڭ بۇ توپلىمىدىكى نەسرلەرنى ئوقۇش سىزگە بىر خىل جىمجىتلىق، تىمتاسلىق، بىردەكلىك، خاتىرجەملىك، ماسلىق تۇيغۇسى بېرىدۇ. ئاپتورنىڭ ئاشۇ تىمتاسلىق ئىچىدە بايقاۋاتقان، مۇلاھىزە قىلىۋاتقان ھايات ھەقىقەتلىرى سىزنىڭ قەلبىڭىزنى تىترىتىپ پىكىر قىلىشقا ئۈندەيدۇ. بۇ توپلامدىكى نەسرلەرنىڭ بەزىلىرى ئوچۇق-ئاشكارا «قومۇل» دېگەن نامنى ئاتاپ يېزىلغان بولسا، يەنە بەزىلىرى قومۇل نامىنى تىلغا ئالمىغىنى بىلەن قومۇلدا يېتىلدۈرگەن روھنى، قومۇلدا ھاسىل قىلغان تەسىراتلىرىنى، ئېڭىنى تەسۋىرلىگەن. بۇ نەسرلەردىكى مەنزىرە ۋە گۈزەللىك تەسۋىرلىرىنىڭ قومۇلنىڭ تەسۋىرلىرى ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا مەن بۇ يەردە بەگمەت يۈسۈپنىڭ «قومۇل» دېگەن مۇشۇ نامدىن مەڭگۈ ئىلھام ئالىدىغان، «قومۇل» دېگەن غايىۋى بەدىئىي زېمىننى مەنبە قىلىپ تۈگىمەس نەسرلەرنى يازىدىغان بەگمەت يۈسۈپ بولۇپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلىمەن. ئۇنىڭ يەنە يېقىندا «ئاچچىقلانمايدىغان ئادەملەر» ناملىق 5-نەسرلەر توپلىمى نەشر قىلىندى، بۇ توپلام تېخىمۇ ئۆزگىچە تىل ئۇسلۇبىدا يېزىلغان بولۇپ، مەزمۇن ۋە تىلى ھەققىدە كېيىنچە ئايرىم توختىلىمەن.

13. «ئانام ئەتكەن كۆك چۆچۈرىسى» توپلىمى. بۇ توپلام ئۇيغۇر ئايال نەسرچىسى قەلبىنۇر ئىلياسنىڭ نەسرلەر توپلىمى بولۇپ 2011-يىلى 2-ئايدا نەشر قىلىنغان، جەمئىي 78 پارچە نەسر كىرگۈزۈلگەن.

توپلامدىكى نەسرلەردىن بىز «ئانام ئەتكەن كۆك چۆچۈرىسى»، «كەل ساڭا يۆلىنىۋالاي»، «ئايال قەلبى»، «بايرىمىڭغا مۇبارەك بولسۇن»، «يىگىتلەرگە سۆز»، «مېنى قۇچاقلىۋال ئانا»، «بىر دەستە گۈل»، «سۇغا تاشلانغان گۈل»، «نۇزۇگۇم»، «نۇزۇگۇم ئۇندىكرى» قاتارلىق كۆپلىگەن نەسرلەردىن قەلبىنۇر ئىلياسنىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان نەسر يېزىش ئۇسۇلىنى بايقايمىز. قەلبىنۇر ئىلياس ئايال ئىجادىيەتچى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئالدى بىلەن ئۆز نەسرلىرىدە ئاياللىق قەلب دۇنياسىنى ئىپادىلەشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغان. شەيئىلەرنى، ھادىسىلەرنى يەنىلا ئاياللىق سېزىم، ئاياللىق ئاڭ بويىچە تونۇغان ھەم ئىپادىلىگەن. بۇنداق ئىپادە قىلىش تەبىئىيكى قەلبىنۇر ئىلياسنىڭ نەسرلىرىگە ئۆزگىچە پۇراق، ئۆزگىچە خاسلىق ئاتا قىلغان.

توپلامدىكى نەسرلەرنىڭ تېمىسى ئائىلە، ئاتا-ئانا مېھرىنى قەدىرلەش، سۆيگۈ-مۇھەببەت، ۋاپادارلىق، پاك ئەخلاق مىزانلار... دېگەندەكلەرگە چېتىلىدىغان مەزمۇنلاردا يېزىلغان بولۇپ، سىمۋوللۇق ئوبرازلار، بېشارەتلىك ۋاستىلەر بىلەن ئىدىيەۋى پىكىر روشەن، ھېسسىياتلىق يورۇتۇلۇپ بېرىلگەن. بولۇپمۇ توپلامدىكى نەسرلەردە قىزلارنىڭ خاس روھىي دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن. ھەر بىر نەسردە قىزلارچە (ئاياللارچە) ھايات ۋە تۇرمۇش شەكىللىرىنى، تۇرمۇش گۈزەللىكلىرىنى ئىزدەش روھى نامايان بولۇپ تۇرىدۇ. بۇنداق تەپسىلاتلاردا ھەم يەنە تۇرمۇشنىڭ بىز بايقىيالمىغان باشقا بىر ھالىتى بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ. مەن ئۆزۈمنى ئالسام، قەلبىنۇرنىڭ نەسرلىرىنى ھەر دائىم ئوقۇغاندا يېڭى-يېڭى تۇيغۇلارغا چۆمۈلىمەن. بۇ نەسرلەرنى دائىم ئۇچرىتىپ تۇرغان بولسامۇ تەسىرلىنىپ

باقمىغان كۆرۈنۈشلەرنى ماھىر ئاتا قىلىدۇ. قەلبىنۇرنىڭ «سۇغا تاشلانغان گۈل» ناملىق نەسرىنى ئوقۇغاندا گۈلنىڭ قات ـ قېتىغا سىڭگەن گۈزەللىكنىڭ ھاياتىي كۈچى ئۇنىڭ مۇھەببەتكە سىمۋول قىلىنغانلىقىدا ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ.

14. «كىملىكىمنى سورىما» توپلىمى. بۇ نەسرچى ئەنۋەر تاشتۆمۈرنىڭ نەسرلەر توپلىمى بولۇپ، 2006 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. توپلامدىكى نەسرلەر ئەقلىي بۇرچ، ۋىجدان، ئەخلاقتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدىكى ئاپتورنىڭ پەلسەپىۋى مۇھاكىمە ۋە يەكۈنلىرىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ھازىرقى زامان كىشىلىرىگە نىسبەتەن بىر خىل ئۈتكۈر قاراتمىلىقى بىلەن يېزىلغان نەسرلەر ھېسابلىنىدۇ. بۇ نەسرلەرنى ئوقۇغاندا كىشى ئاڭلىق ھالدا پەلسەپىۋى تەپەككۇر جەۋھەرلىرىدىن ئوزۇق ئالىدۇ.

15. «زېمىن يۈتۈپ كەتكەن ئايال» توپلىمى. بۇ نەسرچى ئەنۋەر قۇتلۇق نەزەرىنىڭ نەسرلەر توپلىمى بولۇپ. 2004 ـ يىلى 12 ـ ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. توپلامدىكى «بىر سىقىم تۇپراق»، «شائىر» قاتارلىق بىر مۇنچە نەسرلەر بىزگە ئاپتورنىڭ ھايات ھەققىدىكى كۆزىتىشلىرىنىڭ تولىمۇ ئۆز-گىچىلىكىدىن بېشارەت بېرىپ تۇرىدۇ. ئاپتور بۇ نەسرلەر-نى ئۆز قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى چۆكمە تۇيغۇل-رى بىلەن يېزىپ چىققان. نەسرلەردىكى ھېسسىيات تاشقى ھاياجاننىڭ مەھسۇلى بولماي ئىچكى ئويلىنىشنىڭ نەتىجە-سى سۈپىتىدە ئوقۇرمەننى ھاياجانغا سالىدۇ ۋە تەپەككۇر قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

ئۇيغۇر نەسرچىلىكى تېخى ياش ساھە. تەرەققىيات بوشلۇقى تولىمۇ كەڭرى. بىز نەسر بىلەن تېخىمۇ كۆپ شۇغۇللىنىپ ھايات قاتلاملىرىنى تېخىمۇ كەڭرى ئىپادىلەپ بېرىشكە تىرىشايلى!

---

ئاپتور: ئەدەبىي تەنقىدچى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى-نىڭ پروفېسسورى

## جىددىي ئاگاھلاندۇرۇش

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ھەرقانداق ئەسەرنىڭ قايتا نەشر قىلىش ھوقۇقى پەقەت ژۇرنال تەھرىراتىغىلا خاس. ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ھەرقانداق شەكىلدە (ئاۋازلىق ئەسەر ئىشلەش، تورغا چىقىرىش، توپلام تۈزۈش ۋە باشقىلار) تەھرىراتىمىزنىڭ رۇخسىتىسىز قايتا نەشر قىلىشىغا بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق ئەھۋال بايقالسا قانۇنىي جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. ژۇرنال تەھرىراتىمىز «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»دە ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلۇق ھوقۇقى ۋە قايتا نەشر قىلىنىش ھوقۇقىنى قانۇنغا تايىنىپ قوغدايدۇ. بۇ جەھەتتىكى قانۇنسىز قىلمىشلارنى پاش قىلغۇچىلارغا تەھرىراتىمىز ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن رەھمەت ئېيتىدۇ.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى



# بىزگە كېرەكلىكى يۇقىرى ساپالىق ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمەتچىلىرى

سەمىمىيەت ئابىتجان

نۆۋەتتە، ئېلىمىز ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇشنىڭ ھەل قىلغۇچ پەيتىگە قەدەم قويدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمەتچىلىرى قوشۇنى زامانىۋى ئىلغار مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ، گۈزەل يۇرت ـ ماكان قۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشتىن ئىبارەت مۇشكۈل تارىخىي ۋەزىپىگە دۇچ كەلدى. يېڭى دەۋر، يېڭى ۋەزىيەت، مۇشكۈل ۋەزىپىلەر ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتى قوشۇنىغا بولغان يېتەكلەش ۋە تەربىيەلەشنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي گەۋدە ساپاسىنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈشنى، ھەر مىللەت ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمەتچىلىرىنى ئىلغار مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىپ، دەۋر تەلىپىگە ماس يۇقىرى سىياسىي ئاڭ، يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچ تۇيغۇسىغا؛ بىر قەدەر مۇكەممەل خىزمەت ئىقتىدارى ۋە كەسپىي ماھارەت-

سەنئەت تەتقىقاتى

كە؛ ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ يېڭىلىق يارىتىش، جاپالىق ئىشلەپ تۆھپە قوشۇش روھىغا ئىگە، «غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىقتىدارلىق، ئىنتىزامچان»، بىر گەۋدە قادىر كۆپكە ماھىر ئىختىساس ئىگىلىرىدىن، زامانىۋى ئىلغار مەدەنىيەتنى ئەۋج ئالدۇرۇشنىڭ ئىلگىرى سۈرگۈچىلىرىدىن قىلىپ يېتىلدۈرۈشنى جىددىي تەلەپ قىلماقتا.

بۇ تەلەپنى ئورۇنداش ئۈچۈن ھەر مىللەت ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمەتچىلىرى تۆۋەندىكى نۇقتىلارنى ئالاھىدە چىڭ تۇتۇش لازىم.

1. ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، توغرا سىياسىي ئاڭ، يۈكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى تۇرغۇزۇش كېرەك.

ئىلغار مەدەنىيەتنى يېتەكچى، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشنى مەقسەت، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى نىشان قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيەسى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيەسى، ئىلمىي دۇنيا قاراش ۋە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزلىرىنى ۋە پارتىيەنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەسى، ئاساسىي

لۇشىنى، ئاساسىي پىروگراممىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، «ئىجادىي، ماس، يېشىل، ئېچىۋېتىلگەن، ھەممە ئورتاق بەھرىلىنىدىغان تەرەققىيات» تىن ئىبارەت يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ پۈتكۈل تەرەققىيات جەريانىغا سىڭدۈرۈشى كېرەك.

2. ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، ئومۇمىيلىق ئېڭى ۋە پۇرسەت ئېڭىنى تۇرغۇزۇپ، غوجايىنلارچە مەسئۇلىيەتچانلىقنى كۈچەيتىپ، ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى مەركەزنىڭ تەلىپى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ قارار، ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، خىزمەتلەرنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكتىن ئىبارەت ئومۇمىي نىشانىنى چۆرىدەپ ئىجادىي، ماس قانات يايدۇرىدىغان بولۇشى، ئىنتىزامچان بولۇپ، يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ قەيسەرلىك بىلەن ئىشلەيدىغان ئەمەلىي ئىشلەش روھى، مەۋقەنى ئۆز كەسپىگە قويۇپ، يېڭىلىق يارىتىپ ئەلا نەتىجە يارىتىشتەك تۆھپە قوشۇش روھى، ئىتتىپاقلىشىپ بىرلىكتە نەتىجە يارىتىشتەك كوللېكتىپ روھنى يېتىلدۈرۈش كېرەك.

3. ماركسىزملىق مىللەتلەر نەزەرىيەسى ۋە پارتىيەنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى بىلەن ئۆزىنى قوراللاندۇرۇپ ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئاڭلىقلىقىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇشى، ماركسىزملىق «كىشىلىك دۇنيا قارىشى، دۆلەت قارىشى، مىللەت قارىشى، تارىخ قارىشى، مەدەنىيەت قارىشى» ۋە «ئۈچ ئايرىلالماسلىق» ئىدىيەسىنى مەھكەم تۇرغۇزۇشى، سىياسىي پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، چوڭ ھەق- چوڭ ناھەق ئالدىدا بايرىقى روشەن بولۇشى، يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن «ئالدىنى ئېلىش، چەكلەش، زەربە بېرىش» ئېڭىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، ئىچكى- تاشقى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە ئەسەبىيلىكنىڭ سىڭىپ كىرىشىدىن، سېرىق زەھەرلىك نەشر بۇيۇملىرىنىڭ چىرىتىشى ۋە زەھەرلىشىدىن، فېئودال خۇراپاتلىق ئىدىيەسى ۋە ناچار خاھىشلارنىڭ يامراپ كېتىشىدىن ھەر ۋاقىت ھوشيار تۇرۇپ ۋە ئۇنى چەكلەپ، ئاممىۋى مەدەنىيەتتىن ئىبارەت بۇ ئىستىھكامنى باشتىن- ئاخىر سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ مەھكەم ئىگىلىشىگە تۆھپە قوشىدىغان بولۇشى كېرەك.

4. ئاڭلىق ھالدا ئىلىم- پەن نەزەرىيەسى بىلەن ئۆزىنى قوراللاندۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ يېتەكچىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك يادرو قىلىنغان مىللىي روھ، ئىسلاھات، يېڭىلىق يارىتىش يادرو قىلىنغان دەۋر روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك قانۇن- تۈزۈم قۇرۇلۇشى ۋە سىياسىي مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا پائال قاتنىشىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۆز قارىچۇقىنى ئاسرىغاندەك قەتئىي قوغدايدىغان بولۇشى كېرەك.

5. يېڭىلىق يارىتىش روھىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىپ، ئاممىغا، ئەمەلىيەتكە، زامانىۋىلىششقا، ئىلمىيلىششقا قاراپ يۈزلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەۋزەل ئۆگىنىش شارائىتىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىش ئورنى ۋە كەسپىي تۈرلىرىگە خاس، ئەمەلىي قوللىنىشچانلىقى كۈچلۈك بولغان پەن مەدەنىيەت بىلىملىرى، كەسپىي بىلىملەر ۋە زامانىۋى باشقۇرۇش بىلىملىرىنى ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىپ، ئامما ئەڭ ئېھتىياجلىق يارقىن نۇقتىلار، ئامما ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرى، ئامما ئەڭ ياقتۇرىدىغان مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى ئۈستىدە ئەستايىدىل ئىزدىنىپ، ئاممىۋى مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات يوللىرى، پائالىيەت شەكلى، مۇلازىمەت ئۇسۇلى ۋە باشقۇرۇش مېخانىزمى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ، ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇشى؛ «ئۈچتە تەلەپچان، ئۈچتە راستچىل بولۇش» تەلىپى بويىچە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئۆزلىرىنىڭ جان- دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن ئىشلەش، ئۈن- تىنسىز تۆھپە قوشۇش روھى، ئىجتىھات بىلەن ئىزدىنىپ يېڭىلىق يارىتىش، توختاۋسىز ئالغا ئىنتىلىشتەك تەرەققىيات روھى، ئىش ئورنىنى سۆيۈش، كەسپىنى قەدىرلەش، سەممىي دوستانە ئۆتۈش، لەۋزىدە تۇرۇشتەك ئېسىل كەسپ ئىستىلى ۋە ئالىيجاناب ئەخلاق- پەزىلىتى، ئۆتكۈر سېزىم، قىزغىن مۇئامىلىسى، مول بىلىم، يۇقىرى ماھارىتى، يۇقىرى روھىي ھالەت، ئەلا مۇلازىمىتى ئارقىلىق، ئەل رايىنى مايىل قىلالايدىغان، ئەلگە مەنىۋى زوق بېغىشلىيالايدىغان جەلپكار تۆھپىكارلاردىن بولۇشى كېرەك.

ئاپتور: قەشقەر شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا.



# سەنئەتتىكى پېرسوناژ ۋە خاراكتېر

ئابلىمىت ئىسمائىل

پېرسوناژ ئوبرازى پېرسوناژنىڭ ئىجتىمائىي قىياپىتى، پسىخىكىسى ۋە سىرتقى قىياپىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىجتىمائىي قىياپىتى دېگىنىمىز — پېرسوناژنىڭ كېلىپ چىقىشى، جەمئىيەتتىكى ئورنى، تەلىم - تەربىيە تەسىرى، ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە ئائىلە تۇرمۇشىنى كۆرسىتىدۇ. پسىخىكىسى بولسا پېرسوناژنىڭ ئىرادىسى، خاراكتېرى، قىزىقىشى، قابىلىيىتى ۋە تەبىئىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سىرتقى قىياپەت دېگىنىمىز — پېرسوناژنىڭ يېشى، بەدەن شەكلى، يۈرۈش - تۇرۇشى، قىياپىتى قاتارلىقلارنى كۆزدە تۇتىدۇ.

پېرسوناژ ئوبراز يارىتىش ئارقىلىق ئۆتمۈشنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ھازىرقى ۋە كەلگۈسى تۇرمۇشقا ئاساس يارىتىپ بېرىدۇ. سەنئەتكار تىپىك خاراكتېر ئارقىلىق ئورۇنلاش ماھارىتىنى يۇقىرى كۆتۈرەلەيدۇ، شۇنداقلا ئورۇنلاش ماھارىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكىلى بولىدۇ. ئارتىس بىلەن ئۇ ياراتقان ئوبرازنىڭ مۇناسىۋىتى تولىمۇ نازۇك بولىدۇ. ئارتىس ئوبراز ئارقىلىق پېرسوناژ خاراكتېرىنى ئىپادىلەيدۇ، خاراكتېر تاماشىبىنلارغا سەنئەتلىك يوسۇندا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

### 1. خاراكتېر ئۇقۇمى

ئومۇمەن بىر ئادەمنىڭ شەخسىي تۇرمۇش جەريانىدا شەكىللەنگەن رېئاللىققا بولغان تۇراقلىق پوزىتسىيەسى ۋە مۇشۇنىڭغا ماسلىشىپ ئادەتلەنگەن قىلمىشىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۆسۈپ يېتىلگەن مۇھىت، شارائىتنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبىدىن كىشىلەردە ئوخشىمىغان خاراكتېر ۋە پسىخىكا شەكىللەنگەن. ئالدىنقىسى ئادەمنىڭ قىزىقىشى، ئېھتىياجى، مەقسىتى، ئىرادىسى ۋە ئارزۇسىنى، كېيىنكىسى بولسا قابىلىيىتى، خۇلقى ۋە خاسلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن ئالغاندا، كىشىلەرنىڭ رېئاللىققا بولغان پوزىتسىيەسى ۋە ھەرىكىتىدىن ئىپادىلەنگەن بىر قەدەر مۇقىم بولغان پسىخىكا ئالاھىدىلىكى خاراكتېر دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: باتۇرلۇق، قىزغىنلىق، ئاجىزلىق قاتارلىق، ئادەتتە ناھايىتى زىل، ئەستايىدىل ئادەمدە بەخەستەلىك يۈز بېرىدۇ، ئەقىللىق ئادەملەرمۇ ئالدىنىدۇ. بۇنداق تاسادىپىي يۈز بەرگەن قىلمىشلار خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە تەۋە ئەمەس، ئۇ پەقەت خاراكتېرنى شەكىللەندۈرۈش ئېھتىماللىقى بولغان ئامىلنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. سىز بىر ئادەمنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى چۈشىنىپ بول-

غاندىن كېيىن، ئۇنىڭ مەلۇم ئەھۋالدا قانداق ئۆزگىرىدىغانلىقىنى، قانداق ئۇسۇل قوللىنىلىدىغانلىقىنى پەرەز قىلالايسىز.

ئوخشىمىغان خاراكتېرنىڭ، ئوخشاش بىر شەيئىگە بولغان پوزىتسىيە ۋە قوللىنىدىغان ھەرىكەت ئۇسۇلىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن: بەزى كىشىلەر سەۋرچان، بەزى كىشىلەر ئالدىراڭغۇ، بەزى كىشىلەر ھاياجان، لېكىن كونترول قىلىش كۈچى بار، بەزى كىشىلەر ئاسان ھاياجانلىنىدۇ، ئەمما كونترول قىلىش كۈچى كەمچىل. ئىجادىيەتنى ئاۋۋال سېنارىست سېنارىيەسىدە يېزىق بىلەن ئىپادىلەيدۇ. ئارتىس 2 ـ قېتىملىق ئىجادىيەتتە خاراكتېرلەشتۈرۈشنى ئۆزىنىڭ ھەرىكەتلىرى بىلەن تاماملايدۇ. خۇددى گېگىل ئېيتقاندەك: «شەخسنىڭ خاراكتېرىنى، ئىدىيەسىنى ۋە مەقسىتىنى ئەڭ ئېنىق ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغىنى ئۇنىڭ ھەرىكىتى، ئادەمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر تەرىپىنى پەقەت ھەرىكەت ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ»، ئورۇنلاشتىكى خاراكتېرلەشتۈرۈشمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ.

## 2. خاراكتېرنىڭ شەكىللىنىشى

ئادەمنىڭ خاراكتېرى تۇغۇلۇشىدىن بولمايدۇ، ئىجتىمائىي مۇھىت خاراكتېر شەكىللىنىشنىڭ ئاساسى. ئادەمنىڭ رېئاللىقتا بولغان پوزىتسىيەسى ۋە ھەرىكەت ئۇسۇلى دائىم ئۇنىڭ ھەرىكەت مۇددىئاسى بىلەن بىر تەرەپ بولىدۇ. ھەرىكەتنىڭ مۇددىئاسى بولسا بەلگىلىك تارىخىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. ئادەمنىڭ خاراكتېرى كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغان بولىدۇ. بىر ئادەمدە قانداق خاراكتېرنىڭ بولۇشىنى، ئاساسلىقى ئۇنىڭ كېلىپ ـ چىقىشى، ئىقتىسادىي ئورنى، ئېرىشكەن تەربىيەسى (جەمئىيەت ۋە ئائىلە ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، تۇرمۇش تەجرىبىسى ۋە شەخسىي قىزىقىشى، ئىرادىسى قاتارلىقلار بەلگىلەيدۇ. ئادەمنىڭ خاراكتېرى يەنە دۇنيا قارىشى، ئارزۇسى، ئىرادىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، مەيلى شەيئىگە بولغان تونۇش جەريانى ياكى ھېسسىيات، ئىرادە جەھەتتىكى شەخس ئالاھىدىلىكى، پەقەت ئۇ ھەرىكەت ئۇسۇلىغا تەسىر كۆرسەتكەندىلا، ئۇنىڭ ئالاھىدە بولغان ھەرىكەت ئۇسۇلى بولغان ھەممىسى خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە تەۋە بولىدۇ، خاراكتېر ئالاھىدىلىكى بولمىغان ئادەم، رېئال تۇرمۇشتا مەۋجۇت ئەمەس.

دەۋر، جەمئىيەت، تەربىيە، ماددىي تۇرمۇش شارائىتى، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش تەجرىبىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى بىلەن، كىشىلەر ئارىسىدىكى خاراكتېر پەرقى شەكىللەنگەن.

بىر ئادەمنىڭ خاراكتېرى شەكىللەنگەندىن كېيىن، بىر قەدەر مۇقىملىققا ئىگە بولىدۇ. لېكىن ئۆزگەرمەيدۇ دېگىلى بولمايدۇ. ئۇ يەنە جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى، ئىجتىمائىي تەربىيەنىڭ تەسىرى ۋە ئەمەلىي پائالىيەت ئارقىلىق، خاراكتېردە ئۆزگىرىش پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: تۇرمۇشتا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن، بەزى كىشىلەر تېخىمۇ ئىرادىلىك، چىدامچان بولىدۇ، بەزى كىشىلەر بولسا تېخىمۇ ئاجىزلىشىپ، تۈگىشىپ كېتىدۇ. رۇسىيەنىڭ داڭلىق ئەسىرى «تىرىلىش»تىكى ئايال باش پېرسوناژ ماسلوۋانىڭ ئېچىنىشلىق كەچۈرمىشى ئۇنىڭ خاراكتېرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ۋە تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن.

ھەرقانداق خاراكتېر ئالاھىدىلىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇلار بىرلىشىپ پۈتۈن بىر گەۋدە بولۇپ، بىر ئادەمدە ساقلىنىدۇ. ھەر خىل خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنىڭ ئىپادىسى ئوخشىمىغان شەيئىلەرگە قارىتا كۆرۈلىدۇ. بىر ئادەم ئوخشىمىغان مۇھىتتا، ئوخشىمىغان شەخس مۇناسىۋىتىگە قارىتا ئوخشىمىغان خاراكتېرنى كۆرسىتىدۇ.

## 3. تىپىك مۇھىتتىكى تىپىك خاراكتېر

خاراكتېرنى ئىگىلەش بىلەن بىللە، يەنە تىپىك مۇھىتتىكى تىپىك ئوبراز خاراكتېرىنى چۈشىنىش لازىم. تۇرمۇش ئەسلىدىنلا رەڭگارەڭ، ھەر خىل ئوخشىمىغان شەيئىلەردە يەنە ھەر خىل ئوخشىماسلىقلار مەۋجۇت، بۇ خاراكتېرنىڭ تۈرىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئوخشاش تۈركۈمدە ئەڭ ۋەكىل خاراكتېرگە ئىگە ئادەم ياكى شەيئى تىپى دەپ ئاتىلىدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىدە، مەلۇم ئىجتىمائىي ماھىيەتنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، روشەن خاراكتېرگە ئىگە ئورتاق خۇسۇسىيەتنى بىر گەۋدە قىلغان سەنئەت ئوبرازى «تىپىك ئوبراز» ياكى «تىپىك خاراكتېر» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ مەنبەسى ئەمەلىي تۇرمۇش بولۇپ، لېكىن ئەمەلىي تۇرمۇشتىن تېخىمۇ تىپىكلىككە ئىگە، شۇڭلاشقا ئومۇمىي مەنىگە ۋە بەلگىلىك سەنئەت كۈچىگە ئىگە. مەسىلەن: پەرىدە ئانا ئوبرازى، ئا Q، شياڭلىن ھەدە، لى شۇاڭشۇاڭ قاتارلىقلار.

تىپىك خاراكتېر تىپىك مۇھىتقا موھتاج. بۇ مۇھىت پېرسوناژ تۇرمۇشى ۋە ھەرىكىتىنىڭ ئالاھىدە مۇھىتى،

شۇنداقلا بەلگىلىك ئىجتىمائىي تارىخ ۋەكىللىككە ئىگە مۇھىتقا ئىگە. تىپىك مۇھىت بىردەك تۇرمۇش ھەقىقىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئوبرازنى يارىتىشقا ياردەم بېرىدۇ، ئوبراز خاراكتېرى مۇشۇنداق تىپىك مۇھىتتا تولۇق بولغان ئاشكارىلىنىشقا ئېرىشىدۇ.

خاراكتېر جەھەتتە رەڭدارلىققا ئىگە بولمىغان پېرسوناژ سەنئەت ئەسىرىدە كۆزگە چېلىقمايدۇ. سەنئەتنىڭ چىنلىقى ئىجادىي ھالدا ھەقىقەتنى ئەكس ئەتتۈرۈشتۇر. ھەر بىر سەنئەتكارنىڭ قوغلىشىدىغىنى پېرسوناژ خاراكتېردىكى ماھىيەتنى تولۇق نامايان قىلىپ بېرىش بولۇپ، يەنى بۇ خاراكتېرلەشتۈرۈشنى يارىتىش بولىدۇ.

ئادەمنىڭ خاراكتېرى قابىلىيەت، مىجەز - خۇلق، قىزىقىش قاتارلىق پسىخىكا ئالاھىدىلىكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مىجەز بولسا خاراكتېردىكى مۇھىم بىر قىسىم بولۇپ، خاراكتېر مىجەز ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىدۇ.

ئادەمنىڭ خاراكتېرى يۆنىلىشى، خاراكتېر پسىخىكا ئالاھىدىلىكىنىڭ ئالاھىدە پسىخىكا جەريانى بىر ئىككى كۈندە شەكىللىنىپ قالمىغان. ئادەتتە شەكىللەنگەن ھامان ئۆزگىرىشى ناھايىتى قىيىن، خۇددى كونىلار ئېيتقاندەك «سۈت بىلەن كىرگەن خۇي، جان بىلەن چىقىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش.

### 4. خاراكتېرلەشتۈرۈش ۋە بەدىئىي ئوبراز

خاراكتېرلەشتۈرۈش ئارتىسنىڭ ئوبراز يارىتىشتىكى مۇكەممەل بەدىئىي ھالىتى. خاراكتېرنى يارىتىش سېنارىيە تەمىنلىگەن پېرسوناژنىڭ ئىدىيەسى ۋە خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى تولۇق نامايان قىلىدىغان سەھنە ئەسەرنى چوڭقۇرلاپ چۈشەنگەن ئاساستا، پېرسوناژنىڭ روھىي تەبىئىيىتى، ئىدىيە ھېسسىياتى ھەققىدە ئىزدىنىپ، پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ ئاساسىي روھىنى ئىگىلەپ، يەنە خاراكتېرنىڭ مۇرەككەپ، رەڭدارلىقىغا دىققەت قىلىپ، شۇنىڭدىن پېرسوناژدا ئالاھىدە بولغان كۆزنىڭ قاراش ئىپادىسى، ھالىتى، سۆز ئۇرانى، ئىنتوناتسىيەسى ۋە ياسىنىشى قاتارلىقلارنى تېپىپ چىقىپ، كونكرېت بىر ئادەمنى يارىتىپ چىقىشتۇر. بۇنىڭ بىلەن كۆرۈرمەنلەرگە پېرسوناژ قانداق ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ، قانداق گەپ قىلىۋاتىدۇ ھەم قانداق تۇيغۇدا بولۇۋاتىدۇ دېگەنلەرنى بايقىتىشتۇر. خاراكتېرلەشتۈرۈشتە ئەڭ مۇھىمى پېرسوناژنىڭ ئىچكى خاراكتېر ئالاھىدىلىكنى ئىگىلەش بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن بىللە، پېرسوناژنىڭ خاسلىقىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان تىپىك ھەرىكەتلىرىنى تولۇق ئىپادىلەشنى بىلىشتۇر.

خاراكتېرلەشتۈرۈش ئەزەلدىن ئارتىسنىڭ ئوبراز يارىتىشتا يېتىدىغان نىشانى.

ئارتىس بىر رولنى ياراتقاندا، ئۇ چوقۇم ئاۋۋال سېنارىيەنى قايتا - قايتا تەتقىق قىلىپ، ئاپتورنىڭ مەقسىتىنى، پېرسوناژنىڭ ماھارىتىنى ئېنىق چۈشىنىش لازىم، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئىدىيەسىدە پېرسوناژنىڭ ھەرىكەتلىرىنى ئويلاپ، لايىھەلەپ بولۇشى كېرەك.

ئۇ پېرسوناژنىڭ ھەر بىر ئالاھىدىلىكىنى 2 - ئۆزىگە يۆتكەيدۇ. ئۇ پېرسوناژنىڭ كىيىمنى كىيىۋالىدۇ، پېرسوناژنىڭ قەدىمىنى دورايدۇ. پېرسوناژنىڭ قىياپىتىنى دورايدۇ. ئۇ چىرايى ۋە بەدىنىنى يەنى ئۆزىنىڭ تېرىسىنىمۇ كېسىپ چاپلاپ، تاكى ئۆزى رازى بولغىچە، ئۆزىنى شۇ پېرسوناژ دەپ ئويلاپ قالغىچە ئوبراز يارىتىدۇ. لېكىن بۇنىڭ بىلەن تۈگىمەيدۇ، چۈنكى، بۇ پەقەت سىرتقى قىياپەت، بۇ پېرسوناژنىڭ ئۆزى ئەمەس، پەقەت سىرتقى قىياپىتى، ئارتىس يەنە پېرسوناژغا ئوخشاش ئاۋازدا گەپ قىلىشى، ئۇنىڭدەك مېڭىشى، پاراڭلىشىشى، ئاڭلىشى ۋە خىيال قىلىشى لازىم. ئۇ چوقۇم پېرسوناژنىڭ روھىنى ئۆزىنىڭ بەدىنىگە سىڭدۈرۈشى كېرەك.

ئومۇمەن، دەسلەپكى چوڭقۇر، ئەستايىدىللىق بىلەن پېرسوناژ خاراكتېرىنى تەتقىق قىلىش، ئاندىن 1 - تۈرى پېرسوناژنىڭ خاراكتېرىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان پېرسوناژ ئوبرازىنى ئويلاپ چىقىشى ۋە ئۇنى 2 - ئۆزى ئورۇنلاپ چىقىشى لازىم، مانا بۇ ئارتىسنىڭ خىزمىتى.

ئارتىسلار رول ئېلىشقا تەييارلىق قىلغاندا، پېرسوناژنىڭ تاشقى ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە ئىزدىنىپلا قالماي يەنە چوقۇم شۇ رولنىڭ روھىنى ئۆزىنىڭ تېنىگە سىڭدۈرۈۋېتىش كېرەكلىكىنى بىلىۋالايمىز.

پېرسوناژ يارىتىشتا ناۋادا ئالاھىدە بولغان خاراكتېر خاسلىقى بولمىسا، خۇددى كىيىمسىز سەھنىدە تۇرغاندەك بولىدۇ، خىجىللىق ھېس قىلىدۇ. ئۇ ئىلگىرى ئۆزىنىڭ پېرسوناژ خاراكتېرىنى ئىزدەپ قانداق قىلىشنى بىلمىگەندە، تاشقى ئوبرازى ھەققىدە ئىزدەنگەندە، ھەر خىل كىيىملەرنى كىيىۋالىدىغانلىقنى، بۇرۇن چاپلايدىغانلىقنى، فىزىيولوگىيە جەھەتتىن ئۆزى رول ئېلىۋاتقان شەخسنىڭ بەدىنىنى ھېس قىلىدىغانلىقنى بىلىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئوبرازنىڭ تاشقى خاراكتېر ئالاھىدىلىكنى ئىگىلەشمۇ ئارتىسنىڭ ئىجادىيىتىدىكى مۇھىم يۆنىلىش ھېسابلىنىدۇ.

تاشقى جەھەتتىكى شەكىل بولمىغاندا، مەيلى پېرسوناژنىڭ ئىچكى جەھەتتىكى مىجەز ئالاھىدىلىكى بولسۇن ياكى ئۇلارنىڭ ئىچكى ھالىتى بولسۇن، كۆرۈرمەنلەرگە ھەرگىزمۇ يەتكۈزۈپ بەرگىلى بولمايدۇ. تاشقى مىجەز ئالاھىدىلىكى پېرسوناژنىڭ بىز كۆرەلىگەن ئىچكى ھالىتىنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ ھەم كۆرۈرمەنلەرگە يەتكۈزىدۇ.

خاراكتېرلەشتۈرۈش تاشقى قىياپەت ۋە ئىچكى ماھىيەت جەھەتتىن بىر - بىرىگە ماسلىشىپ شەكىللىنىدۇ، ھەم بىر - بىرىنى چەكلىگەن ئاساستا بىر تەندە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. «ئىچى» «سىرتى»نى بەلگىلەيدۇ. «سىرتى» «ئىچى»نى ئاشكارىلايدۇ. بىز سېنارىيەدىكى روللارنى تەھلىل قىلغىنىمىزدا، مۇنەۋۋەر كىنو، دراما ئەسەرلىرىدە ئادەمنىڭ «ئىچى»نى خالىغانچە ئاشكارىلىمايدىغانلىقىنى، «سىرتى»نىڭمۇ ئۇنداق ئاددىي بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىمىز.

**5. سېنارىيە پېرسوناژ خاراكتېرىنى يارىتىشتىكى ئاساس**

سەنئەتكار پېرسوناژ ئوبرازى ئارقىلىق سېنارىستنىڭ ئىجادىيەت مەقسىتىنى تاماشىبىنلارغا يەتكۈزگۈچىدۇر.

مەن رول ئالغاندا، ئاۋۋال مۇشۇ پېرسوناژنىڭ قانداق بىر ئادەملىكىنى چۈشىنىپ چىقىمەن، سېنارىيەنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ، ئۇنىڭدا نېمە ئىدىيە بارلىقىنى، دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىنى، مەركىزىي ۋەقەلىكنى، ئۆزۈم ياراتماقچى بولغان ئوبرازنى ۋە ئۇنىڭ باشقا ئوبرازلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى، پېرسوناژ خاراكتېرىنى، خاسلىقىنى ۋە باشقا پېرسوناژلار بىلەن بولغان پەرقىنى تەھلىل قىلىمەن.

سېنارىيەنى پىششىق ئوقۇپ، ئۇنىڭدىكى باش ئىدىيە، زىددىيەت توقۇنۇشىنى توغرا چۈشىنىش، دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىنى بىلىش، پېرسوناژنىڭ مۇھىتىنى تەتقىق قىلىش، پېرسوناژ بىلەن باشقىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەھلىل قىلىش، تونۇش ۋە ھېس قىلىش، ھېسسىيات بىلەن سېنارىيەدىكى ھەقىقەتنى مۆلچەرلەش لازىم. سېنارىيەدىكى ۋەقەلىك، تېكىست ۋە ئاپتورنىڭ ئېنىقلىمىسى ئارقىلىق، پېرسوناژنىڭ باشقا پېرسوناژ بىلەن بولغان پەرقىنى يەنى ئاۋۋال چوقۇم ئارتىس بىلەن پېرسوناژ ئارىسىدىكى كۆۋرۈكنى، پېرسوناژ بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدىكى گىرەلەشكەن ۋە چېپىسلەشكەن جايلارنى تېپىپ چىقىش كېرەك. ئىجادىيەتتە پېرسوناژنىڭ قېنى چوقۇم ئارتىس بىلەن تۇتاشقان بولۇشى كېرەك، ئارتىسنىڭ مەلۇم ئەزاسى چوقۇم پېرسوناژنىڭ ئوبرازىنى ئىپادىلىگەن بولۇشى كېرەك، ئارتىس ئۆزىنىڭ ياشاش ھالىتىنى پېرسوناژنىڭ ياشاش ھالىتىگە قارىتىش كېرەك.

مەسىلەن: تۇرمۇشتا بىر بىپەرۋا ئادەم مائاشىنى ئالغاندىن كېيىن سانىمايلا يانچۇقىغا سېلىشى مۇمكىن، لېكىن ناھايىتى ئەستايىدىل بىر ئادەم بولسا ئۇنى ئىككى قېتىمدىن ئارتۇق سانىۋەتكەندىن كېيىن ئاندىن پۇلنى يانچۇقىغا سالىدۇ، ئارتىسمۇ پېرسوناژ خاراكتېرىنى ياراتقاندا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بولۇشى كېرەك.

سەنئەتكار پەقەت پېرسوناژ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنىڭ نۇرغۇن تەرىپىنى چىڭ تۇتۇپ، مۇكەممەل ھالدا شۇ پېرسوناژنىڭ بارلىق ئالاھىدە بولغان روھىي تۇرمۇشىنى يارىتىپ چىققاندىلا، ئاندىن سىرتقى دۇنيانىڭ رەڭگارەڭلىكى، ئىچكى ئالاھىدىلىكىنىڭ كۈچلۈكلۈكى بىلەن كىشىلەرگە ئۇنتۇلماس تەسىر قالدۇرالايدۇ.

---

ئاپتور: شىنجاڭ سەنئەت يۇرتى ئوپېرا ئۆمىكىدە.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىزچىلار» كىتابخانىسى تەرىپىدىن توپ تارقىتىلىدۇ. كىتاب-ژۇرنال تىجارەتچىلىرىنىڭ «ئىزچىلار» كىتابخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىشىنى سورايمىز.
كىتابخانا ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى «غالىبىيەت» يولى 100-نومۇر
ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 0991 _ 2850601

# تەپەككۇر مېۋىلىرى



## تەپەككۇر چەشمىلىرى

▲ ھېسسىياتقا ئەگەشمە، توغرا قارارىڭغا ئەگەشكىن، قەزىققان بولما، سەۋرچان بول. ئەقىل ئىشلەت، دانالارنىڭ ھېكمىتى جۇغلانغان كىتابنى يېنىڭدىن ئايرىما. دانالارنىڭ ھېكمىتىدىن ئايرىلىپ ياشاش خۇددى ئۆڭكۈرگە ئۆزىنى بېكىندۈرۈۋېلىپ بىتاقەتلىك بىلەن يورۇقلۇقنىڭ ئۆزلۈكىدىن چۈشۈشىنى كۈتكەنگە باراۋەردۇر.

▲ دەريانى تىنچ ئاقتى دەپ قارىغۇلارچە ئۆزۈڭنى ئاتما، جىمجىت بىلىنگىنى ئۇنىڭ سۇ يۈزى، ئەمما ئىچى ئالامەت قايناملارغا تولغان.

▲ گۇمانخورلۇق چۇلغىۋالغان قەلبنى شېكەر سۇيىگە مىلىڭ قېتىم چىلىسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭدىن زەھەر تېمىپ تۇرىدۇ.

— ئابلەتجان قادىر

ئاپتور: قەشقەر يېڭىسار ناھىيەلىك ئىختىساسلىقلار ئوتتۇرا مەكتەپتىن.

## تەپەككۇرۇم شۇنداق دەيدۇ

▲ ئۆكتەملىكتىن ئىبارەت ناچار قىلمىش كىشى ئەقلىنى ۋە ئادىمىي پەزىلەتنى كۆرۈنمەس زەنجىردە باغلاپ، چوڭقۇر ھاڭغا ئىتتىرىدۇ. ھاياتنى گۈزەل غايىلەردىن، ئىنسانىي تەپەككۇر ۋە ئىجادىي ئىزدىنىشلەرگە نەزەر سېلىشتىن مەھرۇم قالدۇرىدۇ.

▲ باشقىلارنىڭ «قىل» چاغلىق نەرسىسىنى ئىلىۋالغانلاردىن تارتىپ «پىل» چاغلىق نەرسىسىنى ئىلىۋالغانلارغىچە ھەممىسى ئوغرى ئاتىلىدۇ. شۇ نەرسە ئىبىسمىزدە بولسۇنكى، دۇنيادا بۇ خىل «نام - ئاتاقنى» پاك - پاكىز يۇيۇپ يوقىتىشنىڭ ئۇنۇملۇك «سۇپۇن»ى يوق. ئەڭ يامىنى بۇ نام ئەۋلادمۇ ئەۋلاد يادلىنىدۇ، خالاس.

▲ ئەقلىي شەيتانلىق قىلىپ ئۆزىڭنى تۇگەشتۇرمە.

▲ مەنىۋىيتى پۇچەك كىشى چالا كۆيگەن ئوتتۇنغا ئوخشاش يېقىنلاشقانلا كىشىنىڭ نەپسىنى بوغۇپ، كۆزلىرىنى ياشقا تولدۇرۇپ بىزار قىلىدۇ.

## تەپەككۇر تېز سىزمىلىرى

▲ ئەركەك سەگەك ياشايدۇ، غاپىل بىخۇد ياشايدۇ.

▲ گۈلنىڭ ھىدى خۇش پۇراق، تىكىنى مەنە.

▲ شاللاقلار ئايالار ھەققىدە كۆپ سۆزلەيدۇ، ياخشىلار ئاياللىق ھەققىدە سۆزلەيدۇ.

▲ خاراكتېر — ئىنسان قەلبىنىڭ ئەينىكى.

▲ ئويۇن - تاماشاغا بېرىلگەنلەر ئازابنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدۇ، ئەمما چوقۇم ئازابلىنىدۇ.

▲ تەجربە — ياشاشنىڭ خېمىرتۇرۇچى.

## تەپەككۇر كۆزى

▲ پىشقان ئەر مۇۋەپپەقىيەتكە يېقىن، مۇكەممەل ئايال مۇھەببەتكە يېقىن.

▲ ئەركەك دېگەن بىر قوۋمنىڭ قايغۇسىغا ئورتاقلىشالايدۇ.

▲ خىرىس تۇيغۇسىز كىلىپ ھەسرەتلىك داغدا قويىدۇ.

▲ ئىختىلاپ بىر ئەلنى قۇمدەك چاچالايدۇ.

▲ پاسىقلارنىڭ سۆزى يالغان، يېگىنى ھارام، سوۋغىسى ئوغىدۇر.

▲ زالىمنىڭ داستىخىنىدىن پەقەت مۇناپىقلار تائام يېيەلەيدۇ.

▲ بۇگۈنكى كىرىزىسنى ھېس قىلمىغان ئادەم ئەتىكى دوقالغا ئۇسسۇيدۇ.

▲ سەنئەت تەبىئەتنىڭ شولىسى، تەبىئەت سەنئەتنىڭ ھويلىسى.

▲ بىخۇدلۇق — زىندان، نادانلىق — قارا بوران.

▲ ھاياتتىن قاقشىغان ئادەمنىڭ ھاياتقا مۇھەببىتى بولمايدۇ.

▲ روھى ئاجىزلار گۇناھلىق يولدا كۆپ ماڭىدۇ.

▲ قول قىلىش ۋە قول بولۇشمۇ جىنايەت.

▲ يالغان تارىخ يالغانچىلارنىڭ دەۋرى كەتكەندە ئايدىڭلىشىدۇ.

▲ ئائىلە دەرەخ، ئاتا - ئانا يىلتىز، مۇھەببەت سۇ.

▲ گۇناھلىق يولدا شادلىق بولمايدۇ.

▲ نادانلار قۇترىغاندا دۇنيا تەشۋىشكە قالىدۇ.

▲ ھاقارەت يۈرەككە تېگىدىغان ئوق.

▲ شەيتان كۆچلۈكلەردىن قاچىدۇ.

▲ ھېچكىشى قىزىقمىغان ئادەم يالغۇز قالىدۇ.

▲ قېچىرغا ئاتمۇ، ئېشەكمۇ قېرىنداش بولالمايدۇ.

▲ ئەيش - ئىشرەت قىلغان ئەر ئۆيگە يوك، ئەيش - ئىشرەت قىلغان ئايال مىللەتكە يۈك.

▲ ئىنكاسى يوقنىڭ ئىمكانىيىتى يوق.

▲ ھايات سەگەكلىكنى شەرت قىلىدۇ.

▲ ئاجىز خەلق ساختا سۈلھىنىڭ قۇربانىدۇر.

▲ كۆرەش ئۇگۇشسىزلىققا ئېلىپ بارسىمۇ خارلىققا ئېلىپ بارمايدۇ.

▲ بىر قورساقتىن تۇغۇلغانلارلا ئەمەس، بىر دىلدىكىلەرمۇ قېرىنداش.

▲ خاسلىقى يوق ئادەم پىشمىغان مېۋە.

▲ ھەقىقەتتىن ئازغاننى ھەقىقىي ئازدى دەيمىز.

▲ مەۋجۇتلۇق — ئۆزىنى تېپىش، ئۆزىنى ئىپادىلەشتە.

▲ قەلبى كورلار كۆزى ئوچۇق كۆرەلمەيدۇ.

▲ يېڭى ئىدىيە — يېڭى قورال.

▲ ئائىلىدىن يۇققان كىر مەڭگۈ ئادالانمايدۇ.

▲ ئازغۇنلىرى كۆپ ئەلنىڭ قاراڭغۇ تۈنى ئۇزاق داۋاملىشىدۇ.

▲ ساختىلىقنى كۈيلەيدىغان شائىرلار ئۆز قوۋم روھىيىتىگە چۇشكەن قۇرت.

▲ بۇلۇتنىڭ قۇياش نۇرىنى توسۇۋېلىشى ھامان ۋاقىتلىق، چۈنكى قۇياش ئەبەدىي.

▲ تۈنۈگۈن ئۈچۈن بۈگۈن پۇشايمان قىلىش ئەمەلىيەتتە ئەتىنى قۇربان قىلغانلىق.

▲ بىخۇدنىڭ بېغى چىتلاقسىز قالغاچقا ھەركىم ئاياغ باسالايدۇ.

▲ نىكاھ بىر - بىرىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىغا يېقىنلىششتۇر.

▲ ئەسلىمە ياشانغانلارغا تەسەللى، ياشلارغا كىشەن.

▲ ئىرادىلىك كىشىلەر ھەق - ناھەق مەسىلىلىرىدە سۈلھى قىلمايدۇ.

▲ ئۆز روھىيىتىنى قوغدىيالىغان ئادەم ۋەتىنىنىمۇ قوغدىيالايدۇ.

▲ ئاجىز كىشىلەر ئۆزىنى ئاقلاش بىلەن ئاۋارە.

▲ ئېتىقادلارنىڭ رولى ئىش بېجىرىشتە كۆرۈلىدۇ.

▲ ئەخلاقنى ئائىلىدە، تەجرىبىنى ئەمەلىيەتتە، نەزەرىيەنى كىتابتا (مەكتەپتە) ئۆگىنىمىز.

▲ ئەركەكنىڭ قەھرى دۈشمەنگە، مېھرى قېرىنداشلىرىغا.

▲ ئەخلاقنىڭ سۇسلىششپ قېلىشى، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلمەسمۇ بولىدىغانلىقنى بىلدۈرمەيدۇ.

▲ قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش مەجبۇرىيەتنى، ئەخلاق ئارقىلىق ئىدارە قىلىش مەسئۇلىيەتنى تەلەپ قىلىدۇ.

▲ پۇشايمان يەنە پۇشايمانغا يول قويۇشتۇر.

▲ روھى مەجرۇھ كىشىلەر كۆزى تۇرۇپ كۆرەلمەيدۇ، تىلى تۇرۇپ سۆزلىيەلمەيدۇ، پۇتى تۇرۇپ ماڭالمايدۇ.

▲ ئىشەنچ بىر ئادەمنى قەھرىمانغا ئايلاندۇرالايدۇ.

▲ ياخشىلىق بىر خىل خۇشاللىق جەريانى.

▲ شەخسىيەتچى ئادەمنىڭ نەزەرىدە پەقەت ئۆزىلا بار.

▲ مەنمەنچى كىشىلەر باشقىلارنىڭ باھاسىغا بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ.

▲ كىتابسىز ھايات — بەختتىن مەھرۇم ھايات.

▲ ئەقىلمۇ پەرۋىشكە موھتاج، ئۇ ھاياتنى نۇرلاندۇرىدۇ.

▲ مۇھەببەت كىشىلەرنى جەم قىلىدۇ، نەپرەت يەم قىلىدۇ.

▲ ئەقىدە - ئېتىقادسىز مۇھىتتا ئىزگۈلۈك ناخشىسى ياڭرىمايدۇ.

▲ سادىدا ئادەم ئاق كۆڭۈللۈكى بىلەن ئالدىنىدۇ، ئاچ كۆز ئادەم نەپسانىيەتچىلىكى بىلەن ئالدىنىدۇ.

▲ مۇھەببەت غەرەزسىز بولغاندا ئەبەدىيلىشىدۇ.

▲ نومۇس — ئابرۇيغا يول.

▲ ھەقىقىي ياشاش ئۈستىكىدىكى ئادەمگە نام - ئاتاق ئارتۇقچە.

▲ ئاچ كۆزلۈك نەپسى تويسىمۇ كۆزى تويماسلىق.

▲ قەلب — بەختنىڭ گۈلزارى.

▲ بىكارچىلىق ئالتۇننى چالما ئورنىدا كۆرۈشتۇر.

▲ بىلىشلا ئەمەس، مۇھىم بولغان، زۆرۈر بىلىشلەر ئەڭ مۇھىم.

▲ نادان خەلق ئويۇن - تاماشادا «ئىنتىپاقلىشالايدۇ»، ياخشى ئىشتا «ئىختىلاپلىشالايدۇ».

▲ خىيانەت — جىنايەت يولىغا باشلايدۇ.

▲ سۆزنىمىز — قەلب دەپتىرىمىزدىن بىشارەت.

▲ بىر ئەر چۈشكۈنلەشسە ئۆزىنى ۋەيران قىلىدۇ، بىر ئايال چۈشكۈنلەشسە ئۆز ئائىلىسىنى تۈگەشتۈرىدۇ.

▲ تايىنىمەن دېسەڭ تاغمۇ «قاچىدۇ».

▲ ئەجىرسىز كەلگەن ئاش - نان قورساقنى ئاغرىتىشى مۇمكىن.

▲ ئەمەلىيەتچان ئادەملەر شوئارۋازلىقتىن يىراق تۇرىدۇ.

▲ مۇھەببەتنى كونكرېتلاشقان ئادەملەر ساختىلىق قىلمايدۇ.

▲ ساختىپەز سەۋەنلىكنى باشقىلارغا ئىتتىرىشكە ئۇرۇنىدۇ، نەتىجىدە ئۆزىنىڭ رولىنى كۆككە كۆتۈرىدۇ.

▲ ئادەم ئاچ كۆزلەشكەندە ئىقتىسادىي مەنپەئەت ئۈچۈن ئىنسانىي پەزىلەتكە سەل قارايدۇ.

▲ بەل قويۇۋېتىش مەغلۇپ بولغانغا تەڭ.

▲ ساپاسىز ئادەم ئالدىغا ئۆتۈپ كەتسىڭىز ھەسەت قىلىدۇ، كۆرەلمەيدۇ، كەينىدە قالسىڭىز مازاق قىلىدۇ، كۆزگە ئىلمايدۇ.

▲ نىشان سۈزۈك (ئېنىق) بولسا، نەتىجە تۈزۈك بولىدۇ.

▲ نەزەرىيە ئۆگەنگەن مەكتەپتە غالىب، ئەمەلىيەت ئۆگەنگەن جەمئىيەتتە غالىب.

▲ ياخشى ئىناۋەتنى، ئەسكى ئاداۋەتنى ئويلايدۇ.

▲ ئىناۋەتتىن سائادەت، ئاداۋەتتىن نادامەت، ساخاۋەتتىن ھالاۋەت، مۇھەببەتتىن ھارارەت تاپىمىز.

▲ سەممىمەتتىن ھۆرمەت، يەكلەشتىن نەپرەت، ياخشىلىقتىن رەھمەت، ئىرادىدىن جاسارەت، ئەقىلدىن پاراسەت، نادانلىقتىن ھالاكەت، قىممەتتىن ھىممەت، ھەرىكەتتىن بەرىكەت، پۇرسەتتىن نۇسرەت، غەپلەتتىن ھەسرەت تاپىمىز.

▲ مەقسەتتىن ھەرىكەت، ھەرىكەتتىن بەرىكەت، بەرىكەتتىن ھىممەت، ھىممەتتىن قىممەت، قىممەتتىن ھۆرمەت، ھۆرمەتتىن سەممىيەت، سەممىيەتتىن رەھمەت، رەھمەتتىن ھىدايەت، ھىدايەتتىن جەننەت.

▲ تەمكىن ئادەم، ئەركىن ئادەم.

— ئابلەت روزى

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە «بابۇر» كومپيۇتېرخانىسىدىن.

## ئېچىمدىكى ئاچچىق ئارمانلار

▲ ئەگەر بىزدە تىلىگەننى ئەمەس، تىرىشقاننى قوللايدىغان، يىغلىغاننى ئەمەس، يىقىلغاننى يۆلەيدىغان روھ بولغان بولسا ئاجايىپ زور نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولاتتۇق.

▲ بىلىملىكلەر كۆپ يۇرتلاردا پۇل - ماللىرىنى تەرەققىيات ئۈچۈن خەجلەيدىغان بايلار كۆپ چىقىدىكەن. بىلىمسىزلەر كۆپ يۇرتلاردا چاشقانغا كېپەك، ئىتقا يۇندىسىنى كۆرسەتمەي، پۇل - مال يىغىدىغان بايلار كۆپ چىقىدىكەن.

▲ تارىخ ۋە ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، ئىنسان پەقەت بىلىم ئارقىلىقلا ھەرقانداق كىرىزىستىن قۇتۇلالايدۇ.

▲ ئىستىقباللىق بىر شىركەتنىڭ قۇرۇلغىنى جەمئىيەتتە بېسىمنىڭ بىر ھەسسە يېنىكلىگىنىدۇر.

▲ ئىلغار ئىدىيەلىك كارخانىچىلار تەرەققىيات مەشئىلىنى كۆتۈرگەن ئوت يۈرەك مائارىپچىلاردۇر.

▲ ئىنسانلار جەمئىيىتىگە ئەڭ زور تۆھپە قوشىدىغانلار مائارىپچى، كەشپىياتچى ۋە كارخانىچىلار بولسا، جەمئىيەتكە يۈك بولىدىغانلار، چېقىمچى، ئويۇنچى ۋە بىكارچىلاردۇر.

▲ يارالغان ماكانىڭ بۆرىنىڭ ئۇۋىسى بولسا، قوينىڭ ئارىسىدا ياشىساڭمۇ، تالاپ تويمايسەن.

— نىياز تۇراپ (مەپتۇن)

ئاپتور: باي ناھىيە قىيىر يېزا قازانچى كەنتتە ئۇششاق تىجارەتچى.



غاپپار ئەۋەككۇل

# يۇسۇف خاس ھاجىپ سوبيېكتىپ مونولوگلىرىنىڭ سىمۋوللۇق ئىپادىسى — «قۇتادغۇبىلىك»

-- «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ بەدىئىي قىممىتى توغرىسىدا قايتا ئىزدىنىش

«قۇتادغۇبىلىك» 11 ـ ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى مۆجىزە خاراكتېرلىك بىر گىگانت ئەسەر. ئىنسانىيەت مەدەنىيەت ئاسمىنىدا چاقنىغان بۇ سىمۋوللۇق يۇلتۇز 1000 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان دۇنيا ئىلىم تەشنالىرىنىڭ تەتقىق قىلىدىغان ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ كەلدى. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى، يۇسۇف خاس ھاجىپتىن ئىبارەت ئۇلۇغ شەخسنىڭ تالانتى، ئەقىل ـ پاراستى، بىر ئۆمۈر توپلىغان بىلىملىرىنىڭ جۇغلانمىسى بولغانلىقى ئۈچۈن؛ شۇنداقلا ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەقىل ـ پاراستىنىڭ جۇغلانمىسى بولغانلىقى ئۈچۈن؛ ئۇنىڭدا شۇ دەۋر تەرەققىياتىغا، شۇنداقلا بۈگۈنكى دەۋر تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولالايدىغان بىلىملەرنىڭ جۇغلانغانلىقى، يۇسۇف خاس ھاجىپنىڭ يۇقىرى بەدىئىي تەسەۋۋۇرىنىڭ مەھسۇلى بولغان كۆپ قاتلاملىق بەدىئىي تەپەككۇر قىممىتىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن؛ ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋاستىسى بولغانلىقى ئۈچۈن. ئومۇمەن، ناھايىتى چوڭقۇر بەدىئىي تەپەككۇر ئىچىگە يوشۇرۇنغان بىباھا مەدەنىيەت خەزىنىسى بولغانلىقى ئۈچۈن. لېكىن ھازىرغىچە ئۇنىڭ مەزمۇن دائىرىسى ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار كۆپ سالماقنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، بەدىئىي خەزىنە بۆلىكى يېتەرلىك قېزىلماي تۇرۇپتۇ. شۇ دەۋرگە نىسبەتەن يۇقىرى بەدىئىي ئىقتىدارغا ئىگە بۇ ئاپتورنىڭ بەدىئىي تەپەككۇر ئىقتىدارى توغرىسىدا تەھلىل قىلىش يېتەرسىز بولۇۋاتىدۇ. مەرھۇم ئالىمىمىز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن «قۇتادغۇبىلىك خەزىنىسى» ناملىق كىتابىدا بۇ ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئۆزگىچىلىكىنى خۇلاسىلىگەندە شېئىري شەكىل، ۋەزىن خۇسۇسىيىتى، ئوبرازلىق تىل ئالاھىدىلىكى، دىراماتىك خۇسۇسىيىتى قاتارلىقلارنى تەھلىل قىلىش بىلەن بىللە، «سىمۋولىزمنىڭ يارقىن ئۈلگىسىنى ياراتقان» دەپلا كۇپايىلەنگەن. «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ئىلمىي قىممىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوبرازلىق تەپەككۇر قاتلىمىنىڭ چوڭقۇرلۇقى نۇقتىسىدىن ئەدەبىيات تارىخىمىزدا سىمۋوللۇق تەپەككۇرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى، ئەڭ يېگانە نامايەندىسى دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ.

رۇس تارىخ ئالىمى بارتولدنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر توغرىسىدا 12 لېكسىيە»نىڭ 7 ـ لېكسىيەسىدە «يۇسۇف خاس ھاجىپنىڭ ‹قۇتادغۇ بىلىك› ناملىق ئەسىرىدە تارىختا ئۆتكەن بىرەر شەخس تىلغا ئېلىنمايدۇ. ئۇ كىتابىدا تىلغا ئالغان پادىشاھ ‹ئىلىگ› ئەمەل-

## مەدەنىيەت مىراسلىرىمىز

يەتتە بولمىغان ئالگورىيەلىك شەخستۇر. ئۇ ئادالەتكە ۋەكىللىك قىلغۇچى. ئۇنىڭ پەزىلەتلىرى ۋەزىرلەر، ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرى ۋە ئۇكىلىرىنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ. شۇنداق بولغاچقا «قۇتادغۇبىلىك» ئۆزى نەمۇنە بولغان پارسچە ئەسەرلەردىن كۆپ تۆۋەن تۇرىدۇ» دېگەندەك يەكگىلەتكىلىك بىلەن ھۆكۈم چىقارغان. بەلكى ئۇ دەۋاتقان نەمۇنە بولغان پارسچە ئەسەر «شاھنامە»نى كۆرسەتسە كېرەك. يۈسۈپ خاس ھاجىب ئىپادىلەش جەھەتتە ئۆزىگە خاس مۇستەقىل يول تۇتقان، يەنى ئۇنىڭ ئەسىرى تولۇق سىمۋوللۇق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ساپ بەدىئىي ئەدەبىياتتۇر. «قۇتادغۇبىلىك» ھەرگىزمۇ بارتولدنىڭ ئارزۇسىغا ماس ھالدا قاراخانىلار تارىخىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن دەرھاللا نەق خۇرۇچقا ئېرىشەلەيدىغان، تارىخنى نوقۇل يالىڭاچ ئوبرازغا ئايلاندۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرۈپ قويىدىغان تارىخىي قىسسە، تارىخىي داستان ئەمەس. بەزىلەر ئېيتقاندەك تاق لىنىيەلىك بەدىئىي تەپەككۇر ئاساسىدىكى نوقۇل پەند - نەسھەت خاراكتېرىدىكى ئەسەرمۇ ئەمەس. ئىنسانىيەت دۇنياسىدىن سۈزۈپ ئېلىنغان ۋە ئۆز سۇبيېكتىنىڭ سىمۋوللاشتۇرۇلغان ئۇلۇغ ھايات جەۋھىرى.

بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ قىممىتىنى مۇنداق ئۈچ جەھەتتىن ئۆلچەشكە بولىدۇ: بىرىنچى، بەدىئىي تەپەككۇر قىممىتى؛ ئىككىنچى، پەلسەپىۋى تەپەككۇر قىممىتى. ئۈچىنچى، ئوبرازنى گەۋدىلەندۈرۈشتە ئىشلەتكەن ئەدەبىي تىل قىممىتى. ئوبرازنى يارىتىش ئۈچۈن تىل بىردىنبىر ۋاستە. ئوبرازنى قانچىكى يارقىن، قانچىكى كونكرېتنى، قانچىكى جەلپ قىلارلىق ئىپادىلەش يەنىلا ئاپتورلارنىڭ تىل جەھەتتىكى تالانتىغا باغلىق. بۇ ئوبرازنى گەۋدىلەندۈرۈشتىكى ئەدەبىي تىل تالانتى دېيىلىدۇ. شۇڭا يۈسۈپ خاس ھاجىبنى 11 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر تىل سەنئىتىنىڭ ماھىرى دەيمىز. «قۇتادغۇبىلىك» ھەر ئۈچ قىممەت ئۆلچەمى جەھەتتە تەڭ ۋايىغا يەتكەن. مېنىڭ بۇ ماقالەمدە تەھلىل قىلماقچى بولغىنىم بەدىئىي تەپەككۇر قىممىتىدۇر.

دېمەك، بۇ مىسلىسىز بۈيۈك ئەسەرنىڭ پوستىنى دەل سىمۋول دەپ ئاتايمىز. سىمۋوللۇق تەپەككۇر يازغۇچى - شائىرلاردىن پەۋقۇلئاددە تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. يېتىلگەن پەيلاسوپ، جامائەت ئەربابى، شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىب يۇقىرى بەدىئىي تەسەۋۋۇردىن تۇغۇلغان «سىمۋوللۇق پوستى» ئىچىگە، ئالەمدىكى بارلىق بىلىم تۈرلىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى پېرىسلاپ، يەنى سىغداپ كىرگۈزگەن. مۇھىمى ئۆزىنىڭ «ئۆزلۈك»تىن ئىبارەت ھەم پەۋقۇلئاددە قىممەتكە ئىگە ۋە مۇرەككەپ زىددىيەت - توقۇنۇشقا تولغان مەنىۋى دۇنياسىنى ئەنە شۇنداق كونكرېتنى ۋە ئىخچام سىمۋوللۇق ئوبراز ئارقىلىق ئەڭ يارقىن پەللىگە كۆتۈرۈپ جاھانغا نامايان قىلغان. بۇ مۆۋەپپەقىيەت مەيلى ئوتتۇرا ئەسىر ئەدەبىيات تەرەققىياتىدا بولسۇن، مەيلى ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تەرەققىياتىدا بولسۇن پەۋقۇلئاددە يۇقىرى بەدىئىي تالانت تەلەپ قىلىدىغان مۆجىزە خاراكتېرلىك ھادىسە.

سىمۋول — ئورتاقلىقتا ئىگە مەۋھۇم مەنىۋى دۇنيانى تىپىكلەشتۈرۈش خاراكتېرىگە ئىگە كونكرېتنى شەيئى ئوبرازى ئارقىلىق ئىپادىلەشنى كۆرسىتىدۇ. سەنئەتكارنىڭ بەدىئىي تالانتى قانچە يۇقىرى بولسا، ئىنتايىن كەڭ بولغان مەۋھۇم دۇنيانى ماھىيەت ئورتاقلىقى بولغان كونكرېتنى بىر شەيئى ئوبرازىغا پېرىسلاپ كىرگۈزەلەيدۇ. بىز ھازىرغىچە «قۇتادغۇبىلىك» تىكى تۆت سىمۋوللۇق پېرسوناژ بولغان كۈنتۇغدى، ئايتولدى، ئۆگدۈلمىش، ئۇدغۇرمىش قاتارلىق پېرسوناژلارنى كۈنتۇغدىنى ئادالەتكە، ئايتولدىنى بەخت - سائادەتكە، ئۆگدۈلمىشنى ئەقىل - پاراسەتكە، ئۇدغۇرمىشنى قانائەتكە سىمۋول قىلىنغان دەپلا خۇلاسە قىلىپ كەلدۇق. چۈنكى يۈسۈپ خاس ھاجىبنىڭ بۇ ئەسەرنى يېزىشتىكى مەقسىتى دەل قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇش غايىسى ئاساسىدا يارىتىلغان ئوبراز بولغاچقا مۇشۇنداق باھا بەردۇق. بۇ خۇلاسىمۇ ئەقىلگە ئۇيغۇن. لېكىن بىز نېمىشقا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ سىمۋوللۇق قاتلام ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ باقمايمىز؟ «قۇتادغۇبىلىك» تىن ئىبارەت بۇ سىمۋوللۇق قاتلامنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا يۈسۈپ خاس ھاجىبنىڭ دەل مۇرەككەپ زىددىيەت - توقۇنۇشقا ئىگە روھىي دۇنياسى ياتىدۇ. تۆت ئوبرازنىڭ ھادىسىۋى تەرەققىياتى جەھەتتىن بارلىق ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ۋە ئاپتورنىڭ مەقسەت - مۇددىئاسى تۆت سىمۋوللۇق پېرسوناژنىڭ دىيالوگى ئاساسىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بۇ ماھىيەتتە يۈسۈپ خاس ھاجىبنىڭ زىددىيەتلىك روھىي دۇنياسىدىكى مونولوگلارنىڭ سىمۋوللۇق دىيالوگلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىشى خالاس. دېمەك، مونولوگ دىيالوگلاشتۇرۇلغان.

ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسى ئۇنداق ئاددىي قۇرۇلما

ئەمەس. بولۇپمۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك پەۋقۇلئاددە تالانت ۋە بىلىم ئىگىسىنىڭ روھىي دۇنياسى تېخىمۇ مۇرەككەپ ۋە زىددىيەتلىك بولىدۇ. ئىنسانىيەتتىكى ھەرقانداق تالانت ئىگىسىنىڭ روھىي دۇنياسى ئەنە شۇنداق مۇرەككەپ ۋە زىددىيەتلىك بولۇپ كەلگەن. چۈنكى دىيالېكتىكىنىڭ زىددىيەت قانۇنىيىتى بولغان «زىددىيەت تەرەققىياتنىڭ ئاساسى» دېگەن قانۇنىيەتنى ھەممىمىز بىلىمىز. سۇبيېكتىپ دۇنيا قانچە زىددىيەتلىك بولسا، خۇددى ئاتموسفېرا قاتلىمىدىكى زىددىيەتلىك ھاۋا ئېقىملىرى ئۇچرىشىپ گۈلدۈرماما ۋە چاقماق ھادىسىسى پەيدا قىلغاندەك، ھېسسىي تەپەككۇر ۋە ئەقلىي تەپەككۇرنى غىدىقلاپ ئەقلىي تەپەككۇرنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. نەتىجىدە قۇدرەتلىك تالانتنى روياپقا چىقىرىدۇ. ئەگەر بۇ «تالانت سۈيى» ئېقىش تاپالايدىغان ئېقىندا ئاقالىسا (تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي شەرت - شارائىت بىلەن ماسلىشىپ كەلسە)، ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇقەررەر. يېقىندا توردىن بەختنىڭ ئۆلچىمى توغرىسىدىكى بىر ماقالىنى ئوقۇپ قالدىم. ئېيتىلىشچە بەختنىڭ ئۆلچىمى، ئۆز تالانتى ۋە ئەقلىي قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرالايدىغان بىر مۇھىتقا ئېرىشىش ئىكەن. بەلكى 11 - ئەسىر قاراخانىلار سۇلالىسىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك تالانت ۋە ئەقىل - پاراسەتكە ئىگە كىشىلەردىن نەچچىسى بولغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن پەقەت نېمە ئۈچۈن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭلا ئىزى ئۆچۈرۈلمەي بۈگۈنكى دەۋرگە يېتىپ كېلەلىدى؟

سۇبيېكتىپ دۇنيا مۇنداق ئۈچ قاتلامغا ئىگە: بىرىنچى، روھىي قاتلام. بۇ قاتلامنىڭ مەركىزىدە ۋىجدان تۇرىدۇ. روھىي قاتلامنىڭ كۈچلۈك ۋە ئاجىز بولۇشى ۋىجدان تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئېتىقاد، جاسارەت، ساداقەت، ئىرادە، مېھىر - مۇھەببەت... قاتارلىقلارنىڭ ئاجىز بولۇشى، دەل ۋىجداننىڭ ئاجىز بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ؛ ئىككىنچى، ھېسسىي ۋە ئەقلىي تەپەككۇر قاتلىمى. ھېسسىي ۋە ئەقلىي تەپەككۇرنىڭ كۈچلۈك ۋە ئاجىز بولۇشى، روھنىڭ كۈچلۈك ۋە ئاجىز بولۇش تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ؛ ئۈچىنچى، ئاڭ ۋە بىلىم ئامبىرى. ئاڭ ۋە بىلىم ئامبىرىنىڭ ساپاسى تەپەككۇر قاتلىمىنىڭ ساپاسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ماھىيەتتە ھەممىسى روھىي قاتلامنىڭ مەركىزى بولغان ۋىجدان تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن بۇنداق فورمۇلا كېلىپ چىقىدۇ: روھ — تەپەككۇر — بىلىم ۋە ئاڭ. شۇڭا يۈسۈپ خاس ھاجىپنى ئۇيغۇر تارىخىدىكى كۈچلۈك ۋىجدان ئىگىسى دەيمىز. بۇ كۈچلۈك ۋىجدان ئۇنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسىنى ئەنە شۇنداق زىددىيەتلىك مەنىۋى قۇرۇلمىغا ئىگە قىلىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى يۈكسەك چوققا «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ مەيدانغا كېلىشىدە ئەڭ تۈپكى مەنبە بولغان.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ سىمۋوللۇق قاتلىمى مۇنداق ئۈچ قاتلامغا ئىگە: بىرىنچى، پېرسوناژلارنىڭ ئىسمىدىكى تەبىئەت ھادىسىسى ئارقىلىق ۋە خاراكتېرگە ماس بېشارەتلىك سۆز ئارقىلىق سىمۋوللاشتۇرۇلغان مەنە قاتلىمى؛ ئىككىنچى، ئاپتور غايىسىنىڭ سىمۋوللاشتۇرۇلغان قاتلىمى؛ ئۈچىنچى، ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ كەڭ ۋە تۈپكى قاتلام بولغان ئاپتورنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسىدىكى زىددىيەتلىك تەرەپلەر پەيدا قىلغان ئىچكى مونولوگلارنىڭ دىيالوگلاشتۇرۇلغان سىمۋوللۇق قاتلىمىدىن ئىبارەت. بۇ مونولوگنى «ئۈچ بۇرجەكلىك خاراكتېر مونولوگى» دەپ ئاتايمەن. بۇ ئۈچ بۇلۇڭنىڭ چوققا «ئا» بۇلۇڭىغا كۈنتوغدى (ئاپتورنىڭ دانا قاغانغا ئېرىشىش غايىسى) ۋەكىللىك قىلىدۇ. «ب» بۇلۇڭىغا ئايتولدى ۋە ئۆگدۈلمىش (ئۆزىگە خاس ئەقىل - پاراسەت ئارقىلىق قاغانغا يار - يۆلەك بولۇپ، دۆلەتكە ۋە كەڭ ئاۋامغا بەخت يارىتىش ئىدىيەسى) ۋەكىللىك قىلىدۇ. «س» بۇلۇڭىغا ئۇدغۇرمىش (ئاپتورنىڭ ھاياتتىكى ئەڭ سۈزۈك ۋە پاكىز روھىي قاتلىمى بولۇپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بۇ دۇنيادىن ھۇزۇر ئىزدەش ئۈچۈن ئېچىلغان بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى موھتاجلىق «ئىشىك» لىرىنى ئېتىپ تاشلاپ، ئەقىل ئىشىكىلا ئوچۇق قالدۇرۇلغان روھىي پاكىزلىقى) ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇلار يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ۋۇجۇدىدا ناھايىتى ئۇزاق مۇنازىرە قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن «قۇتادغۇبىلىك»تىن ئىبارەت بىر پۈتۈن گىگانت ئوبراز گەۋدىسىنى ھاسىل قىلغان. نۆۋەتتە بۇ جەھەتتە تەپسىلىي مۇلاھىزە قىلىمىز، ماقالەمنىڭ يېزىلىش مەقسىتىمۇ مۇشۇ.

**بىرىنچى سىمۋوللۇق قاتلام، پېرسوناژلارنىڭ ئىسمىدىكى تەبىئەت ھادىسىلىرى ئارقىلىق ۋە شۇ پېرسوناژنىڭ روھىي دۇنياسىنى مەنبە قىلىپ سىمۋوللاشتۇرۇلغان مەنە قاتلىمى.**

كۈنتۇغدى ئېلىگ — ئەڭ دانا ۋە ئاقىل قاغانلارنىڭ سىمۋولى. «كۈن» (ئىسىم)، «تۇغدى» (پېئىل) دىن ئىبا

رەت ئىككى سۆزدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، «كۈن تۇغقان ئادەم» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. يەنى كۈن ئالەمدىكى ھاياتلىقنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى. كۈن بولمىسا ئالەمدە ھاياتلىق بولمايدۇ. كۈن ھاياتلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇشىدىكى زۆرۈر شەرت. يۈسۈف خاس ھاجىپنىڭ نەزەرىدىكى قاغان شۇنداق قاغان بولۇشى كېرەككى، ئۇ ئەل - ۋەتەننىڭ مەۋجۇت بولۇشى، روناق تېپىشى، ئەلنىڭ بەختى ئۈچۈن كۈننىڭ رولىنى ئېلىشى لازىم. يەنى «كۈن تۇغقان ئادەم» («كۈننىڭ بالىسى») بولۇشى لازىم. ئۇ ئەل - ۋەتەننىڭ بەختىگە تۈپتىن كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. (405 - بېيىتتىن 419 - بېيىتكىچە قاراڭ.) دېمەك، ئەسەردە كۈننىڭ ئالاھىدىلىكى دەل كۈنتۇغدىغا كۆچۈرۈپ سىمۋوللاشتۇرۇلغان.

ئايتولدى — ئاي (ئىسىم)، تولدى (پېئىل) قاتارلىق ئىككى سۆزدىن تەركىب تاپقان پېرسوناژ ئىسمى. يەنى، «تولغان ئاي» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. پىلانېتلار ۋە يۇلتۇزلار ئىچىدە پەقەت ئايلا يەر شارىغا ئەڭ يېقىن پىلانېت بولۇپ، كۈن يەرنى يورۇتمىغان چاغدا ئۇ كۈندىن ئالغان يورۇقلۇقى ئارقىلىق يەرنى يورۇتۇپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ ئاي تولغاندا (ھەر ئاينىڭ 14 - ۋە 15 - كۈنلىرى) كېچىسى يەر ئەڭ يورۇق بولىدۇ. دېمەك، ئاي كۈننىڭ بوشلۇقىنى تولدۇرىدۇ. ئاي يەر شارىنىمۇ ئايلىنىپ تۇرىدۇ، كۈننىڭ ئەتراپىنىمۇ ئايلىنىپ تۇرىدۇ. ئاي تولدى ئۆزىنىڭ بىلىمى ۋە ئەقىل - پاراستىنى ئەل - ۋەتەن ئۈچۈن بېغىشلاش ئۈچۈن كۈن تۇغدى قاغانىنى ئىزدەپ كېلىدۇ. قاغاننىڭ يېنىدا تۇرۇپ دۆلەت ئۈچۈن بىر ئۆمۈر بارلىقىنى بېغىشلايدۇ. ئەسەردە ئاپتور ئاينىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكىنى ۋەزىر ئايتولدىغا كۆچۈرۈپ سىمۋوللاشتۇرۇلغان. ئاپتورنىڭ نەزەرىدىكى ۋەزىر شۇنداق بولۇشى كېرەككى، تولغان ئاي كۈننىڭ يەرنى يورۇتمىغان چاغدىكى بوشلۇقىنى تولدۇرۇپ يەرنى يورۇتقاندەك، قاغاننىڭ بوشلۇقىنى تولدۇرۇپ، ئۇنىڭغا ياخشى مەسلىھەتلەرنى بېرىش ئارقىلىق ئەل - ۋەتەننىڭ قۇتلۇق بولۇشى ئۈچۈن ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم، مۇشۇنداق بولغاندا ئەل - ۋەتەن قۇتلۇقى بىر پۈتۈن مۇكەممەللىككە ئېرىشىدۇ.

ئۆگدىلمىش — ئۆگ (ئالماش) ھازىرقى ئىستېمالىمىزدىكى «ئۆز» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. يەنى ئادەمنىڭ مەنىۋى دۇنيا خاسلىقىنى بىلدۈرىدۇ. دىل (ئىسىم) مەنىۋى دۇنيانى كۆرسىتىدۇ. «ئۆگدىل» دېگەن سۆز «مەنىۋى دۇنيا خاسلىقى» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. يەنە بىر مەنىسى ئەقىل - پاراسەت دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. بۇلارنى قوشقاندا ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس ئەقىل - پاراستى دېگەن مەنىنى بېرىدۇ.

مەن ئۆزۈم يېتىم — ئۆگسۈز،
كېيىك ئاتىمەن ئۇقسۇز.
(مەن بىر يېگانە يېتىم، ئوقۇم يوق ئوۋچىلىق قىلىمەن)

بۇ بېيىتتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «ئۆگ» دېگەن بۇ قەدىمىي سۆزنىڭ تېپىك مەنىسى «يېگانىلىك»، «خاسلىق»، «ئەقىل - پاراسەت» دېگەن مەنىلەرنى بېرىشى مۇقەررەر بولدى. «مىش» دېگەننىڭ قانداق مەنە بېرىدىغانلىقىنى مەن ھازىرچە بىلەلمىدىم. بەلكى شۇ دەۋر خەلقىنىڭ ئېغىزىدىكى ئىسىملارنىڭ ئارقىسىغا قوشۇپ ئېيتىدىغان سۈپەتكە مايىل يانداش مورفېمىلاردىن بولۇشى مۇمكىن. دەۋرىمىزدىكى يۈسۈپجان، ھاۋاخان دېگەندەك. «مىش»نىڭ ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر رىۋايەتلىقىدا ئىسىمنىڭ ئارقىسىغا قوشۇپ ناھايىتى كەڭ قوللىنىلغانلىقى مەلۇم. لېكىن، ئەسەردە بۇنىڭ سىمۋوللۇق مەنە بىلەن باغلىنىشى يوق ئىكەنلىكى ئېنىق. ئۆگلىك (ئەقىل - پاراسەت خاسلىقى)نىڭ سىمۋولى. بۇ ئىسىم ئارقىلىق يۈسۈف بوۋىمىزنىڭ دۆلەتنى ئەقىل - پاراسەت خاسلىقى ۋە روھىي كامالەت خاسلىقى بىلەن ئىدارە قىلىش ئىدىيەسى سىمۋوللاشتۇرۇلغان.

ئۇدغۇرمىش — «ئۇد» بۇيرۇق پېئىل بولۇپ غەلىبە قىلىشقا، رىقابەتتە، كۈرەشتە ئۇتۇشقا بولغان چاقىرىقنى بىلدۈرىدۇ. يەنى «غەلىبە قىل» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا كۆپىنچە «ت» تاۋۇشىنىڭ ئورنىغا «د» تاۋۇشى تەلەپپۇز قىلىنغان. مەسىلەن: «قۇتادغۇبىلىك»تىكى «اد» ھازىر «ات» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. شۇڭا ئۇدغۇرمىشتىكى «ئۇد»نى ھازىرقى تەلەپپۇز بويىچە «ئۇت» دەپ تەلەپپۇز قىلىش ئاساسىدا بۇ پېرسوناژنىڭ ئىسمىدىكى مەنە قاتلىمىغا شۇڭغۇپ كىرەلەيمىز. «ئۇتغۇر» «غەلىبە قىلغۇچى، غەلىبە قىلىدىغان، غەلىبە قىل» دېگەن مەنىلەر بىلەن باغلاپ تەھلىل قىلغاندا، ئۇدغۇرمىشنىڭ غەلىبە قىلغان پېرسوناژلىقىدىن ئىبارەت روھىي دۇنياسى ئاشكارىلىنىدۇ. ئۇنداقتا ئۇ نېمىنى ئۇتتى ياكى نېمە ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى؟ ئۇ دەل ئۆزى ئۈستى-

دىن غەلىبە قىلدى. ۋۇجۇدىدىكى چەكسىز ھوزۇر- ھالاۋەتكە ئىنتىلىشلەر قورشاۋىدىن بۆسۈپ چىقىپ، ئۆزىنى ئەقىدە- ئېتىقادىغا بېغىشلىيالىدى. يەنى ئىچكى دۇنياسىدىكى كۆرەشتە ئېتىقادى ئۈتتى. بۇ «ئۇدغۇرمىش» دېگەن ئىسمىدىكى سىمۋوللۇق مەنە (نۆۋىتى كەلگەندە يەنە تەھلىل قىلىنىدۇ).

**ئىككىنچى، ئاپتور غايىسىدىكى دۆلەتنىڭ سىمۋوللاشتۇرۇلغان قاتلىمى.**

«قۇتادغۇبىلىك»نىڭ بىر پۈتۈن ئوبراز قۇرۇلمىسىدا ھەممە جەھەتتە كامالەتكە يەتكەن قاغاننىڭ يېتەكچىلىكىدىكى قۇتلۇق مەنزىلگە قاراپ كېتىۋاتقان دۆلەت تۇرىدۇ. قاغان پەزىلەت، جاسارەت ۋە پاراسەتتە كامالەتكە يەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ياردەمچىسى بولغان ئايتولدى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئۆگدىلمىشمۇ ھەم ئاشۇ جەھەتلەردە كامالەتكە يەتكەن. كۈنتۇغدى ئېلىك ئەلنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن مۇشەققەت يۇدۇپ، دۆلەتنى ياخشى تەرتىپكە سالغانلىقى ئۈچۈن ئېلى بېيىدى. «قوي بىلەن بۆرە بىر ئېرىقتىن سۇ ئىچەلەيدىغان» بولدى. ئۇنى دوستلىرى قوللاپ ماختىسا، دۈشمەنلىرى ئاڭلاپ بويۇن ئېگىشكە مەجبۇر بولدى. بىرى ئېلىگىدىن پاناھ تىلەپ باش ئۇرسا، يەنە بىرى كېلىپ بەگلىكىنىڭ ئىشىكىنى سۆيدى. كۈنتۇغدىنىڭ شان- شۆھرىتى جاھانغا يېيىلدى، خىسلىتى ئالەمگە تارالدى. ئۇنىڭ شان- شۆھرىتى ئۈچۈن قۇتلۇق دۇئالار ياغدى. ئۇنىڭ شۆھرىتىنى ئاڭلىغان جاھان خەلقى ئۆزلىرىنى كۈنتۇغدىنىڭ سەلتەنىتىگە ئاتاپ، ئەتراپىغا توپلىنىشقا باشلىدى. شان- شۆھرەت بىلەن دۆلىتى كۈنسېرى زورايدى. جاھان ئۆزىگە بەخت كەمىرى باغلاپ، قوزا بىلەن بۆرە قېتىلىپ ياشايدىغان بولدى (449- بېيىتتىن 461- بېيىتلەرگىچە قارالسۇن).

ئۇلار پۈتۈن نىيەت- ئىقبالى بىلەن ئەل- ۋەتەننى ئويلايدۇ. شۇڭا ئەتراپىدا تالانت ئىگىلىرىنىڭ كۆپ بولۇشىنى ئىستەيدۇ. ئۇدغۇرمىشقا قايتا- قايتا ئۆگدىلمىشنى ئەۋەتىپ دۆلەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئويلايدۇ. ئۇ ئىلىم ئەھلىگە نەقەدەر تەشنا بولىدۇ. خۇددى بۇ ليۇ بېينىڭ خەن سۇلالىسىنى قايتا گۈللەندۈرۈش ئارزۇسىدا ئۆزىنىڭ ئىززەت- ھۆرمىتىنى قايرىپ قويۇپ جۇگې لياڭنىڭ بامبۇكزاردىكى كەپىسىگە ئۈچ قېتىم بېرىپ ئاران تەكلىپ قىلىپ كەلگەنگە سېلىشتۇرما. لېكىن ئۇ ئۇدغۇرمىشنى تەكلىپ قىلالمايدۇ، مانا بۇ ئەسەردىكى رېئاللىق خۇسۇسىيەت، مانا بۇ بىر تىراگېدىيە. مانا بۇلار ئاپتورنىڭ غايىسىدىكى قاغان، ۋەزىر ۋە ئۇلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دۆلەتتۇر. ئاپتورنىڭ غايىسى مانا مۇشۇنداق قاغان، ۋەزىرلەر يېتەكچىلىكىدىكى دۆلەتنى بارلىققا كەلتۈرۈش. بۇ غايە دەل «قۇتادغۇبىلىك» ئوبراز سىستېمىسى بولۇپ شەكىللەنگەن. بۇلار ئاپتور دۇنياسىدىكى مەۋھۇم غايىنىڭ تىپىك ھالدىكى كونكرېتنى سىمۋوللۇق ئوبراز ئارقىلىق گەۋدىلىنىشىدۇر.

**ئۈچىنچى، يۈسۈپ خاس ھاجىبنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسىدىكى مونولوگلىرىنىڭ دىيالوگلاشتۇرۇلغان سىمۋوللۇق قاتلىمى.**

مونولوگ سۇبيېكتىپ بولىدۇ. دىيالوگ بولسا ئوبيېكتىپ بولىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» تە ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدىغىنى دىيالوگدۇر. شۇڭا بۇ ئەسەرنىڭ مۇھىم بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى دراماتىك خۇسۇسىيەتتۇر، دېيىش شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك. دراما دىيالوگ ۋاستىسى ئارقىلىق ئوبراز يارىتىدۇ. دىيالوگنى زىددىيەت تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. دراما ئەسىرى يازغۇچىلار تۇرمۇش قانۇنىيىتىگە خاس زىددىيەت- توقۇنۇشى ئارقىلىق دىيالوگ ئاساسىدىكى ۋەقەلىكنى قانات يايدۇرۇپ، ۋەقەلىك ئىچىگە ئۆز ئىدىيەسىنى سىڭدۈرۈۋېتىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك»تىكى ئوبراز تەرەققىياتى ئاپتورنىڭ سۇبيېكتىپ رېئاللىقىدا ئەسلىدىنلا مەۋجۇت قۇرۇلمىدۇر. مەيلى ئوبيېكتىپ ئالەم بولسۇن، مەيلى سۇبيېكتىپ ئالەم بولسۇن چەكسىز باغلىنىش قانۇنىيىتى ئاساسىدا مەۋجۇت بولىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك سۇبيېكتتىكى بىلىم ۋە ئاڭنىڭ مەۋجۇت بولۇشى، تەپەككۇرنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنى شەرت قىلىدۇ. تەپەككۇرنىڭ مەۋجۇدىيىتى ۋىجداننىڭ مەۋجۇت بولۇشىنى شەرت قىلىدۇ. ۋىجدان تەپەككۇرنى ئىزچىل غىدىقلاش ئاساسىدا تىنىمسىز ھەرىكەت قىلدۇرىدۇ. ھەرىكەت ئاساسىدا تەپەككۇر كۈچلىنىدۇ ۋە ئۆتكۈرلىشىدۇ. كۈچلۈك ۋىجدان ئىگىسى بولغان يۈسۈپ خاس ھاجىبنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسى مۇرەككەپلىك ۋە زىددىيەت بىلەن تولغان. ئۈچ بۆلۈكلۈك توقۇنۇش بۆلۈكى ھاسىل قىلغان پېرسوناژلارنىڭ ئىككى ئاساسىي بۆلۈكلىرىدىن بىرى بولغان ئايتولدى بولسا، ئەل- ۋەتەنگە خىزمەت قىلىش ئۈچۈن قاغاننىڭ ئالدىغا بارىدۇ. يەنە بىر ئاساس بۆلۈكى بولغان ئۇدغۇرمىش بولسا، قاغان تەكلىپ قىلسىمۇ كەلمەيدۇ. «ئا» چوققا بۆلۈك بولغان كۈنتۇغدى-

غا «ب» بۇلۇڭ بولغان ئايتولدى ۋە ئۆگدۈلمىش ئوڭ تاناسىپتۇر، «س» بۇلۇڭ ئۇدغۇرمىش تەتۈر تاناسىپتۇر. (بۇ خىل تەتۈر تاناسىپلىق پەقەت كۆز قاراشقا قارىتىلغان، مېھىر - مۇھەببەتتە يەنىلا ئوڭ تاناسىپتۇر) ئۇدغۇرمىش («س» بۇلۇڭ) بىلەن ئايتولدى ۋە ئۆگدۈلمىش («ب» بۇلۇڭ) ئۆزئارا تەتۈر تاناسىپلىق مۇناسىۋەتنى ھاسىل قىلغان (مېھىر - مۇھەببەتتە بۇلار ئوڭ تاناسىپ).

ئۇنداقتا ئۇدغۇرمىش زادى قانداق شەخس؟ ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ دۈشمىنىمۇ؟ ياق، ھەتتا ئۇنداق ئەمەس. ئۇ تەڭرى ۋە ئىنسانىنىڭ چەكسىز مۇھەببىتى بىلەن يۇغۇرۇلغان. ئۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ سۆزلۈك بولغان شەخسىيەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ. شەخسىيەت ئادەملەردە يارىتىلىشى بىلەنلا بىللە يارىتىلغاندۇر. ئۇ سۇبيېكتىپ تارتىش قانۇنىيىتىنىڭ مەركىزىدە تۇرىدۇ. ئادەملەرنى «شەخسىيەت» دېگەن ئۇقۇمدىن ئايرىپ تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان ئىش. ئاتموسفېرا يەر شارىدا ھاياتلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇشىدا زۆرۈر شەرت بولغاندەك، شەخسىيەت ئادەم مەۋجۇدىيىتىنىڭ ئاتموسفېراسىدۇر. ئۇ يەر شارىنى ئوراپ تۇرىدۇ. شەخسىيەتمۇ ئادەم سۇبيېكتىپ دۇنياسىنى ئوراپ تۇرۇپ، ئادەمنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۈگۈنكى دەۋر غەرب مەدەنىيىتىگە ھالقىلىق تەسىر كۆرسەتكەن گېرمان پەيلاسوپى نىچشى «ئەخلاق شەجەرىسى» ناملىق ئەسىرىدە ئەخلاقنىڭ شەكىللىنىشىنى شەخسىيەت بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ. يەنى ئەخلاق ئۆلچەملىرىدىكى «ياخشىلىق» «يامانلىق» دېگەن ئاتالغۇلار ئادەملەر شەخسىيىتىنىڭ ئىپادىسى دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە «ياخشى» ئۇقۇمى «پايدىلىق»قا مۇناسىۋەتلىك. «يامان» ئۇقۇمى «زىيانلىق»، «پايدىسىز» دېگەنلەرگە مۇناسىۋەتلىك. بۇنىڭ پسىخىكا (شەخسىيەت) نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، پۈت تىرەپ تۇرالايدىغان ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ خۇلاسە قىلىدۇ («ئەخلاق شەجەرىسى» 6 - بەت).

ئادەملەردىكى شەخسىيەتنىڭ سۈپىتى پەرقلىنىدۇ. شۇڭا شەخسىيەتنى سۈپەت جەھەتتىن مۇنداق ئۈچ خىل تىپقا بۆلۈشكە بولىدۇ: بىرىنچى، ھايۋانىي شەخسىيەت. بۇ شەخسىيەتكە ئىگە ئادەملەر ۋۇجۇدىدىكى تەبىئىي ئېھتىياجلارنىڭ قۇلىغا ئايلانغان بولىدۇ. بۇ بىز نۆۋەتتە ئىستېمال قىلىپ كېلىۋاتقان تار مەنىدىكى شەخسىيەت ئۇقۇمى بولۇپ، ئادەتتە سەلبىي مەنىدە قوللىنىلىدۇ، ئىككىنچى، ئادەمىي شەخسىيەت. بۇ خىلدىكى شەخسىيەتكە ئىگە ئادەملەرنىڭ شەخسىيىتىنى ۋىجدان ۋە ئەقىل قورشاپ تۇرغان بولىدۇ؛ ئۈچىنچى، ئىلاھىي شەخسىيەت. بۇ خىلدىكى شەخسىيەتنى تەسەۋۋۇر قىلىش ۋە خۇلاسە قىلىش قىيىن بولۇپ، ئومۇمەن ئەقلىي تەپەككۇر جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى، روھىي پاكىزلىق جەھەتتە تەڭرىگە يېقىنلاشقان بولىدۇ. بابا مۇلاھىزە قىلىپ ئۆتكەن شەخسىيەتنىڭ ئىنكاسى دەپ قارالغان «ياخشىلىق»، «يامانلىق» ئۇقۇملىرىنىڭ ھەرقايسى شەخسىيەت تىپلىرىدا قىممەت جەھەتتىكى ئىپادىسى پەرقلىق ئورۇنغا ئىگە. مەسىلەن: يامغۇر ياغقان بولسا، ھايۋانىي شەخسىيەت تىپىدىكىلەر «يامان بولدى» دېيىشى مۇمكىن. ئادەمىي شەخسىيەت تىپىدىكىلەر «ياخشى بولدى» دېيىشى مۇمكىن. ئىلاھىي شەخسىيەت تىپىدىكىلەر باشقا بىر نېمە دېيىشى مۇمكىن. دېمەك، بىر خىل ھادىسىگە نىسبەتەن ئۈچ خىل تىپتىكى شەخسىيەتنىڭ ئىنكاسى ئوخشاش ئەمەس. دېمەك، ئىنكاسنىڭ سۈپىتى، شەخسىيەتنىڭ سۈپىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

ئۇنداقتا ئۇدغۇرمىش قايسى تىپتىكى شەخسىيەتكە تەۋە؟ ئۇ 3 - تۈرلۈك شەخسىيەتكە، يەنى ئىلاھىي شەخسىيەتكە تەۋە پېرسوناژدۇر. بۇنىڭدىن ھەرگىزمۇ ئىلاھىي شەخسىيەتكە تەۋە كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇدغۇرمىشتەك تەركىدۇنيا بولغان بولىدۇ، دېگەن مەنە چىقمايدۇ. ئالدى بىلەن بۇنىڭدا بىز «تەركىدۇنيا» دېگەن ئۇقۇمنى تەھلىل قىلىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ. «تەرك» دېگەن سۆز پارسچە ئاتالغۇ بولۇپ، «تاشلىۋېتىش، ۋاز كېچىش» دېگەن مەنە بېرىدۇ. بىزدە ھازىر تەركىدۇنياچىلىقنى «زاھىت»، «ئىشان» دەپ ئىستېمال قىلىش ئومۇملاشقان. تارىختا قايسى ئالىم ۋە پەيلاسوپلار تەركىدۇنيا بولمىغان؟ تەركىدۇنيا بولۇش ماھىيەتتە ئادەم ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادىن ئالىدىغان تۈرلۈك ھۇزۇر - ھالاۋەتكە ئىنتىلىش تەلەپلىرى ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ئەڭ يۈكسەك ئەقىل - پاراستىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ۋە مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلالايدىغان بىر مۇھىتقا ئېرىشىشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ ھېچكىمگە ئارىلاشمايدىغان يەككە - يېگانە ياشاش، ئۇ دۇنيانىڭ تەييارلىقى ئۈچۈن ئىبادەت بىلەنلا شۇغۇللىنىش دېگەن مەنىنىلا بىلدۈرمەيدۇ. نىچشى «ئەخلاق شەجەرىسى» ناملىق ئەسىرىدە تەركىدۇنياچىلىق ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «تەركىدۇنياچىلىق سەنئەتكارلارنىڭ نەزەرىدە ھېچنېمىدىن دېرەك بەرمەيدۇ ياكى نۇرغۇن

نەرسىدىن دېرەك بېرىدۇ. پەيلاسوپلار ۋە ئالىملارنىڭ
نەزەرىدە ئۆزىنىڭ ئەڭ يۇكسەك ئەقىل - پاراسىتىنىڭ
مەۋجۇتلۇقىنى كۆزىتىش ۋە بىۋاسىتە ھېس قىلىشقا ئىنتايىن
پايدىلىق مۇھىت ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئاياللار-
نىڭ نەزەرىدە ناھايىتى بىر سۆيۈملۈك يەمچۈك، گۈزەل
تەندىكى بىر تال نۇر. بىر خىل گۈزەل، سېمىز ھايۋاننىڭ
روھىدۇر. فىزىيولوگىيەلىك كەمتۈكلۈكى بار ئادەمنىڭ نە-
زەرىدە بىر خىل مۇقەددەس شەكىل پەيدا قىلىدىغان ئازا-
دىلىكتىن دېرەك بېرىدۇ. (بۇ ئاجىزلارنىڭ ئۆز نۇقسانلى-
رىنى يوشۇرۇش ئۇسۇلىدۇر — ئاپتور). دىندارلارنىڭ نە-
زەرىدە تەركىدۇنياچىلىق ئاساسىي ئەقىدىسى، ئەڭ ئا-
خىرقى شان - شەرىپى ۋە ئۈمىدى. يوقلۇقتا خاتىرجەملىك
تېپىشى، ئەسەبىيلىشىش شەكلىدۇر. تەركىدۇنياچىلىق
شۇنداق كۆپ نەرسىدىن دېرەك بېرىدۇكى، بۇ يەردە ئە-
پادىلىنىپ ناھايىن بولۇۋاتقان ئاساسىي پاكىت ئادەمنىڭ ئى-
رادىسى، ئادەمنىڭ مەنىسىزلىك توغرىسىدىكى ۋەھىمىسى-
دۇر.» («ئەخلاق شەجەرىسى» 112 - ، 113 - بەتلەر). ئەڭ
ئەقىلگە ئۇيغۇن كۆز قاراش قايسى؟ ئالىم ۋە پەيلاسوپ-
لارنىڭ نەزەرىدىكى كۆز قاراش ئەقىلگە ئۇيغۇن، ھەقىقىي
ماھىيەتنىڭ خۇلاسىسىدۇر. نىچشى يەنە مۇنداق دەيدۇ:
«تەركىدۇنياچىلىق غايىسى ئادەمنى بىر خىل مەنە بىلەن
تەمىنلىدى. تا بۈگۈنگە كەلگىچە بۇ ئىنسانلارنىڭ بىردىن-
بىر مەنىسىدۇر. ھەرقانداق بىر مەنە مەنىسىزلىكتىن ياخشى-
راق. مەيلى قايسى نۇقتىدىن قارىمايلى، تەركىدۇنياچىلىق
غايىسىنىڭ ئويلايدىغىنى تارىختىن بۇيانقى ئەڭ ياخشى
ۋاقىتلىق تەدبىر»دۇر. ئۇ ئازابنى چۈشەندۈردى، غايەت
زور بوشلۇقنى تولدۇردى... ئادەم يوقلۇقنى خالاشقا را-
زىكى، ئىرادىسىزلىكنى خالىمايدۇ» (116 - بەت). شۇڭا
ئۇدغۇرمىشنى نوقۇل دىنىي نۇقتىئىنەزەر مەيداندىلا
تۇرۇپ، تار مەنىدىكى تەركىدۇنياچىلىققىلا باغلاپ
قويۇش بىر تەرەپلىمىلىك. تەركىدۇنياچىلىق چەكسىز
ئىنسان تەبىئىتى قورشاۋىدىن بۆسۈپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ
بارلىقىنى ئېتىقاد - ئەقىدىسى ئۈچۈن ئاتىغان ئەقلىي ئازاد-
لىقتۇر. چۈشكۈنلۈك بۇنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. ئابدۇشۇ-
كۇر مۇھەممەدئىمىننىڭ «ئارىپلىق» چۈشەنچىسى دەل
تەركىدۇنياچىلىقنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. «60
ياش — ھايات مەنزىلىدىكى ئۆزلۈكنى يوقلاش قونالغۇ-
سى! 60 ياش — يۇكسەك سۈكۈنات، تېرەن تەلقىن پەللە-
سى» («ئارىپنامە»گە قارالسۇن.) «ئارىپ» ئەرەبچە ئا-
تالغۇ «ئويغىنىش» مەنىسىگە ئىگە. ئالىمنىڭ قارىشىچە
ئادەم 60 ياشتا «ئۆزىنى دۇنيا مەئىشەتلىرىگە بۇرما
مىختەك كىرگۈزۈپ»، ئۆز تەبىئىتىدىكى ھۇزۇر ئىزدەش
«بويۇنتۇرۇقى» ئاستىدا، ئەقلى پالەچ ھالدا بىھوش
بولۇپ ياشاش جەريانىدىن ئويغىنىپ، تولۇق ئەقىل تىز-
گىنىگە بويسۇنۇش مەنزىلىكەن. ئەلۋەتتە 60 ياشتىن
بۇرۇن ئويغىنىدىغانلارمۇ، 60ياشقا كىرگەندىن كېيىنمۇ
ئويغانماي باقىيغا ئۇلىشىدىغانلارمۇ بولىدىكەن، مانا بۇ
ئوبرازچانلىقى كۈچلۈك تەركىدۇنيا ئېنىقلىمىسى.

شۇنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەككى، ئۇدغۇرمىش
يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزى ئۈستىدىن غالىب كېلىپ،
ئەقلىي ئازادلىققا ئېرىشكەن مەنىۋىيىتىنىڭ سۈزۈكلۈكىگە
سىمۋول قىلىنغان پېرسوناژدۇر. كۈچلۈك ۋىجدانىغا، مىس-
لىسىز تەپەككۇر ئىقتىدارىغا ئىگە ئاپتور ئۆزىنىڭ مەنىۋى
سۈزۈكلۈكىنى ساقلاش يولىدا قاتمۇقات زىددىيەت قاينى-
مىغا غەرق بولغان. مەنىۋىيىتىدىكى زىددىيەتلىك مونولوگ-
لارنىڭ تىپىك ئىپادىسى دەل ئۆگدىلمىش بىلەن ئۇدغۇر-
مىشنىڭ مۇنازىرىلىرىدۇر. بۇ مۇنازىرە ئەسەرنىڭ ئاخىر-
غىچە مۇرەسسەلەشمەيدۇ. يەنە ئاخىرىدىكى سىمۋوللۇق
ئوبرازلار قۇرۇلمىسى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغان ئاپتور-
نىڭ ھەسرەتلىك لىرىكىلىرى ئادەمنى چوڭقۇر ئويغا سال-
دۇ:

«... نىچە سۆزلىسەم تۈگىمەس يەنە سۆز،
قىلاي بەس سۆزۈڭ بارمۇ، ئەمدى كېتەي مەن.
تاپالمىدىم مۇندا ياخشىلىقنى مەن،
شەھەر، يۇرتۇمنى تاشلاپ كىشىلەردىن قاچاي مەن.
ئاتىم بىلمۇسۇنلەر، مېنى كۆرمىسۇنلەر،
تىلەپ تاپمۇسۇنلەر، سۆزۈمنى كېسەي مەن.
چاياندەك چاقۇرلەر، چۈينىدەك شورارلەر،
ئىتتەك قاۋارلەر، قايسىنى ئۇراي مەن.
ئەلەم يەتتى ماڭا جاھىللار ئارا،
پۇشايماندا كۆپ - تۆپ نىچۈك يۈك يۈدەي مەن...»
(6598 - بېيتتىن 6604 - بېيتكىچە).

ئاپتور نېمىدىن قاچماقچى؟ ئۆزىنى بىزار قىلغان،
پاكىز روھىغا چاڭ - توزاندىلارنى توزۇتۇۋاتقان سەسكەن-
دۈرگۈچى رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، يېگانىلىقنى ئىز-
دەۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن بىز ئاپتورنىڭ ئۇدغۇرمىشقا قانداق
پوزىتسىيەدە بولغانلىقى يەنىمۇ ئېنىقسىزلىشىدۇ. ئادەم
قانچە تالانتلىق ۋە ئەقىل - پاراسەتلىك بولغانسېرى،

روھىي جەھەتتىن قانچە پاكىز بولغانسېرى ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ شۇنچە چەتكە قېقىشىغا ئۇچرايدۇ، شۇنچە يېتىم قالىدۇ. ئۆزىنى ئىپادىلەيدىغان، ئورتاقلىشالايدىغان مۇھىت ئىزدەيدۇ. ئىزدەپ تاپالمىغاندىن كېيىن يېگانە ھالدا ئايىغى چىقماس مونولوگلار ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ. پەقەت شۇنىڭدىنلا ھۇزۇر ھېس قىلىدۇ. ئاقىۋەتتە ۋۇجۇدى ئەنە شۇنداق مۇرەككەپ زىددىيەتكە تولغان بولىدۇ. دېمەك، ئۇدغۇرمىشقا ئاپتورنىڭ مەلۇم پوزىتسىيەسى سىڭگەن بولۇپ، ئاپتور ئىلاھىي شەخسىيىتىنىڭ سىمۋوللۇق سىماسىدۇر. بۇ سىمۋوللۇق قاتلام ئىچىدە بەلگىلىك مۇددىئا ئارىلاشتۇرۇلمىغان ساپ سۇبيېكتىپ رېئاللىق ياتىدۇ. ئوبرازلارنى قەستەن يايپىلاقلاشتۇرۇپ، ئۈستۈن روھ ۋە يۇقىرى تەپەككۇر قانۇنىيىتىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئۆزىمىزنىڭ تار شەخسىي ھېسسىيات ۋە تار تەپەككۇر چەمبىرىكى ئىچىگە قويۇپ تەھلىل قىلغاندا، بۇ مىسلىسىز بەدىئىي ۋە ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ئەسەرگە ھاقارەت قىلغان بولىمىز. تۆۋەندە يەنە ئاپتورنىڭ سۇبيېكتىدىكى زىددىيەتنىڭ ئەسەردىكى ئىپادىسى توغرىسىدا يەنە بىر نۇقتىدىن تەھلىل ئېلىپ بارىمەن.

بۇنى يەنە مۇنداقمۇ تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ: بىر بۈيۈك ۋىجدان ئىگىسى ۋە ئەقىل-پاراسەت ئىگىسى ئەنە شۇنداق زىددىيەتلىك ۋە مۇرەككەپ بولىدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ بۇ خىل تىپتىكى ئادەملەر ئۆز ۋىجدانىنىڭ سورىقىغا ھەر ۋاقىت تارتىلىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، مەسىلىلەرنى ناھايىتى ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىپ تۇرغانلىقى، مەسىلىلەر توغرىسىدا ئالدىراپ ھۆكۈم چىقارمىغانلىقى، ھېسسىياتلىق تەپەككۇرغا ئەمەس، ئەقلىي تەپەككۇرغىلا تايانغانلىقى ئۈچۈن سۇبيېكتى زىددىيەتلىك بولىدۇ. ئاندىن روھىي تۆۋرۈكى بولغان كۈچلۈك ۋىجدان سوتى سەردارىم تەپەككۇرنىڭ خۇلاسىسى بولغان بىلىمنىڭ ئەمەلىي رېئاللىققا ئۇيغۇن بولغان-بولمىغانلىقىنى ئۆزىنىڭ قانۇنىي تارازىسىغا سېلىپ سوتلاپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەپەككۇرنىڭ تەرەققىياتى تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىشقا باشلايدۇ. تەپەككۇر چوڭقۇرلىغانچە زىددىيەتلىك تەرەپلەر يەنىمۇ كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. «كۋانت مېخانىكا نەزەرىيەسى» بويىچە ئېيتقاندا: «شەيئىنى قانچە چوڭقۇر تەتقىق قىلغانسېرى ئېنىقسىزلىق شۇنچە روشەنلىشىدۇ» ۋىجدان ۋە ئاقىل ئىگىلىرى مەسىلە توغرىسىدا ئىتتىك ھۆكۈم چىقارمايدۇ. ئېينىشتېين نوبېل مۇكاپا-

تىنى ئېلىش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن سۆزىدە «ھامىنى ئۆلۈپ كېتىدىغان بىزلەرنىڭ تەقدىرىمىز نېمە دېگەن بىمەنە-ھە» دەيدۇ. لېكىن ئۇ بىمەنە ھېس قىلىپ تۇرۇپمۇ ئۆزىنى تاشلىۋەتمىدى. ئالەم توغرىسىدىكى ئۈزلۈكسىز ئالدىغا تاشلىنىپ تۇرۇۋاتقان «نېمە ئۈچۈن»لەرنىڭ ئارقىسىدىن بىر ئۆمۈر ئىزدەندى. ئاقىۋەتتە دۇنيا ئالىملىرى تەھلىل تەتقىق قىلىپ بىر باشقا ئېلىپ چىقالمايۋاتقان ھەققەتنىڭ خۇلاسىسىنى تاشلاپ قويۇپ كەتتى. ئاتوم بومبىسىنى ئۆزى كەشىپ قىلدى-يۇ، ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان پاجىئەنى كۆرۈپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئازابلاندى. ئۇنىڭ تەتقىق قىلىپ بولالمىغان مەسىلىسى نېمە بولغىيتى؟ ئۇ دىيالوگقا ئايلانماي مونولوگ پېتىچىلا ئۆزى بىلەن بىللە كەتتى. ناھايىتى ئېنىقكى، ئالەم ۋە ھاياتلىق يەنە شۇ «سىر» پېتىچە تۇرۇپتۇ...

مانا بۇ ئۇلۇغلارنىڭ يۈرىكى، ئۇلۇغلارنىڭ قاتمۇقات زىددىيەتكە تولغان مونولوگلىرى. ئۇلۇغلار ھېسابسىز مونولوگلىرىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتتى. ئىنسانىيەت پەيدا بولغاندىن باشلاپ ئاۋام ئالدىدا گەۋدىلەنمەيلا ئۇ دۇنياغا كەتكەن بىباھا قىممەتكە ئىگە مونولوگلار ھېسابسىز بولۇشى مۇمكىن. پەقەت مەلۇم بولغانلىرى توغرىسىدا كېيىنكىلەر مانا مۇشۇنداق پىكىر يۈرگۈزۈپ تۇرىمىز. ئاندىن داۋاملاشتۇرۇپ بولالمىغان «نېمە ئۈچۈن؟»لەرگە يېپىشىپ ياشايمىز.

ستېفېن خاۋكىڭنىڭ تەقدىر توغرىسىدىكى كۆز قارىشىمۇ زىددىيەتلىك. ئۇ تەقدىرنى ھەم ئىنكار قىلىدۇ، ھەم مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ: «تەقدىرچىلەر پەرۋەردىگار ھەممىگە قادىر دەيدۇ. ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا ئەركىن ئىرادە نېمە قىلسۇن؟ ئەگەر بىزدە ئەركىن ئىرادە بولمىسا، ئۆز ھەرىكىتىمىزگە قانداق ئىگە بولالايمىز؟ ناۋادا بىر ئادەمنىڭ پېشانىسىگە بانكا بۇلاش پۈتۈلگەن بولسا، ئۇنىڭ بانكا بۇلىغىنىنى گۇناھ دېگىلى بولمايدۇ. ئۇ نېمە ئۈچۈن مۇشۇ قىلمىشى ئۈچۈن جازاغا تارتىلىدۇ؟» ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ھەممە ئىش تەقدىرگە باغلىقمۇ؟ دېگەن سوئالغا ‹شۇنداق› دەپ جاۋاب بەرمەي بولمايدۇ. بىراق بۇ سوئالغا ‹ياق› دەپ جاۋاب بېرىدىغان ئىشلارمۇ بار. چۈنكى، پېشانىمىزغا نېمىنىڭ پۈتۈلگەنلىكىنى مەڭگۈ چۈشىنىپ بولالمايمىز.» مانا بۇ دۇنياۋى بۈيۈك ئالەمشۇناس فىزىكا ئالىمى خاۋكىڭنىڭ تەقدىر توغرىسىدىكى

زىددىيەتلىك مونولوگلىرى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئالەم توغرىسىدا، ئالەمدىكى كۈن، ئاي، يەر... دېگەندەك تۈرلۈك يۇلتۇز ۋە پىلانېتلار توغرىسىدا، ھاياتلىقنىڭ سىرى، ئىجتىمائىي رېئاللىق، كىشىلىك مۇناسىۋەت، دۆلەت، ئۇنىڭ قانداق بولغاندا ھەققىي دۆلەتكە ئايلىنىدىغانلىقى، ئادىمىيەت ئىلمى، يەنى ئادەمنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسى... دېگەندەك تۈرلۈك تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەردە دىنىي ۋە ئىلمىي نۇقتىدا تۇرۇپ ناھايىتى ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ھەتتا جەڭ مەشىقى، يەنى جانبازلىق ئىلمىنىمۇ تەتقىق قىلغان ۋە بۇنىڭدا ئەمەلىيەت جەھەتتىمۇ پىشىپ يېتىلگەن. ئۇ يېتىلگەن جانباز بولۇپ، «ئەلەم ۋە قەلەمدە كامىل» دېگەن ئاتاققا ئۇيغۇن كىشىدۇ. قەدىمكىلەرنىڭ، جۈملىدىن يۇنان پەيلاسوپلىرىنىڭ، ئالىملىرىنىڭ بىلىملىرىنى بىرلىپ تەتقىق قىلغان. ئۇ فارابى روھىنىڭ ۋە ئىدىيەسىنىڭ ۋارىسى، شۇڭلاشقا ئۇنى ئەڭ يۈكسەك بەدىئىي پەللىگە كۆتۈرگۈچى. رىشات گەنچ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن 11-ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىگە نەزەر» ناملىق كىتابىدا: «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسىرىگە قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئاسترونومىيە، خىمىيە، جۇغراپىيە، ماتېماتىكىغا ئوخشاش تەبىئىي پەنلەرگە ئاشىق ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ، ھەتتا ئۇ ئۇئوكلىدنىڭ گېئومېترىيەسىنى ئۆگىنىشنى ئالىملارغا تەۋسىيە قىلىدۇ. بۇنىڭغا قاراپ دېيەلەيمىزكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ شۇ دەۋرگە نىسبەتەن ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە تەربىيەلەنگەن.» (266-بەت) دېگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بىر ئۆمۈر جان تىكىپ ئۆگەنگەن ۋە ئەمەلىيەت جەريانىدا خۇلاسىلىگەن بىلىملىرى، ئەقىل-پاراستى، خاس تەبئىتى، دىنىي ۋە پەننىي دۇنيا قارىشى، ئالەم توغرىسىدىكى خاس تەسەۋۋۇرلىرى، شۇڭلاشقا ئۆزى ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي رېئاللىقتىكى ھەل قىلىش مۇرەككەپ بولغان زىددىيەتلەرگە بولغان كۆزقاراشلىرى... قاتارلىقلار ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا مۇرەسسەسىز قاتمۇقات زىددىيەت توقۇنۇشنى پەيدا قىلغان. بولۇپمۇ ئۇ ياشاۋاتقان رېئاللىقتىكى ئادەملەر ۋە شۇ ئادەملەرنى ئاساس قىلغان ۋەتەن بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا مېھىر-مۇھەببەت بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئادەملەرنىڭ روھى ۋە تەپەككۇرى ئوتتۇرىسىدا غايەت زور ئارىلىق بار ئىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى (شەخسىيىتى) ئورتاقلىققا ئىگە بولمىغان رېئاللىقتىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ كېتىپ، يىگانىلىك ئىزدەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىدىيەۋى غايىسى بىلەن ۋۇجۇدى تەلەپ قىلىۋاتقان بۇ خىل ئىنتىلىش ئوتتۇرىسىدا كەسكىن توقۇنۇش كېلىپ چىقىدۇ. بۇ خىل زىددىيەت توقۇنۇشى بىر-بىرى بىلەن ھەم مۇرەسسەلىشىدۇ ھەم مۇرەسسەلەشمەيدۇ. مەسىلەن: ئۇنىڭ ئەقىل-پاراستىگە سىمۋول قىلىنغۇچى ئۆگدۈلمىش قاغان، دۆلەت ۋە ئەلگە ئەقىدە قىلىدۇ، قېرىندىشى ئودغۇرمىشقىمۇ چەكسىز ئەقىدە قىلىدۇ. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر مېھىر-مۇھەببەت مەۋجۇت. لېكىن ئودغۇرمىش بىلەن دۇنيا قاراش جەھەتتە پەرقلىق زىددىيەتكە تولغان. بۇ خىل پەرق ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرىدە يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ. (46-بابتىن 53-بابقىچە)، بۇلارنىڭ ماھىيەتلىك ئاساسىنى يۇقىرىدا، يەنى تەركىدۇنياچىلىق توغرىسىدا تەھلىل يۈرگۈزگەندە مۇھاكىمە قىلغانىدىم.

دېمەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ خىل مۇرەككەپ سۇبيېكتىپ دۇنياسىنى ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز سىمۋوللۇق تەپەككۇر ئاساسىدا «قۇتادغۇبىلىك» دەپ ئاتالغان، سىمۋوللۇق خۇسۇسىيىتى قىيامىغا يەتكەن گىگانت ئوبراز چوققىسىنى شەكىللەندۈرگەن.

**پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار:**


1. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985-يىل نەشرى.
2. بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر توغرىسىدا 12 لېكسىيە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە، 2010-يىلى، 10-ئاي نەشرى.
3. ستېفېن خاۋكىڭ: «ۋاقىتنىڭ قىسقىچە تارىخى» (1-، 2-قىسىم)، «خاۋكىڭ نۇتۇقلىرى»، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى، 2005-يىلى 8-ئاي نەشرى.
4. فرىيدرىخ نىچشى: «ئەخلاق شەجەرىسى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2015-يىلى نەشرى.
5. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن: «قۇتادغۇبىلىك خەزىنىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1999-يىلى نەشرى، «ئارىفنامە»، شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى. 2013-يىلى نەشرى.
6. رىشات گەنچ: «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن 11-ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىگە نەزەر»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2010-يىل 12-ئاي نەشرى.


---

ئاپتور: قەشقەر شەھەرلىك 16-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى



# سەمەرقەنت چۈشلىرى

ئابلىمىت مۇھەممەت ماڭلاي

ھەممە كىشىنىڭ ئۆز كەچۈرمىشلىرىگە ۋە ئارزۇ-ئارمانلىرىغا بېقىپ، ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدىن تاكى قىرانلىق دەۋرلىرىگە قەدەر رەڭگارەڭ گۈزەل چۈشلىرى ۋە خىلمۇخىل تاتلىق ئارزۇ-ئارمانلىرى بولىدىكەن. مەنمۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىم بوستانلىقىدىكى يەكەن دەرياسى بويىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۇيغۇر زىيالىيسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ھەر خىل گۈزەل ئارزۇ-ئارمان ۋە تاتلىق خىيال ئىلكىدە ياشاپ ئاجايىپ چۈشلەرنى كۆرۈپ كەلدىم.

بۇنىڭ ئىچىدە تا ھازىرغىچە ئوڭۇمدىمۇ-چۈشۈمدىمۇ كۆرۈۋاتقىنىم سەمەرقەنت چۈشلىرى بولۇپ، ئۇ — پۈتكۈل روھىيىتىمنى ۋە ئارزۇ-ئارمانلىرىمنى گويا جەننەت كەبى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىپ كەلمەكتە... بەلكى ئۇ ماڭا رېئاللىقتىكى جەننەتتەك بىلىنىدۇ. چۈنكى، سەمەرقەنت خۇددى بۇخارا، قەشقەر-يەكەنلەرگە ئوخشاش قەدىمىي ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئالتۇن بۆشۈكلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئون نەچچە ياش چاغلىرىمدىن باشلاپ «فەرھاد-شىرىن»، «لەيلى-مەجنۇن»، «ھايات بېغى»، (ئەلىشىر نەۋائىينىڭ پۈتكۈل ھاياتى تەسۋىرلەنگەن) «چىڭگىزخان»، «ئۆتكەن كۈنلەر»، «مېھرابتىن چايان»، «ئوقۇتقۇچى»، «قۇتلۇق قان»، «داخوندا»، «پولات قانداق تاۋلاندى»، «خوجا نەسىردىن ھەققىدە قىسسە»، «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»، «نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى»، «ئالتۇن يۇلتۇز»، «بوتا كۆز»، «تاراس بولبا»، «ئالتۇن يۇلتۇز كاۋالىرى» قاتارلىق رومان-داستانلار بىلەن ئۇچرىشىپ، ياش قەلبىمگە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ تۇنجى ئۇرۇقلىرى چېچىلغانىدى، ئەمدى 50 ياشلاردىن ئاشقاندا، «ئېغىر تىنىقلار»، «باھادىرنامە»، «سۇنغان قىلىچ»، «يۇلتۇزلۇق تۈنلەر»، «تۇغلۇق تۆمۈر» قاتارلىق زامانىمىزنىڭ داڭلىق ئەدەبىي، تارىخىي ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ ھۇزۇرلانغانغا قەدەر ئۆمرۈمنىڭ يېرىمى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخ مەدەنىيەت-سەنئىتى گۈلزارىدا سەيلە-ساياھەتتە بولۇپ ئۆتۈپتۇ، رومان ۋە ئەسەرلەردە تەسۋىرلەنگەن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ھاياتى، خانلىق سەلتەنەت تارىخلىرى، خەلق تۇرمۇشلىرىدىكى ھەر بىر كونكرېتنى شەخسىي ۋەقەلەر قەلبىمگە خۇددى مەرمەر تاشقا ئويۇلغان ئابىدىلەردەك پۈتكۈل ئىدىيەۋى روھىيىتىمگە سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، مېنى ئاشۇ قەدىمكى مەدەنىيەت گۈلىستانىغا قايتا باشلاپ باراتتى. مەن ئۆز روھىيىتىمنى بەزىدە قەدىمىي قارا خانىلار سۇلالىسى، چاغاتاي خانلىقى، تۆمۈرىيلەر دەۋرىدىكى ھەرقايسى چوڭ شەھەرلەردە يۈرگەندەك ھېس قىلسام يەنە بەزىدە پايتەخت ئاسمىنىدا ھەيۋەتلىك كۆككە تاقاشقان خان ئوردىسى ئەتراپىدىكى چارباغلاردا ياكى مەرمەر تاشلىق مەيدان-سەينالاردىكى ھەر خىل فونتانلار ئېتىلىپ تۇرغان چىنارلىق كوچىلاردا سەيلە قىلىپ يۈرگەندەك كۆرىمەن. گاھىدا يەنە چىڭگىزخاننىڭ ياۋرو-ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدا ئات چاپتۇرۇپ نەرە تارتىپ، قىلىچ ئوينىتىپ كېلىۋاتقان زەپەردەس قوشۇنلىرى ئىچىدە توختىماي ئالغا قاراپ چېپىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلسام، يەنە گاھىدا، چاغاتاي تۇغلۇق تۆمۈر ۋە ئەمىر تۆمۈرلەر سەلتەنىتىدىكى تاشكەنت-يەكەن، قەشقەر، سەمەرقەنتنىڭ ھەيۋەتلىك

خان ئوردىلىرى، كۇتۇپخانا، رەسەتخانا، مەسچىت- خانى-
قالاردا زىيارەت قىلىپ يۈرگەندەك ھېس قىلىمەن. يەنە
شۇنىڭدەك قەدىمكى زامان تارىخىنىڭ شاھىتلىرى ۋە ئا-
ساسچىلىرى بولغان ئۇلۇغ ئالىم، مۇتەپەككۇر، شائىر-
ئەدىبلەر، تارىخشۇناس- مۇنەججىملەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا
ئارخىتېكتورا نەققاشچىلىق، رەسساملىق ئىلمىنىڭ مەشھۇر
ئۇستازلىرىنىڭ سۆھبەتلىرىگە نائىل بولغاندەك ھېس
قىلىسام، يەنە بۇخارا- سەمەرقەنتتىكى ئۇلۇغ پىر- ئۇستاز-
لىرىنىڭ مەقبەرە- مازارلىرىنى زىيارەت قىلىپ، ئاجايىپ
يۈكسەك ھۆرمەت ۋە سېغىنىش تۇيغۇسى بىلەن ئېتىخار-
لىق ئىچىدە ئاشۇ بۈيۈك مەدەنىيەت دەرۋازىلىرىغا قايتا
قايتقاندەك شېرىن- سۆيگۈ ھالىتىدە مەست بوپ كېتى-
مەن.

تاتلىق ئارزۇلار ئىلكىدە يەنە چوڭقۇر سېغىنىش ۋە
ھۆرمەت تۇيغۇسى ئىچىدە سەمەرقەنت بۇخارانىڭ
بۇلبۇل ۋە تۇتىيالار قانات قېقىپ ئۇچۇپ يۈرگەن توز،
كېپىنەكلەر يايلاپ يۈرگەن ھەر خىل دەل- دەرەخ، گۈل-
گىياھلار ھەممىلا جايغا سايە تاشلاپ تۇرغان، پورەكلەپ
ئېچىلغان خۇش پۇراقلىق گۈل ھىدلىرىغا تولغان رەستە،
كوچىلىرىنى سەيلە قىلىپ ئۇنىڭ ئىچىگە جايلاشقان كۇ-
تۇپخانا- رەسەتخانىلىرىغا قەدەم تەشرىپ قىلغاچ نەققاش-
لىق تەكچىلەرگە تىزىپ قويۇلغان ھەر خىل نادىر ئىلمىي
ئەسەرلەردىن، كاتتا رەسىم، خۇشخەتلەردىن مەنىۋى
زوق ئېلىپ، تەپەككۇر- خىيال ئاسمىنىدا ئۇزاق- ئۇزاق
زامانلارغا پەرۋاز قىلغاندەك بولىمەن.

شۇغىنىسى ئاجايىپكى، زامانىمىزدىكى بۈگۈنكى كۈن-
لەردىمۇ ئون ئىككى مۇقام ۋە باشقا قەدىمىي كلاسسىك
مۇزىكا- ناخشىلارنى ئاڭلاپ، لەرزان ئۇسسۇللاردىن
بەھرە ئالغان مىنۇتلاردىمۇ، مەن خۇددى قەدىمكى خان
ئوردىسى بەزمە- باراۋەتلىرىدە ياكى ئەلنەغمە- ناۋا
سورۇنلىرىدا ئولتۇرۇۋاتقاندەك ئۇسسۇل- مۇزىكىنىڭ يې-
قىملىق رىتىمى ۋە ئۇنىڭ سېھرىي تەسىرىدە پۈتۈن قەلب
دۇنيارىم ئويغۇر ئەدەبىيات- سەنئىتىنىڭ بۈيۈكلۈك ئالە-
مىدىن لەززەت ئېلىپ، يىراق مەدەنىيەت ئاسمانىدا
پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇپ بارغاندەك قاتتىق ھاياجان ۋە
ئېتىخارلىققا چۆمىمەن. ئېھتىمال ئاشۇ گۈزەل ئارزۇ- ئار-
مانلار ۋە تاتلىق خىياللار مېنىڭ ھەقىقىي جەننىتىم،
بەلكى مېنىڭ بۇ دۇنيالىقىم ۋە ئۇ دۇنيالىقىم بولسا
كېرەك!

ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت خاندانلىقىنىڭ تەبىئەتتى-
كى بۈيۈك ئوردىسى مېنىڭچە بولسا تەڭرىتاغ ۋە ئۇنىڭ-
غا جايلاشقان تۆمۈر چوققىسى (دېڭىز يۈزىدىن 7443
مېتىر ئېگىز)، خانتەڭرى (6995 مېتىر) ۋە بوغدا چوققى-
لىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بېشىدىكى تەبىئەت ئانام ئۆز
قولى بىلەن كىيگۈزگەن ئاپپاق قارلار ۋە يېشىل ياقۇت-
لار بىلەن بېزەلگەن شاھلىق تاجىسى مۇقەددەس ۋە ئۇ-
لۇغلۇقنىڭ ئەبەدىي بەلگىسى ئىدى! ئۇ نەچچە 1000
يىللار مابەينىدە ھېچبىر چىركىنسىز ھەيۋەت بىلەن
مەڭگۈ قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا. تەڭرىتاغنىڭ غەربىگە
جايلاشقان ئىلى، تارىم دەريالىرى، تەڭرىتاغلىرىنىڭ غەر-
بىگە جايلاشقان ئامۇ- سىر دەريالىرى ۋە ئۇلارنىڭ كەڭ
ۋادىسىدا ياشاۋاتقان ئەزىز ئوغلانلار ئۆزلىرىنىڭ ئاتا
تېغى تەڭرىتاغنىڭ ئېتەكلىرىدە ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت
كۆزى ئېچىلغاندىن بۇيان ئانا دەريا بويلىرىدىكى يېپەك
يولى ئەتراپلىرىدىن يىراق كەتمەي، ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاق
ئىجتىمائىي مەدەنىي ھاياتىنى ئەبەدىي داۋاملاشتۇرۇپ
كەلمەكتە. ئۇلار مەدەنىيەتنىڭ سەلتەنەت تۇغ- ئەلەملى-
رىنى تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدىكى قەدىمىي شەھەرلىرى
بولغان ئىدىقۇت، يارغول، تۇرپان، ئالمىلىق، كۇچا،
ئاقسۇ، يەكەن، بالاساغۇن، تاشكەنت، سەمەرقەنت، بۇخا-
را، قەشقەر، ھىرات، دېھلى ئاسمىنىدا نەچچە ئون ئەسىر-
لەر لەپىلدىتىپ كەلدى، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە تەڭرىتاغ، قا-
راقۇرۇم تاغلىرىدىن ھاسىل بولغان تارىم دەريا ۋادىسى
مەدەنىيەت گۈلستانىنى ھەممە ماۋرەھنەھرى- پەرغانى-
دىن ئىبارەت مەڭگۈلۈك شەرق مەدەنىيەت گۈلستانىنى
بەرپا قىلدى. بىزدىكى ئۇنىڭغا بولغان سۆيگۈ- مۇھەب-
بەت، ئۇنىڭغا بولغان ئارزۇ- ئىشتىياق ۋە گۈزەل ئارزۇ-
ئارمانلارنىڭ كۆچىگە ھېچ نىمە توغرا كەلمىسە كېرەك
ئەلۋەتتە! دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرلىرى-
دە تەڭرىتاغلىرىنىڭ شەرقى ۋە غەربىدىكى ئالمىلىق ۋە
ئىلى دەريا ۋادىلىرىدا چاغاتاي- موڭغۇل مەدەنىيىتى شە-
كىللەنگەن بولسا، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى- قاراقۇرۇم تاغلى-
رىنىڭ شىمالىدا تارىم دەريا ۋادىسىنى ئانا يۇرت قىلغان
تارىم مەدەنىيەت ئەندىزىسى بەرپا قىلىندى. بۇ گۈزەل
ۋادىغا مەيلى ھونلار، جوجانلار، ساكلار، ئارىيانلار،
تۈركلەر، قىتانلار، موڭغۇللار ياكى مانجۇلاردەك
كۆچلۈك مىللەتلەر كەلسۇن بەلكى بۇ بىپايان كەڭ
زېمىن بۇددىزىم دەۋرىدە تۇرسۇن ۋە ياكى ئىسلامىزم

دەۋرىدە تۇرسۇن، تارىم ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئەڭ ئاخىرقى ھېسابتا ئانا مەدەنىيەت سۈپىتىدە بارغانسېرى مۇكەممەللىشىپ بارماقتا. ئۆز تارىخلىرىمىزدا تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىگە مىليونلىغان كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ سودا كارۋانلىرى كېلىپ كەتكەن بولسۇن ياكى ھېسابسىز خاقان، سۇلتانلار بارگاھلار قۇرغان بولسۇن، ئۇلار خۇددى بىر مەزگىللىك قاتتىق ياغقان قاردىن كېيىنكى كەلكۈن سۈيىدەك تەكلىماكان قۇملۇقىغا سىڭىپ كەتتى. ئەمما بىز — بۇ بۈيۈك ئانا تۇپراقنىڭ غوجايىنلىرى، تارىم سۈيىدىن كۆچ - قۇۋۋەت ئېلىپ خۇددى قەيسەر توغراقلاردەك مەغرۇر ياشاپ كېلىۋاتىمىز، بەلكى مەڭگۈ ياشايمىز.

دېمەك، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگو تۇپرىقىدىكى ئاشۇ قەدىمكى ھايات، ئاشۇ قەدىمكى مەدەنىيەت ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمىي مەدەنىيەت تارىخى مېنىڭ مەڭگۈلۈك ئارزۇ - ئارمانلىرىم ۋە ھاياتىمدىكى ئەڭ گۈزەل چۈشلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يېرىم ئەسىرلىك ئىجتىمائىي ھاياتىمنى ئەسلىگىنىمدە شۇنىڭدەك ئۆزۈمنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلما - ساپايىمنى دەڭسەپ باققىنىمدا، شۇنداق خۇلاسىگە كېلىپ قالدىمكى: مەدەنىيەت ھەرگىزمۇ يەككە - يېگانە، بىر خىل قېلىپتا، بېكىنمە ھالەتتە ھەمدە توختام سۇدەك بولماستىن بەلكى ئۇ رېئال دۇنياغا يۈزلەنگەن، كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن، ئىلىم - پەنگە يۈزلەنگەن، رېئاللىققا ماسلاشقان ھەمدە داۋاملىق تۈردە ئالغا قاراپ راۋاجلىنىدىغان، يەر شارىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىدىكى مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى ئۆزىگە داۋاملىق قوبۇل قىلىپ، ئۆز - ئۆزىنى بېيىتىدىغان ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يۈكسەلدۈرۈپ ماڭىدىغان ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئېقىمى بولۇپ، ئۇ ئىنسانىيەتكە يېڭىلىق، يۈكسىلىش ۋە بەخت - سائادەت ئېلىپ كېلىدۇ، مەنمۇ ئۆز ھاياتىمدا داۋاملىق تۈردە ھەر خىل مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى قوبۇل قىلىپ ۋە ئۇنى ئۆگىنىپ، ئۆزۈمنىڭ مەنىۋى ھاياتىمنى بېيىتىش بىلەن مەدەنىيەت ساپايىمنى ئۆستۈرۈپ، كىشىلىك دۇنيا قارىشىمنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتىمەن، جۈملىدىن كىشىلىك ھايات مەدەنىيەت تۇرمۇشۇمدا يېڭىچە يۈكسىلىشلەرگە قەدەم قويۇۋاتىمەن.

مەدەنىيەتتىكى گۈزەل چۈشلەر ۋە ئارزۇ - ئارمانلار ھەقىقەتەن سۆيۈملۈك! ئۇ كىشىلىك ھاياتنىڭ مەڭگۈلۈك ئىلھامچىسى، شۇنىڭدەك مەڭگۈ ئالغا قاراپ يۈكسىلىشتىكى كۈچ - قۇۋۋەت مەنبەسىدۇر.

ئەمما رېئال تۇرمۇشتىكى تەجرىبىلەر بىزگە شۇنى ئەسكەرتىدۇكى: كىشىلىك تۇرمۇشتىكى گۈزەل ئارزۇ - ئارمان، شېرىن چۈشلەر ئەلۋەتتە رېئال دۇنيادىن ئايرىلالمايدۇ. بەلكى ئۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. يەككە - يېگانە، ئارزۇ - ئارمان ئۆزى يالغۇز كۆرگەن شېرىن چۈشلەر، كۈندۈزدىكى رېئاللىققا ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدىكى ئەمەلىي ئەھۋاللارغا ماس كەلمەسلىكى، بەلكى تەتۈر چىقىپ قېلىشى مۇمكىن. ۋاھالەنكى، مەدەنىيەتتىكى ئارزۇ - ئارمانلار مەلۇم بىر بېكىنمە ھالدىكى زامان ۋە ماكانغا باغلىنىپ قالغان بولمايدۇ ھەمدە ئۇنى جۇغراپىيەلىك كىچىك دائىرە ئىچىگە سولىۋالغىلىمۇ بولمايدۇ. شۇڭا مەدەنىيەت ئارزۇلىرىنى كۆكتىكى سان - ساناقسىز يۇلتۇزلارغا ئوخشاش ئىناق ھالدا ئۆز نۇرىنى چاچقۇزۇپ ھەر قايسى مەدەنىيەت يۇلتۇزلىرىنىڭ رولىنى خۇددى قۇياشقا ئوخشاش پارلاتقۇزۇش، ئايغا ئوخشاش قەدىرلەش كېرەك!

دېمەك، يېقىن كەلگۈسىدە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى، شەرقتىن كۆتۈرۈلگەن جۇڭخۇا شەرق مەدەنىيىتىنىڭ ئالتۇن قۇياشى بىلەن تەڭ يىپەك يولى ۋادىلىرىدىكى كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنىنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇپ، ئۇلۇغ جۇڭگو ئارزۇسىغا جۆر بولغان ھالدا ئىنسانىيەت تارىخىي تەرەققىياتىغا يېڭى تۆھپىلەر قوشقۇسى! خۇددى «كۈننى ئېتەك بىلەن ياپقىلى بولماس» دېگەن تەمسىلگە ئوخشاش، مەدەنىيەتتىكى ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق تەرەققىياتىنى ھەرگىز توسۇۋالغىلى بولمايدۇ. دۇنياۋى مەدەنىيەت ئاتموسفېراسىنى ئېتەك بىلەن ياپقىلى، ئۇنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىنى ئارقىغا چېكىندۈرگىلى بولمايدۇ. ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىگە قارشى ھەرقانداق ھەرىكەت ۋە قىلمىشلار مىللەتنى ئوتتۇرا ئەسىردىكى جاھالەت يولىغا باشلىسا باشلايدۇكى خەلقىمىزگە ياخشى ئىستىقبال ئېلىپ كەلمەيدۇ، بۇ تارىخىي تەجرىبە - ساۋاقلارنى ھەر ۋاقىت ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز لازىم.

2016 - يىلى 10 - مارت

---

ئاپتورى: ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى

# تەڭرىتاغ چالغۇلىرى، يىپەك يولى كۈيلىرى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت تەتقىقات ئورنى ئويۇشتۇرغان شىنجاڭ مىللىي چالغۇلىرى كۆرگەزمىسىدىن كۆرۈنۈشلەر

(ئۈرۈمچى ـ شىنلىڭ ـ لەنجۇ ـ يىنچۇەن ـ شىئەن ـ جېڭجۇ)






















ئاقتاش ئېكولوگىيەسى

ھوشۇرجان ئىسھاق فوتوسى

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2016 - يىلى 3 - سان (ئومۇمىي 339 - سان)
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008-6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65-1073/I
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب ئىمپورت - ئېكسپورت (گۇرۇھى) باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
چەت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM
مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى شىنخۇا جەنۇبىي يولى 11 - نومۇر ۋەنگو سارىيى 10 - قەۋەت
پوچتا نومۇرى: 830000 تېلېفون نومۇرى: (0991)2856942
باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58 - 22 باھاسى: 8.50 يۈەن

《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊

主管单位：新疆维吾尔自治区文化厅
主办单位：新疆维吾尔自治区艺术研究所
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008-6498
国内统一刊号：CN65-1073/I
海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部
代理者地址：中国北京朝阳区工体东路16号
P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Beijing 100020, China
海外发行代号：6498BM
发行范围：国内外发行
地　址：新疆乌鲁木齐市新华南路11号万国大厦10楼
邮　编：830000 电话：（0991）2856942
印　刷：《新疆日报》印务中心
发　行：乌鲁木齐市邮局
订　阅：全国各地邮局

邮发代号：58-22 定价：8.50元